[ئىراق] موسا موساۋى

# ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە

## — كىندىدىن ئىبن رۇشىدقىچە

تەرجىمە قىلغۇچى: داۋۇت ئوبۇلقاسىم

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

بۇ كىتاب سودا نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1997 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据商务印书馆 1997 年 1 月第 1 版,1997 年 1 月第 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر

مەسئۇل كوررېكتورى: غەيرەت ئەيسا

# ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە

## — كىندىدىن ئىبنى رۇشدىقىچە

[ئىراق] موسا موساۋى

تەرجىمە قىلغۇچى: داۋۇت ئوبۇلقاسىم

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)

شىنخۇا كىتابخانىلىرى ئارقىلىق تارقىتىلدى

شىنجاڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 9

2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 0001 — 5000

ISBN 7 — 5631 — 1406 — 8/G • 803

باھاسى: 13.50 يۈەن

# سۆز بېشى

مەزكۇر كىتاب ئىسلام دۇنياسىدا كامالەت تاپقان پەلسەپە توغرىسىدا خېلى ئەتراپلىق ۋە ئورۇنلۇق مەلۇمات بەرگەن ئەسەر بولۇپ، مەدەنىيەت ئورتاقلىقى تۇپەيلى بۇنداق بىرەر ئەسەر بىزگە تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. شۇڭا بەك كېچىككەن بولسىمۇ بۇ ھەقتە ئەرزىگۇدەك ماتېرىيال تەييارلاش مەقسىتىدە مەزكۇر ئەسەرنى خەلققە سۇندۇم. ئۆزۈم غەرب ئۇقۇملىرى ئاساسىدىكى مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقىم ئۈچۈن، مەزكۇر ئەسەر بايان قىلىنىۋاتقان سىستېمىدىكى ئۇقۇملارنى ئەينى مەنىسى بويىچە ئىپادە قىلىشتا قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسامۇ، بۇ جەھەتتە سەۋەنلىكنىڭ بولۇشى چوقۇم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەرجىمە جەھەتتىكى خاتالىقتىن كۆرە بۇ جەھەتتىكى خاتالىققا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىش بىلەن بىرگە مۇشۇ مۇكەممەلسىزلىك ئۈچۈن ئۆزرە سورايمەن.

كىتاب ئەسلى «ئەرەب پەلسەپىسى» دېيىلگەن ئىكەن. بۇ نام ئاپتور تەرىپىدىن قويۇلغانمۇ ياكى خەنزۇچە تەرجىمان تەرىپىدىن قويۇلغانمۇ بۇنىسى ئېنىق ئەمەس، لېكىن ئۇلارنىڭ نىيىتى كۆزدە تۇتۇۋاتقانلىقى، نىيىتى يازغانلىقى ئېنىق. شۇڭا مەنچە بولغاندا كىتابنىڭ نامى «مۇسۇلمانلار پەلسەپىسى» دېيىلگەن بولسا ئەڭ دۇرۇس بولاتتى، چۈنكى بىرىنچىدىن، كىتاب مەزمۇنى قانداقتۇر بىرەر مىللەت نۇقتىسىدىن ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا مەۋجۇت بولغان پەلسەپە نۇقتىسىدىن تاللانغان، ئىككىنچىدىن، غەربلىكلەر يېقىنقى دەۋرلەردە ئىلمىدە نوپۇزلۇق سانالدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە ۋەھاكازالىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارنىڭ ئەرەب تىلىنى دۇنياۋى تىل، ئىلىم تىلى قىلغانلىق ئالاھىدىلىكىگە يۆلەپلا ئەرەب مەدەنىيىتى، ئەرەب

ئىدېئولوگىيىسى دەپ ئومۇملاشتۇردى. شۇڭا روھىي سۈپەت ئاساسىدىكى ئاتالغۇنى «ئەرەب» دېگەندەك تومتاق ئاتالغۇدا ئاتاشقا كۆنۈش روشەن ھالدا ئايىنىغانلىق بولاتتى. ئەلۋەتتە بۇ پەلسەپىنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرىدىن بىرى بولمىش بىزلەرگە مۇنداق خاھىشقا يول قويۇش مۇتلەق دۇرۇس بولمايدۇ. مۇشۇنداق بىر رېئاللىق سەۋەبىدىن «ئەرەب پەلسەپىسى» دېگەن بۇ نام مەيلى كىم تەرىپىدىن قويۇلغان بولسۇن، مەزكۇر ئەسەرگە مۇناسىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلىدىم.

توغرا، كىتاب «ئىسلام پەلسەپىسى» دېيىلگەن بولسىمۇ بولاتتى. ئەمما بۇ تازا جايىغا چۈشمەيدۇ، چۈنكى ئىنچىكىلىگەندە، ئىسلام پەلسەپىسى ئىسلام دەپ ئاتالغان بىر ئىدىيىۋى سىستېمىدىكى يەنى «قۇرئان» دىكى پەلسەپىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ كىتابتا مۇسۇلمانلارنىڭ كاللىسىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىۋاتقان پەلسەپە تونۇشتۇرۇلىدۇ. پەقەت ئۇ ئىسلام پەلسەپىسىنى چۈشەندۈرۈش خاسىيىتى بىلەنلا «ئىسلام پەلسەپىسى» دېگەن بۇ نامنى ئېلىشقا سالاھىيەتلىك بولىدۇ. يۇقىرىقىدەك خاتالىققا پرىنسىپال مەيداندا يول قويماسلىق بىلەن بىرگە، ئەسلى ئەسەرنىڭ نامىغا ئېتىبار بېرىش ئۈچۈن غەربلىكلەر قويۇپ بەرگەن ئاتالغۇنىڭ قېلىپلاشقان شەكلىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «ئەرەب تىلىدا يېزىلغان پەلسەپە» دەيدىغان ھەق مەنىسىنى قولاشمايراق تۇرسىمۇ بۇ كىتابقا ئىسىم قىلىپ تاللاشنى مۇۋاپىق تاپتىم. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى سورايمەن.

— تەرجىماندىن



# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب كىرىش سۆز 1
1. پەلسەپە دېگەن نېمە؟ ........................ 1
2. پەلسەپىنىڭ خۇلاسىسى ........................ 4
3. پەلسەپە ئېجتىماتىنىڭ تېمىسى ........................ 7
4. پەلسەپىنىڭ مەنىسى ........................ 8
5. پەلسەپە ئاتالغۇسىنى زادى كىم تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن؟ ........................ 9
6. پەيلاسوپلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ........................ 16
7. پەيلاسوپ بولۇشنىڭ شەرتلىرى........................ 24

ئىككىنچى باب گرېك پەلسەپىسىنىڭ شەرققە يۆتكىلىشى ........................ 27
1. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈشىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى ........................ 27
2. زۇلقەرنەين مەدرىسى ........................ 29
3. ئەنتاجىيا، رۇخ، ناسىبىنە مەدرىسى........................ 31
4. ھەرران مەدرىسى ........................ 32
5. روندىشاپور مەدرىسى ........................ 32
6. قەدىمكى شام تىلىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى ........ 34
7. ئۇمەۋىيا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەرەب تىلىدا بولغان تەرجىمە پائالىيىتى........................ 35
8. ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى تەرجىمە

پائالىيىتى ...... 36
9. مەشھۇر تەرجىمانلار ...... 39

**ئۈچىنچى باب ئىسلام كالامىيىتى ...... 42**
1. كالامىيەت ...... 42
2. مۇتەزىلىيلەر مەزھىپى ...... 43
3. مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى ...... 44
4. ئەشئەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ...... 50
5. ئەشئەرىيىنىڭ تەلىماتى ...... 55

**تۆتىنچى باب كىندى ...... 61**
1. ئەرەبلەردىن بولغان تۇنجى پەيلاسوپ ...... 61
2. كىندىنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش ...... 73
3. كىندى تەلىماتىدىكى ئەسلى ئەسەرلەردىن ئارىيە ...... 78

**بەشىنچى باب رازى زەكەرىيا ...... 83**
1. مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ جالۇنۇسى ...... 83
2. رازى تەلىماتىدىكى ئەسلى ئەسەرلەردىن ئارىيە ...... 90

**ئالتىنچى باب فارابى ...... 94**
1. «ئىككىنچى ئۇستاز» ...... 94
2. «ئىككى پەيلاسوپنىڭ قاراشلىرىغا مۇرەسسە» ...... 107
3. «ئېسىلبالىق ئاھالىسى» توغرىسىدىكى قاراشلار ...... 113



4. فارابىنىڭ «ئاينىپ كېلىش پەلسەپىسى» ...... 116
5. فارابىنىڭ «ئېسىلبالىق» پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى ...... 120
6. فارابىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىدىن ئارىيە ...... 123

**يەتتىنچى باب سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ...... 128**
1. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە پەلسەپۋى ئەسەرلەر ...... 128
2. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلسەپۋى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ...... 141
3. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلسەپۋى ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندە ...... 150

**سەككىزىنچى باب ئىبن سىنا ...... 156**
1. ئىبن سىنا ۋە سىنا تەلىماتى ...... 156
2. ئىبن سىنانىڭ پسىخولوگىيىسى ...... 162
3. ئىبن سىنانىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى ...... 174

**توققۇزىنچى باب غەززالى ...... 181**
1. غەززالى ۋە ئۇ ياشىغان جەمئىيەتنىڭ سىياسى مەدەنىي تۇرمۇشى ...... 181
2. غەززالىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى ...... 192
3. غەززالىنىڭ پەلسەپۋى قاراشلىرى ...... 204
4. غەززالى پەلسەپۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن ئارىيە ...... 213
5. مەغرىب ۋە ئاندالۇسىيىدىكى ئىدىيىۋى تۇرمۇش ...... 217

**ئونىنچى باب ئىبن باجە ...................... 221**
1. زاراگوزالىق پەيلاسوپ ...................... 221
2. «تەۋھىدچىلەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش» ...................... 225
3. «ھايات ۋە مامات» ...................... 230

**ئون بىرىنچى باب ئىبن تۇفايل ...................... 237**
1. ھايات پائالىيەتلىرى ...................... 237
2. «ھەييە بىننى يەقزان» ۋە ئىشراقىيە پەلسەپىسىنىڭ سىرى ...................... 241
3. ئىبن تۇفايلنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى ...................... 246

**ئون ئىككىنچى باب ئىبن رۇشد ...................... 251**
1. ئىبن رۇشدنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى ...................... 251
2. رۇشد پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخي ئەھمىيىتى ...................... 257
3. ئىبن رۇشد پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ئارىيە...... 272

**قوشۇمچە: ماتېرىيال مەنبەلىرى ...................... 276**



# بىرىنچى باب كىرىش سۆز

## 1. پەلسەپە دېگەن نېمە؟

پەلسەپە دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئېنىقلىمىسى بارمۇ - يوق؟ پەلسەپە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئۇلاسىسى زادى قانداق؟ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرمەك تەس. پەلسەپە دېگەن بۇ سۆزنى تۇنجى قېتىم ئىشلەتكۈچىدىن تارتىپ تاكى زامانىمىزدىكى پەيلاسوپلارغا كەلگۈچە ئارىلىقتا، پەلسەپىگە بېرىلگەن ئېنىقلىما باشقا ئىلىمپەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەڭ كۆپ دېيىشكە بولىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئېنىقلىمىسى 20 نەچچە خىل، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە جۈملە تۈزۈلۈشىمۇ خىلمۇخىل ھەتتا بەزىدە ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق ھەرگىز بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىمەيدۇ.

پەلسەپە دېگەن بۇ سۆزنىڭ بىر قەدەر مۇۋاپىق ئېنىقلىمىسىنى بەلكىم فرانسىس بېكون ئوتتۇرىغا قويغان بولسا كېرەك. ئۇ، پەلسەپە ئەقىلنىڭ دەسسىشىدىن ئۆتكەن بىلىم، دەپ قارىغان. گەرچە بۇ ئېنىقلىما بەكلا ئاددىي بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئادەمنى ئويلاندۇرىدۇ. بولۇپمۇ، پەلسەپە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى V ئەسىردىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىگە يۈكلەپ قويۇلغان بەك كەڭ ۋە كالامپاي ئۇقۇمدىن قۇتۇلۇپ چىققاندىن كېيىن، بۇ خىل قاراش تېخىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى.

بۇ ئېنىقلىمىنى تاللىغانلىق ھەرگىز ئۇنىڭ پەلسەپىنىڭ ئەڭ

مۇكەممەل، ئەڭ پاساھەتلىك ئېنىقلىمىسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن باشقا ئېنىقلىمىلارنىمۇ تەتقىق قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا تەتقىق قىلغۇچىدا مەزكۇر ئىلىمغا نىسبەتەن خاس ئۇقۇم شەكىللىنىدۇ.

ئەمدى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى پەيلاسوپلارنىڭ شەرھىيسى ئاساسىدا، پەلسەپە پەيدا بولغاندىن تارتىپ ئوتتۇرىغا چىققان ئېنىقلىمىلارنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىمىز:

1. سوقرات: پەلسەپە «ياخشىلىق» تۇغقۇچى شەيئىلەرنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى ئەقىل بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. يەنى تەبىئەتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ سىستېمىسى ۋە مۇكەممەللىكىنى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش پرىنسىپى ۋە ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

2. ئەپلاتون: پەلسەپە بارلىق شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ۋە ماھىيەتتىكى مۇكەممەل سىستېمىلىقىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇنجى ئىختىراچىسىنى پەملەيدۇ. پەلسەپە بارلىق پەنلەرنىڭ شاھىن شاھلىق شەرىپىگە داخىلدۇر.

3. ئارىستوتېل: پەلسەپە ئۇنىۋېرسال ئىلىم، ئۇ بارلىق ئىلىملەرنىڭ تۇتقىسىنى نەزەرگە ئالىدۇ، ئويلىنىدۇ، يەنى شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ سەۋەبى بىلەن تونۇشۇپ، شەيئىلەرنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىنى ۋە دەسلەپكى سەۋەبىنى پەملەيدۇ.

4. ئېپىكۇر: پەلسەپە كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن قانات يايغان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي پائالىيەت.

5. دىئوگېنېس: پەلسەپە كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ لەززىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىدىغان ئىلىم.

6. ئەل كىندى: پەلسەپە كىشىلەردىن شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى



تەرەپلىرىنى ئەمەس، بەلكى، ماھىيەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، يۈزەكى نەرسىلەر چەكسىز بولىدۇ، ئۇنى بىلىمەن دەپمۇ بىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەلسەپە ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىلىملىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان شەۋكەتكە مۇناسىپ. پەلسەپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئىلىملەر ئىچىدە ئەڭ ئالىي شەرەپ پەلسەپىگە مەنسۇپ.

7. فارابى: پەلسەپە بارلىق شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى چىقىش قىلىپ شەيئىلەرنى چۈشىنىدۇ.

8. ئىبن سىنا: پەلسەپە ئىنسان قابىلىيىتىدىن پايدىلىنىپ شەيئىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ ھەم نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقەتلەرنى تەكشۈرۈپ دەلىللەپ، ئىنسان روھىنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

9. ئىبن رۇشد: پەلسەپە ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاش نۇقتىسىدىن شەيئىلەرنى كۆزىتىدۇ.

10. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى: پەلسەپە ئالدى بىلەن ئىلىمنى سۆيۈش دېمەكتۇر، ئاندىن ئىنسانىي قابىلىيەتلەر بىلەن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش، ئاخىرىدا ئىلىمگە مۇناسىپ روھ بىلەن سۆزلەش، ئىش قىلىش دېمەكتۇر.

11. سەدرىدىن شىرازى: پەلسەپە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ھېس قىلىش بىلەن، تەقلىدلەپ ئەمەس، بەلكى رەسمىي مۇنازىرە بىلەن شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىغا كېسىم قىلىپ، ئىنسانىي روھنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتۇر. پەلسەپە ئىنسانىي قابىلىيەت ئاساسىدا ياراتقۇچى ئىلاھنىڭ كۆتكىنىدەك ئاقىلانە سەرەمجانلاش.

12. شىپىزۋالى: پەلسەپە ئادەمنى ئەللامۇ مۇقامىدىكى روھىيەت ئۆلىماسىغا ئايلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە

پەيلاسوپ بەندىنىڭ قابىلىيىتى يەتكىنىچە شەيئىلەرنىڭ ماددىيلىقىنى تونۇتىدىغانلاردۇر.

13. قۇتبىددىن شىرازى: پەلسەپە ئىنسان روھىنى مەزمۇن ۋە ئەمەلىي جەھەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ.

14. دېكارت: پەلسەپە بارلىق ئىلىملەرنىڭ خۇلاسىسى. ئۇ ھەربىر ئىلىمنىڭ تۈپ مەزمۇنىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، مەۋجۇت بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق مەۋجۇتلۇقتىن خەۋەرداردۇر.

15. لوك: پەلسەپە ئىنسان كاللىسىدىكى ئۇقۇملارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

16. كانت: پەلسەپە بىلگۈلۈۋاتقۇچى بىلىش جەريانىدا ئەمەل قىلىدىغان قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

17. فىشىت: پەلسەپە بىر خىل بىلىش سەنئىتى.

18. گېگېل: پەلسەپە ئۆلمەس ھەقىقەتنى تونۇش دېمەكتۇر.

## 2. پەلسەپىنىڭ خۇلاسىسى

پەلسەپىنىڭ ئېنىقلىمىسى كۆپ ھەم بىر - بىرىدىن پەرقلىق. شۇنداقتىمۇ، يەنە ئۇلار بەزى جەھەتتە ئاساسەن ئوخشاش. يەنى پەلسەپە ئەمەلىيەتنىڭ قىبلىنەماسى. پەلسەپە بولغاچقا، ئىنسانلاردا پاراسەت بولغان. ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئىنسانلارنىڭ بارلىق قىممەت ئۆلچەملىرى ئاللىبۇرۇن بەربات بولۇپ، ياخشى - يامانىنىڭ، خۇشاللىق بىلەن ئازابنىڭ پەرقى يوقاپ كەتكەن بولاتتى.

ئەپلاتون مۇشۇ ئاساستا ئۆزىنىڭ « غايىۋى دۆلەت » نى ئاپىرىدە قىلدى. فارابى ئوخشاش بىر مەقسەت ئۈچۈن ئۆزىنىڭ « ئېسىلبالىق » ( پەزىلەتلىك شەھەر ) نى كۆزلەپ يورەك



قېنىنى سەرپ قىلدى. كۆڭ زىننىڭ شەھەر مۇتىۋەرلىرى ئۈچۈن بەلگىلىگەن شەرتلىرىمۇ مۇشۇ بىر خىل ئويىنىڭ ئىلھامى ئىدى.

دېمەك، فرانسىس بېكوننىڭ ئىنسانلارنىڭ بەختى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە باياشاتلىقى ئۈچۈن ھۆكۈمران چوقۇم پەيلاسوپلاردىن تاللىنىشى كېرەك، دەپ كەسكىن ۋە قەتئىي تۇرۇۋېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس بولۇپ قالدى. تارىخچىلار فىلىپ ماكېدونىسكىنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر ( ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ) نى پەلسەپىدە ئوقۇتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ، ئاتىسىنىڭ گېپىچە بولغاندا ، «ئىسكەندەرنىڭ مەن قىلغان ئەپسۇسلىنارلىق ئىشلارنى قايتا قىلىپ سالماسلىقى ئۈچۈندۇر».

پولتاك ئۆزىنىڭ «ھايات ۋە خاتىرە» ناملىق ئەسىرىدە شۇنداق دەيدۇ: «ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دېگەنكى: ئاتام ماڭا جان ئاتا قىلدى، ئارىستوتېل بولسا ياشاشنى ئۆگەتتى.» بۇگەپتىن مۇنداق بىر گېزىك ماقالى پەيدا بولغان: «جان تەبىئەتنىڭ ئىلھامى، مەنىلىك ھايات پەلسەپىنىڭ ئىنئامى.» مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇننى بىز يەنە دىئوگېنېسنىڭ[1] مەن تۇغۇلۇشتىنلا پەلسەپىچى ئەمەس ئىدىم دەيدىغان بىرسى بىلەن قىلغان سۆھبىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ئۇ مەزكۇر كىشىگە شۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا سىز يېتۈك ياشاشنى ئويلىمىسىڭىز بۇ دۇنيادا يەنە نېمىشقا ياشايسىز؟»

دىئوگېنېس ھەقىقەت ئارىسىغا شۇنداق چۆككەنكى، پەلسەپىۋى پىكىرلەر ئۇنى تاۋلاپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ئېلىپ چىققان. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ تەسىرىگە قانچىلىك

---

① دىئوگېنېس سىينىك مەزھىپىدىكى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ بىرى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن نام ئالاشقۇدەك دەرىجىگە يەتكەن. گرېتسىيىدە بۇ ئىككىيلەندىن مەشھۇر ئادەم يوق بولۇپ، ئۇلار بىر كۈندە ئۆلگەن. ئەمما، ياش ئىمپېراتور ئۆلگەندە ئەمدە تېخى 33 ياش، دىئوگېنېس 90 ياش ئىدى. بۇ پەيلاسوپ سىينىك پىرى ئەنتىستېنېستىن تەلىم ئالغان.

دەرىجىدە ئۇچرىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، بىز ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلىرىنى باشلاپ كىرىنىستا ئۇنى يوقلىغاندا، ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان سۆھبەتنىڭ خاتىرىسىگە قاراپ باقايلى:

ئەينى چاغدا بۇ پەيلاسوپ بۇ ئۇلۇغ زىيارەتچىگە ئېتىبار قىلىپ كەتمىگەن بولۇپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كەلگەندە ئۇ قۇملۇقتا يېتىپ ئاپتاپ سىنىۋاتاتتى، ئۇ پېتىنى پەقەتلا بۇزماي ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بىلەن سۆھبەتلەشتى. تارىخ شۇنچىلىك دەبدەبە ۋە ھۆرمەتلەر بىلەن بۇ قىسقىغىنە دىئالوگنى خاتىرىلەپ قالدۇردى:

— مەن ماكېدونىيىدىن كەلگەن ئۇلۇغ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولىمەن.

— مەن سىنىك (Cynic) مەزھىپىدىن، ئىسمىم دىئوگېنېس.

— قانداق ھاجىتىڭىز بولسا دېگەن يېرىڭىزدىن چىقسام دەيمەن.

— ئادەملىرىڭىزنى نېرى قىلىپ ئاپتىپىمنى توسمىسىڭىز، تەلىپىم شۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە يېقىن تۇرغان ۋەزىرلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۇلۇغ داھىيسىنىڭ « ناۋادا مەن ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولمىغان بولسام، ئۇنداقتا، دىئوگېنېس بولار ئىكەنمەن» دەپ پىچىرلىغىنىنى ئاڭلىغان.

دىئوگېنېس ئۆلۈپ ئالاھەزەل بىر ئەسىردىن كېيىن، ئېپىكۇر① پەلسەپىنى مۇنداق سۆز بىلەن تەسۋىرلىگەن: «ياشلار پەلسەپىگە قانمايدۇ، چوڭلار پەلسەپىدىن زېرىكمەيدۇ. چۈنكى،

① ئېپىكۇر — مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 341 - يىلى ساموس ئارىلىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 35 يېشىدا ئافىنانىڭ ئەترابىدا ئۆزىنىڭ مەشھۇر مەدرىسىنى قۇرۇپ، ئەر - ئايال ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلغان. «مەرىپەت ياكىتلىرى» VII توم، 169 - بەت.



ھەرقانداق ياشتىكى ئادەم ئۆزىنى قەدىرلىشى، ئۆزىنى سۆيۈشى لازىم. پەلسەپىنى ئىشلىتىشنىڭ مەزگىلى كەلمىدى ياكى ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىك ئەمەلىيەتتە، خۇشاللىقنى ئىزدەشنىڭ مەزگىلى كەلمىدى ياكى ئۆتۈپ كەتتى دېگەنلىكتۇر.»

## 3. پەلسەپە ئىجتىھاتىنىڭ تېمىسى (تۈتقىسى)

پەلسەپىدە بىر نەچچە تېما (تۈتۈم) بار. لوگىكا، ئەمەلىي ئېتىكا، ئېستېتىكا، سىياسىي ۋە مېتافىزىكا ئەنە شۇ تۈتۈملارنىڭ رەسمىي ئاتالمىسى.

1. لوگىكا: ئۇ تەپەككۇر، ئىزدىنىش، كۆزىتىش، قانۇنىيەتلەش، يىغىنچاقلاش، پەرەز قىلىش، ئاجرىتىش، ئانالىز قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ لوگىكا تەپەككۇرنى خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلاپ، بىر تەرەپ قىلىش مۇمكىنچىلىكى بار تەپەككۇر مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىدۇ.

2. ئەمەلىي ئېتىكا: ئۇ مەۋجۇتلۇق غايىسىگە قارىتىپ قىلىنغان تەتقىقات، يەنى كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىدۇر. سوقرات: «ھاياتلىقتىكى ئەڭ يۇكسەك بىلىم ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى بىلىش يەنى كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىنى ئىگىلەشتۇر» دەيدۇ.

سوقرات شېنوفوننى ھاسىسى بىلەن توسۇپ ئۇنىڭدىن بىر بۆلۈك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنىڭ نەدە سېتىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. شېنوفون دەپ بەرگەندىن كېيىن، سوقرات ئۇلاپلا: نەدە بارماقتا توختىغۇدەك ئېسىل ئادەمنى ياسايدۇ؟ دەپ سوراپتۇ. شېنوفون داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سوقرات ئۇنىڭغا: ماڭا ئەگەشكىن، مەندىن ئۆگەنگىن دەپتۇ.

3. ئېستېتىكا: ئۇ بىر كۆرسەتمىلىك پەلسەپە بولۇپ، پسىخولوگىيە، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئېستېتىك تۇيغۇنى تەتقىق قىلىدۇ. ئېستېتىكىنى سەنئەت پەلسەپىسى دېيىشمۇ بولىدۇ. ئېستېتىكا ئىنسانغا خۇشاللىق ۋە ئازاب ئەكېلىشنىڭ ئېستېتىك تارازىسىنى ۋە گۈزەللىك، رەزىللىكنىڭ ئۆلچىمىنى تەتقىق قىلىدۇ.

4. سىياسىي: ئۇ ئىجتىمائىي تەشكىللەرنى تەتقىق قىلىدۇ، ھەرگىز بەزىلەر تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ھوقۇقنى قولغا ئېلىش ۋە ھوقۇقنى ساقلاش ھەققىدىكى ئىلىم ئەمەس. مۇستەبىت تۈزۈم، ئاقسۆڭەكلەر ھاكىمىيىتى، دېموكراتىزم، سوتسىيالىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى سىياسىينىڭ تەتقىقات دائىرىسىگە مەنسۇپ.

5. مېتافىزىكا: ئۇ پەلسەپىنىڭ باشقا تۇتۇملىرىغا ئوخشىمايدۇ، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەقىقىتىنى، يەنى تەبىئەتنىڭ تۈپ ھەقىقىتىنى، ئەڭ ئالىي مەۋجۇتلۇقنى تاپقۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئىنساننىڭ ھېسسىي ۋە ئەقلىي بىلىش جەريانىدىكى روھ بىلەن ماددا ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ھەل قىلىدۇ.

## 4. پەلسەپىنىڭ مەنىسى

پەلسەپە دېگەن بۇ ئاتالغۇ گرېك تىلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىككى بۆلەكتىن تۈزۈلگەن. ئالدىنقى بۆلەك «fil o s» «ياقتۇرۇش، ياخشى كۆرۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كېيىنكى بۆلەك «s o fia» «ئەقىل ـ پاراسەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، پەلسەپىنىڭ مەنىسى دانالىق سۆيگۈسى دېمەكتۇر.



يەنە بىر خىل قاراشتا، ھېرودوت بىرىنچى بولۇپ «پەلسەپە» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئافىنالىق قانۇنشۇناس سولون بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىدە بۇ ئاتالغۇنى تىلغا ئالغان. مەزكۇر سۆھبەتتە پەلسەپە شەخسىي غەرەزدىن، ئەمەلىي مەنپەئەتتىن خالىي ھالدا بىلىم ئېلىش مەنىسىدە كەلگەن. يەنە تارىخچى تاشتۇس بۇ سۆزنى ئىشلەتكەن. لېكىن بۇ سۆزنى تۇنجى قېتىم رەسمىي ئىشلەتكەن ئادەم پىفاگور. ئۇ پەلسەپە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەيدۇ دەپ قارىغان. سىسېرو مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 42 ـ يىلى مۇنداق يېزىپ قالدۇرغانىدى: پىفاگور ئېيتىدۇركى، پەقەت ئاز ساندىكى كىشىلەرلا ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەيدۇ ۋە پۇل مالغا دۈم چۈشمەيدۇ، ئەكسىچە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىگە تەلمۈرۈپ تۇرىدۇ. ئەنە ئاشۇلار پاراسەتنى سۆيىدىغانلاردۇر، يەنى پەيلاسوپلاردۇر.

## 5. پەلسەپە ئاتالغۇسىنى زادى كىم تۇنجى قېتىم ئىشلەتكەن؟

گەرچە تارىخچىلار بىردەك پەلسەپە ئاتالغۇسىنىڭ ئەسلى مەنبەسى گرېك تىلى بولۇپ، كېيىنچە بىزگە ئومۇملاشقان دەپ ھېسابلىسىمۇ، لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن پەلسەپە دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئالدى بىلەن گرېكلەر ئىشلەتكەن ياكى ئۇلار بۇ ئاتالغۇنى پىششىق ئىگىلىگەن دەپ قارىساق، بۇ تولىمۇ ئەخمىقانىلىق بولىدۇ.

گرېك ئىدېئولوگىيىسى تېخى يېتىلىۋاتقان چاغلاردا، شەرق مەرىپىتى ئاللىقاچان جۇلالىنىپ، شەرەپ قۇچۇپ، گرېكلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە ئىلھام بېرىدىغان، يورۇقلۇق بېرىدىغان مەنبەلەرگە ئايلانغانىدى. شەرق مەرىپىتى پەلسەپىۋى پىكىرلەرگە

تولۇپ 2000 يىلدىن كېيىن، غەربتىن پىفاگور چىقىپ ئاندىن پەلسەپە دېگەندەك گەپلەرنى ئىشلىتىشكە باشلىدى. ھەتتا شۇنداق دەلىل كەلتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەيسا دۇنياغا كېلىپ ئىككى ئەسىردىن كېيىن ئۆتكەن دىئوگېنېس لارشىق ھەر قايسى مەشھۇر پەيلاسوپلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسى خاتىرىلەنگەن بىر ئەسەر يازغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىدە مىسىر ۋە شەرق پەلسەپىسىنى تىلغا ئالغان ۋە پەلسەپىنىڭ دۇنياغا كېلىشىنى قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتىنىڭ شاھانە مىراسى دەپ بىلگەن. بۇ خىل قاراش نۇرغۇن ئالىملارنىڭ تەستىقىغا ئېرىشكەن بولۇپ، شۇنىڭلىق بىلەن بىرلىككە كەلگەن پىكىر يەنى قەدىمىي شەرق گىرېتسىيىدىن بۇرۇن باي ۋە سەلتەنەتلىك مەرىپەتنى يارىتىپ ئۆتكەن دېگەن خۇلاسە كېلىپ چىققان. بۇ مەرىپەت تويۇنغان ئەمەلىي پەنلەر ۋە بىباھا دىنىي تەتقىقاتلارنىڭ مېۋىسى ئۇستىگە قۇرۇلغان. ھەتتا پەن توغرىسىدا گەپ بولغاندا بىز مىسىرلىقلارنىڭ ماتېماتىكا، مېخانىكىنى ئەڭ بالدۇر بەرپا قىلغانلىقىنى، خىمىيىنى كەشىپ قىلىپ تېبابەت ئىلمىنى شەكىللەندۇرگەنلىكىنى تىلغا ئالىمىز. يەنە يېزىق توغرىسىدا گەپ بولغاندا، يېزىقنى بىرىنچى بولۇپ مىسىرلىقلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى، كۇتۇپخانىلارنى قۇرۇپ كىتابخانىلار ئاچقانلىقىنى دەيمىز. بىز بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىزنالىرىنى 6000 يىللىق تارىخقا ئىگە مىسىر ئېھراملىرى مومىيالىرىدىن ھازىرمۇ ئاندا ـ ساندا كۆرۈپ قالىمىز. ھەممىگە روشەنكى، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا قەدىمىي مىسىرلىقلار جەسەتلەرگە ئىشلەتكەن چىرىش، سېسىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ماددىنىڭ ئىزىنى باسقۇدەك ماددىنى ھازىرغىچە تاپالمايۋاتىدۇ. يەنە ئالىملار گەرچە تەجرىبە ئۇسكۇنىلىرى بىر ـ بىرىدىن ئىلغار زور كۆلەملىك



تەجرىبىخانىلاردا تۇرسىمۇ، يەر شارى ۋە چەكسىز سامانيولىنىڭ ئىچكىرى يەرلىرىدىكى توپا ـ توزانلارنى بايقايدىغان زىل پەننىي ئۇسكۇنىلەرگە ئىگە بولسىمۇ يەنىلا مىسىرلىقلار ئەينى چاغدا قانداق ماددا بىلەن مومىيا ياسىغانلىقىنى تاپالمىغانلىقىغا تەن بېرىپ يۈرمەكتە.

ئەلۋەتتە، قەدىمىي شەرق مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى پەقەت مىسىرلا ئەمەس. بابىلۇنلۇقلار، چالدىلىقلارمۇ پلانېتلارنى تەتقىق قىلىپ ئاسترونومىيىنى بەرپا قىلغان. دىنىي نەزەرىيىلەرنىڭ ئۆرە بولۇشىغا كەلسەك، شەرق غەربتىن تېخىمۇ ئالدىدا. دەلىل شۇكى، قەدىمىي شەرقلىقلەر بىزگە ئىلاھىي سۈپەت، ياخشى ـ يامان ۋە تەقدىر ھەققىدىكى ئاقىلانە قاراشلارنى قالدۇرغان. كېيىن يۇنان پەيلاسوپلىرى ئارىسىدا قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغان نەرسىلەر دەل مانا مۇشۇ قاراشلارنىڭ ئىنكاسى.

3300 يىل بۇرۇنقى مىسىردا كۆپ ئىلاھلىق دىن تازا ئەۋج ئالغان مەزگىللەردە، ئاسناتون VI[①] بىر ئىلاھ تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئەينى مەزگىلدە دەۋر سۈرۈۋاتقان «ئامىن» دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئامىن دىنى كاھىنلىرىنىڭ چىرىكلىكىگە ئۆكتە قوپىدۇ، بارلىق ئىلاھلارغا ھۇجۇم قىلىدۇ ۋە بىر ئىلاھلىق دىنغا مەدھىيە ئوقۇيدىغان ئوتلۇق شېئىرلارنى يازىدۇ.

ئېتىقادىنى ئۆزگەرتكەن بۇ پادىشاھ تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيە شېئىرى يېزىپ، بىر ئىلاھ ۋە ئۇنىڭ تەڭداشسىز ئوبرازىنى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇ كەسكىن ھالدا ئۇ ئىلاھ دەل قۇياش ئىلاھى «ئاتون» دەپ ئېلان قىلىدۇ. چۈنكى، قۇياش يورۇقلۇق ۋە زېمىندىكى بارلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى. تۆۋەندىكى پارچە

① مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1375 ـ يىلى ئاسناتون ئاتىسى تىتمىس II نىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ تەختكە چىقىپلا ئامىن دىنىدىن يۈز ئۆرىگەن. بۇ ياش پادىشاھنىڭ تۇرمۇشى ساپلىق، سادىقلىقنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ، كاھىنلارنىڭ ئىستىلى ۋە چىرىك قىلمىقلىرى ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغىغان. ئۇ باتۇرلۇق بىلەن ئىلاھلار ۋە ئامىن دىنىنىڭ بارلىق قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىر خىل چىرىك ئېتىقاد، دۇنيادا پەقەت بىرلا ئىلاھ بار دەپ جاكارلىغان.

قولىمىزدا بار بولغان قەدىمىي مىسىر ئەدەبىياتىنىڭ بىر گۆھىرى ھېسابلىنىدۇ:

بىپايان ئالەم لېۋىدە، تەڭداشسىز ھۆسن ـ جامالىڭ،
ئى ئۆلمەس ئاتون!
ھاياتنىڭ بۇلىقى ئۆزۈڭ.
يېنىشلاپ پارلىساڭ شەرق ئۇپۇقىدىن،
قاپلار تامام زېمىننى شەپەق نۇرلىرىڭ.

ئاھ ئاتون!
ئىجاد ئەتتىڭ مەي ھەم ئانىلىق ئۇرۇقىنى،
ئاھ ئاتون! بەردىڭ لەختە قان ھاسىلغا ھاياتنى.
بەردىڭ ئاڭا يېتەرلىك بەرنا ئوزۇقنى،
قورساقتا جىم ـ جىملا چوڭلاپ كېلىشىنى.

ئاھ ئاتون!
سەن ئۇلۇغ بىرلا ئىلاھسەن،
سەندە بار ئاشۇنداق غايەت بىر قۇدرەت.
سەن پەقەت بىردىن ـ بىر مەۋجۇت چېغىڭدا،
يارىتىسەن ئۆزۈڭچە، ياراتتىڭ زېمىن، ھاياتنى.

ئەي ئۆلمەس ئىلاھ!
بۈيۈك نېمانداق سېنىڭ يارىتىشىڭ،
سەن پەقەت سەنلا!
ئۆلمەس ئاتون ئوبرازى، چاچىسەن خۇشنۇر.
ئۇچىسەن، نۇر چاچىسەن، قايتا كېلىسەن،
سەن پەقەت سەنلا،
ئىجاد ئېتىسەن تۈرلۈك ماددىنى.



ئالقىنىڭدا ھامان ـ ھامانە،
ياشىغان نى ـ نى قەۋم، شەھەر ھەم دۆلەت.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

پېرسىيىدە زورو ئاستىر دىنى ئىككى مەنبەچىلىك پەلسەپىنى ئوتتۇرىغا قويدى، يەنى مەۋجۇتلۇق ئىككى قىسىمغا يەنى ياخشى ۋە يامان، قۇت ۋە جۇتقا ئايرىلىدۇ، دېدى. كېيىن زورو ئاستىر دىنىنىڭ پەلسەپىسىگە دىنىي تۈس قوشۇلدى. ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتى پارسلارنىڭ كالىلىسىنى بىر مۇنچە ئەسىر ئىسكەنجىگە ئالدى. «ئاۋېستا» ناملىق ئەسەر ھازىرمۇ يەنىلا ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇيدىغان ئەسەردۇر.

نېمىس پەيلاسوپى نىچشى ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قارىشىنى بايان قىلىش ئۈچۈن، زورو ئاستىرنىڭ نامى بىلەن ئەزەلدىن ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان تەسىرىنى پەيدا قىلىپ، «زورو ئاستىر مۇنداق دېگەن» دەپ ئالىدۇ.

شەرق مەدەنىيىتى ھەرگىز پېرسىيە، مىسىر ۋە بابىلون بىلەنلا چېگرالىنىپ قالمىغان، ھىندىستاندىمۇ مول پەلسەپىۋى تەپەككۇر بار ئىدى، بىز بۇنى «ۋېدا قەسىدىسى»[①] دىنلا كۆرۈۋالالايمىز.

مەزكۇر ئەسەر مىلادىيەدىن 2500 يىل ئىلگىرى بىر بۆلۈك ھىندى مۇتەپەككۇرلىرى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇ ھىندىلار ئۈچۈن ھازىرمۇ مۇقەددەس كىتاب ھېسابلىنىدۇ. كەسىپ ئەھلىلىرى «ۋېدا قەسىدىسى»نى شەرق پەلسەپىسىنىڭ ئاساسىي

① بۇ قەسىدىدە پەلسەپە ۋە ھەقىقەت، ۋىجدان ۋە ئەبەدىي ۋۇجۇدقا مۇنداق مەدھىيىلەر بار:
پارازىتلار ئىستەر ھالاۋەت،
ئۆلۈم يولىغا ماڭار داۋامەت.
ئەمما مەنا دەيدۇ مەڭگۈلۈك،
پەيلاسوپقا ياقماس كۆپۈك بەت.
پاراۋەردۇر لەززەت، پەزىلەت،
پەيلاسوپلار ئايرار ھەر جەھەت.
پەيلاسوپقا يارايدۇ پەزىلەت،
نادانلارغا پەقەت شۇ لەززەت.

مەنبەسى دەپ قارايدۇ.

«ۋېدا قەسىدىسى» دىن بىز «پەيلاسوپ» ۋە «پەلسەپۋى پىكىر» دېگەندەك گەپلەرنىڭ كۆپ ئۇچرايدىغانلىقىنى بايقايمىز. بۇ گرېكلەر ئىشلەتكەن «پەلسەپۋى پىكىر» كېيىن ئۆزگىرىپ «پەلسەپە» بولغان بۇ ئاتالغۇنىڭ شەرق پەلسەپىسىدە ئاللىبۇرۇن ئىشلىتىلگەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. شەرق پەيلاسوپلىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، مەزكۇر ئاتالغۇغا شەرھى قىلىش ھاجەتسىز.

« ۋېدا قەسىدىسى » دە ھىندىلار نەزەرىدىكى ئەڭ بۈيۈك ئىلاھ ـ چاقماق ـ يامغۇر ئىلاھى «ئىندرا» ھەققىدىكى تۇنجى قەسىدىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئىندرا پەيلاسوپ ئۆزۈڭ.» 10 ـ قەسىدىدە چاقماق ـ يامغۇر ئىلاھى ئىندرا تەسۋىرلىنىپ، ئۇ بۈيۈك پەيلاسوپ ئىلاھ دەپ ئاتالغان. 16 ـ قەسىدىدە «ئىندرا»غا قارىتا «مۇقەددەس پەيلاسوپنىڭ ناخشىسى بىلەن سېنى مەدھىيىلەيمىز. ئۇلارنىڭ دۇئاسى سېنى شاد قىلغاي» دېيىلىدۇ.

بىز يەنە «پەلسەپۋى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى «ئۇپانىساد» دېگەن مۇقەددەس دەستۇردىمۇ كۆپ ئۇچرىتىمىز. مەزكۇر ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VIII ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىكى پىكىرلەر ھىندى پەلسەپىسى ۋە دىنىغا 3000 يىلدەك ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەزكۇر قەسىدە ھەققىدە ماركس مۇللېر مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ بىر تەرىقەت، ئۇنى بېسىپ ئۆتكەندە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قابىلىيىتى پەللىگە يېتىدۇ.»

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، «ئۇپانىساد»تىكى قەسىدىلەردىكى پەزىلەت، پەزىلەتسىزلىك ۋە پەلسەپۋى قائىدىلەر توغرىسىدىكى پەلسەپۋى مەزمۇنلار «دىئالوگ» دىمۇ بار، «دىئالوگ» دېگەن بۇ كىتاب ئەپلاتوننىڭ ئۆز ئۇستازى سوقراتنىڭ دېگەنلىرى ئاساسىدا يازغان ئەسىرى.



بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «ئۇپانىساد» قەسىدىسى سوقرات ۋە ئەپلاتون دەۋرىدىن 400 يىل بۇرۇن يېزىلغان. بىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرىمىزگە دەلىل بولىدىغان يەنە مۇنداق نەرسىلەر بار: مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى IV ئەسىردە ياشىغان ئارىستوتىل ھىندىستانلىق پەيلاسوپ بىلەن گرېتسىيىلىك پەيلاسوپنىڭ سۆھبىتى توغرىسىدا گەپ قىلغان، بۇ يەردە دېيىلگەن گرېتسىيىلىك پەيلاسوپ دەل سوقرات ئىدى.

ئارىستوتېلنىڭ ئەينى گېپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ ھېكايەت مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: ھىندىستانلىق پەيلاسوپ ئافىنادا سوقرات بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۆزىڭىزنى پەيلاسوپ دەپ ئاتايدىكەنسىز، ئەمەلىيەتتە نېمە ئىش قىلىدىڭىز؟ دەپ سوراپتۇ. سوقرات جاۋابەن ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغانلىقىنى پەش قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ھىندىستانلىق مەسخىرە قىلىپ: «ھەر قانداق ئادەم دىنغا پىشماي تۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەسىلىلىرىنى بىلىشكە قادىر بولالمايدۇ» دەپتۇ.

يۇقىرىدا بىز تىلغا ئالغانلارنىڭ ھەممىسىنى ھەققانىي دەلىلچىلەر چوقۇم ئېتىراپ قىلىدۇكى، گەرچە شەرق مەرىپىتى گرېك مەرىپىتىگە زور تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، «پەلسەپۋى پىكىر» دېگەن بۇ ئاتالما پىفاگوردىن 2000 يىل بۇرۇن شەرقلىقلەرنىڭ تەپەككۇرىدا ئاللىقاچان ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، تېلېس ۋە پىفاگوردەك گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ گېئومېترىيە بىلىملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مىسىر ياكى ئىراقتىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، پەلسەپە ئاجايىپ تاساددىپىي ھالدا يۇناندا دۇنياغا كەلگەن بولىدۇ، ھەتتا زامانىمىز پەيلاسوپلىرىدىن بېرتراند رۇسسېلمۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيەتلەرنىڭ بىرى دەل مىلادىيەدىن بۇرۇنقى V ئەسىردە

گرېتسىيىلىكلەرنىڭ كاللىسىدا تاسادىپىي باش كۆتۈرگەن ئاشۇ ئۇلۇغ پاراسەت دەپ قارىماي تۇرالمايدۇ.

بېرتراند رۇسسېلنىڭ مۇنداق دېيىشىنىڭ بەلكىم ئاساسى بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، بىز تۇنجى مەۋجۇدىيەتچىلىك پەيلاسوپى پارمېنىدېس قالدۇرغان بۈگۈنگىچە ئىنسانلارنىڭ ئوي - پىكرىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاشۇ كلاسسىك ئىدىيىۋى مەزمۇنلارنى ئويلىغىنىمىزدا ياكى ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىل بىزگە قالدۇرغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى ئويلىغىنىمىزدا، بۇ گرېتسىيىلىكلەرنىڭ ئىنسانىيەت ۋە پاراسەتنى ئىنسانىي تەپەككۇرنىڭ پەللىسىگە ئېلىپ چىقىش جەھەتتە قانچىلىك بۈيۈك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ قالىمىز. بىز شەرقلىقلەر گرېتسىيىلىكلەردىن كېيىن بىر بولسا پەقەت ئۇلارنىڭ پەلسەپە ۋە ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلدۇق، بىر بولسا ئۇلارغا قارشى تۇردۇق. ئەمما، پەلسەپە ۋە ئىلىمدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ساھەدە، تۆھپىلەر ھەقىقەتەن گرېتسىيىلىكلەرگە مەنسۇپ بولۇشى ھەق.

ئۇمۇمەن، ناۋادا شەرق مەرىپىتى گرېك مەرىپىتىگە ئاز بولمىغان تۆھپىلەرنى قوشتى دېيىلسە، ئۇنداقتا گرېك مەرىپىتى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە تۆھپە قوشتى.

### 6. پەيلاسوپلارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى

كىشىلەر پەلسەپىۋى تەپەككۇرنى قانداق قولغا ئالىدۇ؟ شەيئىلەرنى كۆزىتىشنىڭ پەلسەپىۋى ئۇسۇلى قانداق؟ پەيلاسوپلار قانداق ئىشلارنى قىلىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ۋاستىسى ۋە ئەمەل قىلىدىغان تەرتىپى قانداق؟ بۇلار مەزكۇر ماۋزۇدا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلىلەر.



پەيلاسوپلار ئالىملاردەك تەجرىبە قىلىش ئۈچۈن تەجرىبىخانا كېرەك قىلمايدۇ، رەسساملاردەك بوياق ياكى مەدەنلەر بىلەن رەسىم سىزىمەن دەپ ئولتۇرمايدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ خىزمىتىگە ھەمدەم بولىدىغان قورال ئۇقۇم ۋە يېزىقتىن ئىبارەت. ھالبۇكى، ئۇقۇم ۋە يېزىق يەنە ناتىق، شائىر ياكى يازغۇچىلارنىڭمۇ قورالى. ئۇنداقتا پەيلاسوپلارنىڭ بۇ قوراللارنى ئىشلىتىشى باشقىلارغا ئوخشامدۇ؟

بۇ يەردە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇنداق ئۈچ نۇقتا بار:

1. مەقسەت: پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ مەقسىتى — ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىۋاتقان تىلنى رەتلەش ۋە بېيىتىشتۇر. پەلسەپە ئادەتتىكى ئاۋام تىلى بىلەن كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلمايدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى تىلنى رەتلەپ ۋە قايتىدىن تەشكىللەپ، شەيئىلەرگە بولغان تېخىمۇ روشەن ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشتۇر.

2. ئۇسۇل: پەيلاسوپلارنىڭ تىلنى رەتلەش ۋە قايتىدىن تەشكىللەشتە قوللىنىدىغان ئۇسۇلى مۇنازىرە، لېكىن، بۇ ھەرگىز پەيلاسوپلار پەقەت بىر يۈرۈش ئىككى كىشىلىك ئۇچرىشىش بىلەن مەزكۇر رولىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، ئەكسىچە، بۇ تەپەككۇرنىڭ چېنىقىشىدىن ۋە بېيىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ پەقەت مۇنازىرە ۋە تەتقىقات بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇقۇم كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلغاچقا ۋە نۇرغۇن ئەمەلىي مىساللار بىلەن دەلىللەنگەچكە، بارغانسېرى ئۇچۇقلىشىدۇ. تەتقىقات ۋە مۇنازىرە بەلكىم بىر ئادەم بولغاندىمۇ يۈز بېرىۋېرىشى مۇمكىن. شۇڭا پەيلاسوپلار ئۆزى بىلەن ئۆزى بۇ جەرياننى تاماملىشىمۇ مۇمكىن. ناۋادا بۇ خىل مۇنازىرە جىمجىتلا بولىدىغان بىر خىل ئۆز- ئۆزىگە گەپ قىلىش بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا پەيلاسوپ چوڭقۇر ئويلارغا پاتىدۇ.

ھەرقانداق بىر چوڭقۇر ئوي بىر خىل روھىي مۇنازىرىدۇر. شۇڭا پەيلاسوپ ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بەك مۇھىم. چۈنكى، پەلسەپىۋى پائالىيەتنىڭ ئۆزى مەڭگۈ توختاپ قالمايدىغان ئىلگىرىلەش جەريانىدۇر. بۇ خىل ئىلگىرىلەش جەريانىنىڭ ۋاستىسى تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغان مەزمۇننى ئىزدەشتۇر. شۇنداق بولغاندا پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى جاۋاب بېرىش ئەمەس، بەلكى سوئال تاشلاش. پەيلاسوپلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر بىر جاۋاب شەك-شۈبھىسىزكى، بىر يۇرۇش سوئالنىڭ مۇقەددىمىسى.[1] ئەمدى پەلسەپە مۇقەررەر ئىجتىمائىيلىققا ئىگە بولدى. چۈنكى ئىدېئولوگىيىنى ئىپادە قىلىشتا، مۇنازىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، دېمەك، پەلسەپىنىڭ مەۋجۇتلۇقى مۇنازىرىگە باغلىنىدۇ.

شۇڭا پەلسەپە تەتقىقاتچىسى چوقۇم ئۆزى ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ مۇنازىرىسىگە قاتنىشىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. پەلسەپە نۇقتىسىدىن تەنقىدىي مۇنازىرىگە قاتنىشىشقا ئۆزى كۆڭۈل قويمىسا، ئۆتكۈر پىكىرلەرگە چۆممىسە، ئۇنداقتا بىز بۇنداق ئادەمدىن پەلسەپىنى چۈشىنىدۇ دەپ ئۈمىد كۈتەلمەيمىز.

ھەرقانداق ئادەم پەقەت پەلسەپە كىتابىنى ئوقۇش بىلەنلا پەلسەپىنى ئۆگىنەلمەيدۇ، چۈنكى، پەلسەپە كىتابى پەقەت

[1] بۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئۈچۈن بىز سوقرات ئۈچۈن تەزكىرە يازغان كىشى ئېيتقان گەپنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ گەپلەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدا ئوخشاش دېگۈدەكلا، يەنى قارشى تۇرسا قەتئىي ئۇنى باش كۆتۈرۈتكۈزمەيدۇ. ئۇ ھەر قانداق جاۋابنى ئىنكار قىلىدۇ‏يۇ، ئۆزىچە بولغاندا قانداق بولۇشى كېرەكلىكىگە جاۋاب بەرمەيدۇ، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەخلاقتا زەرەر سالىدۇ، تەپەككۇرنى بۇزىدۇ، كۆپ ئەھۋاللاردا ئۆزى چۈشەندۈرمەكچى بولغان ئىدىيىنى ئىلگىرىكىدىنمۇ مۇجمەل قىلىۋېتىدۇ. بىز ھەيۋاتنىڭ سوقرات ئۆزى سورىغان سوئاللاردىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغا قانداق قايىل قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالىمىز. ئۇ: ئىلاھقا ۋاكالىتەن دەيمەنكى، سەن مېنىڭ جاۋابىمغا قۇلاق سالماستىن، يەنە ئۆز پىكرىڭ ۋە ئادىللىق تارازىلىرىڭنى جاكارلايسەن. سەن مەسخىرە قىلىشنىلا، باشقىلاردىن سوئال سوراشنىلا، ئىنسانىي بولۇمسىزلىقنى پەرقلەندۈرۈشنىلا بىلىسەن، ئەمما ھېچكىمگە بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرمەيسەن ياكى مەلۇم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى قاراشلىرىڭنى جاكارلىمايسەن. مۇنداقلا بولۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ، دەيدۇ.



كۆرسەتمە بېرىدۇ، جانلىق ئىدىيىۋى مۇنازىرىگە قاتنىشىش پۇرسىتى بېرىدۇ.

3. ئۈچىنچى گەپكە كەلسەك، ئۇ باشقا بارلىق ئېلېمېنتلاردىن پەرقلىنىدىغان پەلسەپە ساپاسى ئۈستىدە بولىدۇ. پەلسەپىنىڭ رولى بىر قىسىم تۈپ قاراشلار ياكى تېخنىكا ۋە كەسپىي مۇنازىرىلەرنىڭ ئاساسى بولمىش ئۇقۇملار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتۇر. تۆۋەندىكى مىسال يۇقىرىقى مەسىلىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ: ھەممىگە تونۇش، روشەن ھۆكۈملەر شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ساغلاملىق ئېسىل نېمەت. ئەمما، پەيلاسوپلار بۇ خىل قاراشقا ئېنىق كېسىم قىلمايدۇ. ئېھتىمال ئۇلار مۇنداقراق گۇماندا بولۇشى مۇمكىن: ساغلاملىق نېمەتمۇ؟ ناۋادا ئۇ بىر نېمەت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ساغلاملىق ئېسىل نېمەت دەيدىغان بۇ ھۆكۈم ھەر زامان، ھەر ماكاندا توغرا بولامدۇ؟ ياكى تېخى بەك ئۇچۇق بايان قىلىنمىغان تاشقى شەرتكە بېقىنامدۇ؟ بۇ خىل دەلىللەش قانداق ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ؟ بۇ ھۆكۈمنىڭ توغرىلىقىغا قانداق دەلىللەر بار؟

شۇنداق قىلىپ پەيلاسوپنىڭ مەجبۇرىيىتى، دائىم تەتقىقاتنى تۈپ پرىنسىپ ۋە ئۇ ئاساسلانغان شەرتلەرگە باغلاش ئۈچۈن ئەجىر قىلىش بولىدۇ، ۋەزىپىسى ھەر بىر ساھە ئەقىدىلىرى ئاساسلانغان تۈپ ئاساسنى تېپىپ چىقىش بولىدۇ.

پەلسەپە ساھەسىگە خاس بۇ ئۈچ خىل ھادىسىنى بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمدى بىز باشقا بىر نۇقتىدا تۇرۇپ ئۇنى كۆزىتىپ ئۆتەيلى.

ھەممىمىزگە ئايانكى، پەلسەپىنىڭ سۆز مەنىسى پاراسەت سۆيگۈسى بولىدۇ. بۇ مەنىدىن قارىغاندا كۆرۈۋالالايمىزكى، پەلسەپە ھەرگىز پەلسەپىۋى پىكىرلا ئەمەس ، بەلكى ئۇ،

سۆيگۈنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شۇڭا پەيلاسوپ ھەرگىز سىرتقى مۇھىتتىن ئاجراپ كەتمەيدۇ. ئوتلۇق ھېسلاردىن يىراق، كىشلىك ھاياتتىكى تۈرلۈك ماھىيەتلىك مەسىلىلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئىچىپ بېرىشكە شەخسەن قاتنىشىشتىن ئۆزىنى تارتىپ تۇرغان ئادەم ھەرگىز ھەقىقىي پەيلاسوپ بولالمايدۇ.

«پەلسەپە» نىڭ يەنە بىر بۆلىكى پاراسەت، ئۇنداقتا پەيلاسوپلار سۆيگەن بۇ نەرسە زادى نېمە؟ پەلسەپە بىلەن بىلىم ھەرگىز بىر نەرسە ئەمەس. ھەممىمىزگە ئېنىقكى، ئەڭ بۈيۈك پەيلاسوپ بىلىمى ئەڭ چوڭقۇرلاردىن ياكى بىلىم سەۋىيىسى ئەڭ يۇقىرىلاردىن بولۇشىمۇ ناتايىن. پاراسەت ئۇقۇملارنىڭ ۋايىغا يېتىشىنى، پىكىرنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى، سۇزۇكلۇكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ھەرگىز بىلىم بولغانلىق بىلەنلا بولمايدۇ.

بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىز پەيلاسوپلار سۆيىدىغان پاراسەتتە مۇنداق تۆت تەرەپ بار دەپ قارايمىز:

1. ئەتراپلىق كۆزىتىدۇ. پەيلاسوپلار ئەتراپلىق قاراشلارنى ھۆرمەت قىلىدۇ، چۈنكى، ئۇلار ئېرىشىشكە بولىدىغان بارلىق بىلىملەرنى قەدىرلەيدۇ. مەلۇم بىر يۆنىلىش ۋە بىر تەرەپتىن كەلگەن تەجرىبىلەرگە قانائەت قىلمايدۇ، ئۇلار تۇرمۇشنى ئەتراپلىق كۆزىتىشكە كۈچەيدۇ؛ ناھايىتى مۇكەممەل ئۇقۇملارنى تېپىشقا تىرىشىدۇ.

2. نەزەرى كەڭ بولىدۇ. پەيلاسوپلار بىر تەرەپلىمىلىكلەرگە ۋە تار قاراشلارغا ئەقىدە قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ كەڭ نەزەرى ئۇلارنى تېخىمۇ كەڭ ساھەدە تۇرغۇزۇپ، شەيئىلەرنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار شەخسىي خاھىشى ۋە شەخسىي مەنپەئەتتىن ئىبارەت تار دائىرىدىن ھالقىپ، شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئىلغا قىلالايدۇ.



3. كۆزىتىش كۈچى بولىدۇ. پەيلاسوپلاردا چوقۇم شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يېتىدىغان ئۆزىگە خاس پاراسەت كۆزى بولۇشى لازىم. پەيلاسوپلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەرزىمەس، مەنىسىز كۆرۈنىدىغان ئىپادىلەرنىڭ تېگىدە ناھايىتى چوڭقۇر مەنە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ناھايىتى زور مەنىسى باردەك كۆرۈنىدىغان ھادىسىلەردە بولسا، ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق مەنا بولماسلىقى مۇمكىن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، پەيلاسوپلار يۈزەكى قىممەت بويىچە تۈرلۈك ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇ بەربىر ھەقىقىي نەرسىنى تاپماي قويمايدۇ.

مەسىلەن: ناۋادا بىز تارىخنىڭ ھەقىقەتەن ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىسى ئىكەنلىكىگە ئىشەنسەك، ئۇنداقتا پەيلاسوپلار ئىزدىگەن تارىخ بەزى شەخسلەر ئۆتمۈشتىكى بىر قىسىم ھادىسىلەرنى كۆزىتىپ چىقارغان يېگانە تونۇش ۋە ئۇقۇملاردىن نەچچە ھەسسە چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل بولىدۇ.

بىز يەنە پەيلاسوپقا مۇناسىۋەتلىك ئاددىي ھەم ئومۇمىي بولغان زامان ھەققىدە توختىلايلى. پەيلاسوپلار ئوتتۇرىغا قويغان زامان توغرىسىدىكى تۈرلۈك چۈشەنچىلەر، زاماننىڭ مەۋجۇتلۇققا تايىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بۇرۇنقى نەرسىلەر ھازىر يوق، كەلگۈسىدىكى نەرسىلەر تېخى ئاپىرىدە بولمىدى، ھازىرقى نەرسىلەر پەقەت مۇشۇ تاپتىلا مەۋجۇت، ھازىر كەلگۈسى بىلەن ئۆتمۈشنىڭ چېگراسى، شۇڭا ئۇ ماھىيەتتە مەۋجۇت نەرسە ئەمەس.

بۇنىڭدىن بىلىمىزكى، ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسىنىڭ قايسىسىلا بولمىسۇن ھېچقايسىسى ھەقىقىي مەنىدىكى مەۋجۇتلۇق ئەمەس. ئۇنداقتا بىز زاماننىڭ ئەمەلىيلىكىگە ۋە مەۋجۇتلۇق جۈملىسىگە كىرىدىغان ـ كىرمەيدىغانلىقىنى ئەمدى نېمە دەيمىز؟

ئۆتمۈش، ھازىر ۋە كەلگۈسى ئارىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت زادى قانداق بولىدۇ؟

4. چوڭقۇر تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولمىش نۇقتىئىنەزەرلەرگە ئىگە. مەلۇم تەرەپلەردىن ئېيتقاندا، پەيلاسوپ شەيئىلەرنى كۆزىتىدىغان ۋە شەيئىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئادەم، يەنى ئۇ چوڭقۇر ئويلىنىپ شەكىللەندۈرگەن قاراشلارغا ئىگە. لېكىن بۇ پەيلاسوپ چېكى يوق پەرەزلەرگە چۆمۈلگەن ئادەم دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى پەيلاسوپلاردا ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پىكىر قىلىش سەۋىيىسى بولىدۇ دېگەنلىك. مەسىلەن، ھازىرقى ئەڭ ئۇلۇغ پىكىرلەرنىڭ بىرى، بارلىق تەجرىبىلەرنىڭ — ئۇ قىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن بەلكى، يەنە ھايات ۋە پاراسەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك — ھەر بىر ھالقىسىنى ئىلمىي، تەنقىدىي ئەقىل بىلەن تەھلىل قىلىشقا، رەتلەشكە بولىدۇ.

ئىلمىي ئۇسۇل ھەممىگە قادىر دەيدىغان ئەقىدە ئاساسىدىكى دادىل نەزەرىيە يۈكسەك پەلسەپىۋى مەنىگە ئىگە چوڭقۇر پىكىردۇر، ئۇ ھەممىگە قادىر ئاللانىڭ دۇنيانى ياراتقانلىقى، پەرۋىش قىلغانلىقى توغرىسىدىكى چوڭقۇر دىنىي ئەقىدىدىن ھەرگىز قېلىشمايدۇ.

ئەمدى بىز باشقا بىر مەسىلە ھەققىدە توختىلايلى: پەلسەپىنى قوللىنىدىغانلار قانداق كىشىلەر؟ پەيلاسوپلار قانداق ئادەملەر؟ بەلكىم بىر قىسىم كىشىلەر پەلسەپە مۇتەپەككۇرلاردىن تەشكىللەنگەن ئاشۇ بىر قاتلام كىشىلەرگە خاس نەرسە، ئادەتتىكى ئادەملەر پەقەت پەيلاسوپلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقان، نېمە دەۋاتقىنىغا قاراپ تۇرۇپ بىلەلەيدۇ دەپ قارىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بىر قىسىم بۈيۈك زاتلار دۇنياغا بەرگەن شەرھىسى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ پەيلاسوپ دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە ئىلىم



ساھەسىدىكى كەسپىي پەلسەپىچىلەر بار. ئادەتتە ئۇلار ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. ئەمما پەلسەپىنى ئىشلىتىدىغانلار يالغۇز مۇشۇ ئىككى خىل ئادەملەرلا ئەمەس. ھەرقانداق ئادەم بىر پەلسەپە، ھەممىلا ئادەمنىڭ خىزمىتى بىر پەلسەپە. پەلسەپە ھەرگىز تالانتلىقلارنىڭ، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ مونوپولى ئەمەس، شۇنداقلا پەلسەپە ھەرگىز ئوقۇمۇشلۇقلار بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ.

شۇڭا، ماھىيەتلىك مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىي قىلىق ۋە ئېتىقادنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنى ئەستايىدىل باش قاتۇرۇپ، سەممىي مۇنازىرە قىلىپ تونۇش، چۈشىنىش ھەر بىر ئىنساننىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى. ھەر بىر ئادەم چوقۇم مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەر پەيدا قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم، مۇشۇنداق بولغاندا ئاندىن ئۇ مۇشۇ ئاساستا تەنقىدىي يوسۇندا شەيئىلەرنىڭ ياخشى-يامانلىقىغا، توغرا - خاتالىقىغا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ ۋە ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىگە بىۋاسىتە يېقىنلىشالايدۇ.

پەلسەپىچىلەر ھەر ۋاقىت ئېسىدە تۇتۇشى لازىمكى، پەلسەپە خىزمىتى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر ئەمەلىي خىزمەت. ئوقۇتقۇچى، ئالىي مەكتەپ پروفېسسورى بەلكىم باشقىلارغا مەلۇم تەكلىپلەرنى بېرەلىشى، كىتابىمۇ باشقىلار قىلغان ئىشلارنى چۈشىنىشكە ياردەمدە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئىنساننىڭ پەلسەپىنى تەتقىق قىلىشىدىكى ئەڭ ئاخىرقى نىشانى پەلسەپىنى ئۆزى ئىشلىتىشتۇر.

پەلسەپىنى ئىشلىتىش كۆپ ھاللاردا ئىشلەتكۈچىنىڭ چىقىش نۇقتىسىدىن باشلىنىدۇ، دېمەكچىمىزكى، پەلسەپىنى ئىشلىتىشتىن بۇرۇن ئىشلەتكۈچىگە نىسبەتەن ھېچقانداق زۆرۈر تەلەپ قويۇلمايدۇ. پەقەت ئادەمدە ئادەتتىكى تۇرمۇش تەجرىبىسى بولسا، تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشكە، ئىگىلەشكە دىققەت قىلسىلا

بولدى.

كىشىلەر ھېساب، ئالگېبرا ۋە گېئومېترىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۈچ بۆلۈك ھەققىدىكى مەسىلىلەرگە تېگىشىدۇ. ئەمما پەلسەپىدە مۇنداق بالداق يوق. پەلسەپىنى ئىشلىتىشتە ئوخشاشمىغان سەۋىيىنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئېنىق، گەپىنىڭ پوسكاللىسىنى قىلساق، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. چۈنكى، پەلسەپە دېگەن ئۇسۇل دېمەكتۇر، ئەقىل توشتىمۇ بولدى، مەيلى ئۇنىڭ سەۋىيىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇسۇل دېگەننى ئەقلى جايىدا ئادەم ئىشلىتەلەيدۇ.

## 7. پەيلاسوپ بولۇشنىڭ شەرتلىرى

بۇ جەھەتتە بىز تارىخ تەرتىپىگە ئېتىبار قىلىدىغان بولساق، ئۇنداقتا يىراق شەرقتە ياشىغان كۇڭ زى ئەپلاتوندىن بىر ئەسىر بۇرۇن ئاقسۆڭەكلەر خاراكتېرىدە (مەنىلىكى) چوقۇم بولىدىغان توققۇز شەرتنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، ئەپلاتون ھەقىقىي پەيلاسوپلاردا بولىدىغان سەككىز شەرتنى خۇلاسىلىغان.

ئەپلاتون ۋاپاتىدىن 11 ئەسىر كېيىن ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ پىرى ئەبۇ يۇسۇپ ياقۇپ ئىبنى ئىسھاق كىندى پەيلاسوپلارنىڭ سالاھىيىتىنى ئالتە ئۆتكەلگە باغلىغان. بىر يېرىم ئەسىردىن كېيىن فارابى «ئېسىلبالىق» بەگلىرى چوقۇم ھازىرلايدىغان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئالدىدىكىلەر بېكىتكەن ئۆلچەمنى بىر قاتلىغان، ئورۇنباسار بەگلەردە بولىدىغان ئالتە شەرتنى بەلگىلىگەن.①

كۇڭ زى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ گۈزەل ئىستىل تۇرغۇزۇشىنىڭ ئاساسى بارلىق كىشىلەرگە قىزغىن بولۇش، باشقىلارنىڭ ئۆزىدىن

① بۇ شەرتلەر فارابى توغرىسىدىكى بابتا تىلغا ئېلىنىدۇ.



ئۈستۈن بولۇشىغا تارلىق قىلماسلىق، ئۆزىدىن ئېسىللارنى ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭغا قانداق قىلىپ ياخشى كۆرۈنۈشنى ئويلاش، ئۆزىدىن ئاجىزلارغا يولۇققاندا ئۆز سالاھىيىتىگە قاراش لازىم دەيدۇ.

كۇڭ زى ئاقسۆڭەكلەر تۆۋەندىكى توققۇز غۇمنى ئۆزىگە ئەڭگۈشتەر قىلىپ قايتا ـ قايتا باش قاتۇرۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. بۇ توققۇز غۇم تۆۋەندىكىچە:

1. كۆرۈش، ئېنىقلاش غۇمى؛ 2. ئاڭلاش، پاراسەت غۇمى؛ 3. رەڭ، كۆيۈنۈش غۇمى؛ 4. سۆز، ساداقەت غۇمى؛ 5. ھايا، ئەدەپ غۇمى. 6. ئىش، ھۆرمەتلەش غۇمى؛ 7. گۇمان، سوراش غۇمى؛ 8. نامراتلىق، ئەجىر قىلىش غۇمى؛ 9. پايدا، مەنە غۇمى.

رۇسسو ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «ئېمىل» دە ئېسىل پۇقرالارنى بەرپا قىلىش ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، سىپارتالىق باندالىت 300 كىشىلىك پارلامېنتقا ئۆزىنى ئۆزى سايلاپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ناھايىتى خۇشال ھالدا چېكىنىپ چىقىدۇ، چۈنكى، ئۇ سىپارتادا 300 ئادەمنىڭ ئۆزىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، دەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، سىپارتا شەھىرىدىكى بىر ئايال ئەمدىلا سىپارتا ـ گرېتسىيە ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ قايتىپ كەلگەن ئەسكەردىن ئۇرۇش ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئەسكەر ئۇنىڭغا: «بەش ئوغلىڭىزنىڭ ھەممىسى قۇربان بولدى» دەيدۇ. بۇ ئايال ئۇنىڭ گېپىگە ئاچچىقى كېلىپ: «ھوي دۆت، بۇنى سورىمىدىم، مەن سەندىن كىم غەلىبە قىلدى دەپ سوراۋاتىمەن» دەيدۇ. ئەسكەر ئۇنىڭغا: «سىپارتا يەڭدى» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئايال يۈگۈرگىنىچە ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئىلاھقا ھەمدۇ ـ سانا ئوقۇيدۇ. («ئېمىل» 33 ـ بەتكە قاراڭ.)

ئەپلاتون ھەقىقىي پەيلاسوپلاردا سەككىز بەلگە بار دەپ خۇلاسىلىغان:

1. پەيلاسوپلاردا بارلىق چىن مەۋجۇتلۇقنى چۈشىنىشكە قارىتا كۈچلۈك تەقەززا بولىدۇ.

2. ئۇلاردا سەپسەتە ۋە ئويدۇرمىلارنى ئۆچ كۆرىدىغان، ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيىدىغان ماھىيەت بار.

3. تەن ئېھتىياجىغا سەل قارايدۇ.

4. مال-دۇنيانى چوڭ بىلمەيدۇ.

5. پىكرى يۇكسەك، باشقىلارغا كەڭ قورساق كېلىدۇ.

6. ئادىل ۋە مېھرىبان بولىدۇ.

7. چۈشىنىشى تېز، ئەستە ساقلىشى ياخشى.

8. ئاددىي ـ ساددا، قائىدىلىك كېلىدۇ.

كىندى پەيلاسوپلارنىڭ سالاھىيەت ئۆتكىلىنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

«ئىلىم ھەۋەسكارى ئالتە خىسلەتنى بىراقلا ھازىرلىيالىسا، ئاندىن پەيلاسوپ بولالايدۇ، بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا پەيلاسوپ بولالمايدۇ. ئالتە خىسلەت مۇنداق: كاللىسى ئۆتكۈر، ئۆگىنىشكە، ئىلىمگە ھېرىسمەن، چىداملىقتا قابىل، ئۆگىنىشتە كەمتەر، مۇنەۋۋەر ئۇستازنىڭ باشلاپ بېرىشىگە مۇيەسسەر بولغان، خاراكتېرى مۇقىم بولغان بولۇشى كېرەك.»



# ئىككىنچى باب گرېك پەلسەپىسىنىڭ شەرققە يۆتكىلىشى

## 1. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈشىنىڭ مەدەنىيەت تەسىرى

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن 12 يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆز تەسىرىنى شەرق دۇنياسىغا كېڭەيتتى. ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولدى. بۇ نەۋقىران پادىشاھ ھازىرقى گرېتسىيە، مىسىر، لىۋىيە، پەلەستىن، سۈرىيە، ئىراق، ئىران، پاكىستان، ئافغانىستان ۋە ھىندىستاننىڭ بىر بۆلىكىنى ئۆز تۇغى ئاستىغا جۇغلىدى. بۇ تالانتلىق ئىمپېراتورنىڭ سىياسىتى گرېتسىيىلىكلەر بىلەن ئاسىيا، ئافرىقىدىكى ئادەملەرنى ئارىلاشتۇرۇپ، ئاسىيا، ياۋروپا مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا ئۇچراشتۇردى. تارىخچىلار ئىسپاتلايدۇكى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بابىلۇندىكى خان سارىيىغا ئورۇنلاشقاندا، ئەمەلىيەتتە مىللەتلەرنى بىرىكتۈرۈش سىياسىتى يۈرگۈزگەنىدى. ئۇ گرېتسىيە ۋە ماكېدونىيىلىكلەرنى پارسلار بىلەن تويلاشتۇرۇپ، بىر كۈننىڭ ئىچىدە ئون مىڭ توي بولغانلىق رېكورتىنى ياراتقان. ئۇ بۇ خىل تويغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن ئۆزى پۈتۈن ئارمىيىدىكى سەركەردىلەرگە ئاۋۋال ئۈلگە بولغان. بۇ خىل مىللىي يېقىنچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن مالىيىدىن نۇرغۇن چىقىم قىلغان. ئىسكەندەر

قىلغان بۇ چىقىمنىڭ سانى 20 مىڭ تىللاغا يېتىدۇ، بۇنى ئامېرىكا دوللىرىغا سۇندۇرساق 120 مىليون دوللار بولىدۇ.

زۇلقەرنەيىن بۇنىڭغا پەقەت قانائەت قىلماي، زور كۆلەملىك بىر پائالىيەتنى قوزغاپ، پارس ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەر قايسى تەبىقىلىرىنى بالقانغا يۆتكىمەكچى، يەنە بالقاندىكى بىر بۆلۈك مۇھىم تەبىقىلەرنى پېرسىيىگە يۆتكىمەكچى بولدى.

بۇ سىياسەت گرېك ئەدەبىياتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ شەرققە كېلىپ جايلىنىشىغا ياخشى پۇرسەت ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ كاللىسىدا تەسىر پەيدا قىلدى ۋە بۇ تەسىر ئاللىقاچان پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بولۇشقا تېگىشلىك نەرسىگە گرېتسىيە تۈسىنى بەردى.

گەرچە زۇلقەرنەيىن ھايات چېغىدا ئۇنىڭ ھەر قايسى ئەل خەلقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەقىل - پاراسەتلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئورتاق بىر مەرىپەت بەرپا قىلىش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆلگەندىن كېيىن يەنىلا بىر قىسىم نەتىجىگە ئېرىشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ يىراققا يۈرۈش قىلىشىنىڭ غەلىبىسى قالدۇرغان تەسىر ۋە قوللانغان تەدبىرلىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىنى گرېك قوشۇنلىرىنىڭ ئايىغى تەگكەن بارلىق زېمىنلارغا چاچتى. مىلادىيە II ئەسىر ئاخىرلىشىشى بىلەن، شەرق گرېك ئەدەبىيات - سەنئىتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ مېۋىلىرىدىن بەھىر ئېلىشقا باشلىدى. گرېكلار بىلەن شەرقلىقلەر ئارىلاش ئولتۇراقلاشقاچقا، بۇ ئىنسانلاردا بىر خىل مىجەزنى پەيدا قىلدى. بىز ئارىستوتىل ئېقىمىدىكى پەلسەپە ياكى ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلغاندا، بۇ مىجەزنى ئېنىق ھېس قىلىمىز.



## 2. زۇلقەرنەيىن مەدرىسى

زۇلقەرنەيىننىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى گرېتسىيىنى ماكېدونىيىگە بويسۇنۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، گرېكلەرنىڭ ئارىستوتىل ئۆزى قۇرغان، زۇلقەرنەيىن بىلەن مۇناسىۋىتى بار ئافىنا مەدرىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقىنى باش كۆتۈرگۈزدى. بۇ بۇزغۇنچىلىقتىن ئارىستوتىلنىڭ ئۆزىمۇ ئامان قالمىدى. ئۇ ئافىنادىن ئايرىلىش ئالدىدا ئافىنالىقلارغا پەلسەپە ھەقىقەتلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىش پۇرسىتى قايتا بېرىلگەنلىكىگە چىدىمايۋاتقانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئافىنالىقلار ئارىستوتىلغا ئۆلۈم ھۆكۈم قىلغاندا، ئۇلار بۇ ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغانىدى. چۈنكى، ئارىستوتىل ئافىنادىن ئايرىلىپ بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ ئالەمدىن ئۆتتى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئاشۇ زىيانلانغۇچىلار تەبىئىيكى ئۆز پەلسەپىۋى خاھىشى بىلەن ماس كېلىدىغان يېڭى پاناھ جاي ئىزدەيدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق قىلىپ ئۇلار زۇلقەرنەيىن ئۆزى لايىھىلەپ سالدۇرغان ئىسكەندىرىيە شەھىرىنى پاناھ جاي قىلىپ تاللىدى. ئوتتۇرا دېڭىز ساھىلىدىكى ئەڭ گۈزەل شەھەر دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇ شەھەردە ئۇلار ئۆز مەدرىس، مەكتەپلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇ مەكتەپلەر سەيلى ساۋاق مەزھىپى پەلسەپىسىنى 8 ئەسىردەك سۆزلەپ، ئىشنى مۇسۇلمانلار ئىستىلاھ قىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇردى.

ئىسكەندىرىيە شەھىرىدە گرېك پەلسەپىسىدىن باشقا، قەدىمىي مىسىر ئىدىيىۋى مىراسلىرىنىڭ قالدۇقى ۋە يۇنان پەلسەپىسى بىلەن گىرەلىشىپ بىللە تۇرۇۋاتقان شەرق دىنىي مەزھەپلىرى بار ئىدى. گرېك تىلى بۇ يەردىكى ئىلىم - پەن تىلىغا، ھەتتا

ئاساسىي تىلغا ئايلاندىكى، بۇ يەردىكى يەھۇدىيلار ئوقۇيدىغان مۇقەددەس كىتابلارمۇ گرېك تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغانىدى.

ئىسكەندىرىيە شەھىرىدە يېڭى پلاتونىزمغا مايىل پەلسەپە مەكتىپى ئېچىلدى. بۇنىڭ قۇرغۇچىسى ئەپلاتوننىڭ شاگىرتى ساكاس (مىلادىيە 175 — 250 - يىللىرى) ئىدى. ئەپلاتون پەلسەپىسىنىڭ بۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئىسلاھاتچىسى «يۇدۇمچى» نامى بىلەن جاھانغا مەشھۇر.

ئىسكەندىرىيە مەدرىسى ئەينى دەۋردە پەلسەپە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە پەنلىرى بىلەن يىراق - يېقىنلارغا مەشھۇر ئىدى. بۇ شەھەردىكى ئەڭ مەشھۇر ئاسترونوم يىراق قەدىمكى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر ئاسترونومىيە ئەسىرى «كىتابۇل بۈيۈك» نىڭ يازغۇچىسى پتولېمى، ئاندىن قالسىلا مەشھۇر ئەسەر «شەكىللەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى» نىڭ ئاپتورى ئېۋكلىت .

خرىستىئان دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ئىسكەندىرىيە ئىلمىي ئېقىمى گرېك مەدەنىيىتى بىلەن خرىستىئان مەرىپىتى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن خاھىشنى پەيدا قىلدى. مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى يوھان پىلوۋېي — ئىسلام دۇنياسىدىكى نامى بىلەن ئاتىغاندا يەھيا نەھۋى ۋە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئاستوپىمىن مەزكۇر خاھىشنىڭ بايراقدارلىرىدۇر. كېيىنكىسى گرېك پەلسەپىسى بىلەن خرىستىئان تەلىماتىنى يۇغۇرۇش ئۈچۈن يېڭى پلاتونىزمنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى ئىنكار قىلدى.

ئۇ چاغلاردا پەلسەپە مائارىپىنىڭ مەركىزى باشتىن - ئاخىر ئىسكەندىرىيە شەھىرى ئىدى. بۇ ھالەت ئۆمەر بىننى ئابدۇللا ئەزىزى خەلىپىلىككە ئولتۇرغانغا قەدەر داۋاملىشىپ مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە، قەدىمكى شامدىكى ئەنتاجىياغا يۆتكەلدى.



### 3. ئەنتاجىيا، رۇخ، ناسۇبىنە مەدرىسى

ئەنتاجىيا مەدرىسى مىلادىيە 270 - يىلى قۇرۇلغان. ئۇ ئەسلى بىر دىنىي مەكتەپ بولۇپ، مەكتەپتە پلاتون پەلسەپىسى ئاساسىي ئورۇندا تۇراتتى. بۇ دەرستىكى ئەڭ مەشھۇر ئالىم يوھان فىمۇزابىي ئىدى، ئۇ مىلادىيە 407 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. مەزكۇر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى گرېك تىلى بىلەن دەرس ئۆتەتتى، پەلسەپىۋى مۇنازىرە بىلەن دىنىنى قوغدايتتى. مۇشۇ مەزگىللەردە نېستۇرىئان (مىلادىيە 380 — 440 ) نېستۇرىئان دىنىنى ئىجاد قىلدى. بۇ دىندىكىلەر مەريەمنى ئىلاھنىڭ ئانىسى ئەمەس، ئەيسانىڭ ئانىسى، يەھۋانى بەندە تۇغقان، ئاندىن ئىلاھنىڭ ئىرادىسى ئۇنىڭ تېنىگە جايلاشقان دەپ قارايتتى. بۇ مەزھەپ پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئەنتاجىيا مەدرىسىدىكى تالىپلار توپ - توپى بىلەن رۇخ مەدرىسىگە بېرىپ، ئۇ ئەقىدىنى تارقاتتى. رۇخ مەدرىسى مىلادىيە 363 - يىلى پارسلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، مەدرىستە گرېك تىلىدا دەرس ئۆتۈش بېكىتىلگەن. بۇ مەدرىس 489 - يىلى نېستۇرىئان دىنى ۋە نېستۇرىئان مۇرتلىرىغا قارشى پادىشاھ زىنونىڭ بۇيرۇقى بىلەن پېچەتلەندى.

رۇخ مەدرىسى يېپىلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم ئوقۇتقۇچى ۋە تالىپلار ناسۇبىنەگە كەلدى. مەزكۇر شەھەرنىڭ نېستۇرىئان باش ئېپىسكوپى بارسما كەلگەنلەرنىڭ ئېچىدىكى فارشى ئىسىملىك بىر ئوقۇتقۇچىغا ناسۇبىنەدە بىر مەكتەپ ئېچىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ مەكتەپ شۇنچىلىك شەرەپ قازاندىكى، مەكتەپكە قابىل ئوقۇتقۇچىلار توپلىنىپ، ئوقۇغۇچىلىرى 800 گە يەتتى ۋە ئىشنى 200 يىلدەك داۋاملاشتۇردى.

## 4. ھەرران مەدرىسى

ھەرران ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى بىر شەھەر بولۇپ، ئىراقنىڭ شىمالى، رۇخ - ئەين قولتۇقىغا توغرا كېلىدۇ. خرىستىئان دىنىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، بۇ شەھەردە قەدىمكى شاملىقلار، نۇرغۇن ماكېدونىيىلىكلەر ۋە ئەرەبلەر ياشايتتى. خرىستىئان دىنى دۆلەت دىنى بولغاندىن كېيىن، ئۇلار كۆچىنىڭ بارىچە ھەررانلىقلارغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇلارنى بۇ يېڭى دىنغا كىرىشكە مەجبۇرلىدى، ئەمما، ھەررانلىقلار باشتىن-ئاخىر ئۆزىنى تارتىپ تۇردى.

ھەررانلىقلارنىڭ تىلى قەدىمكى شام تىلى ئىدى، ئۇلار ئاسترونومىيە ۋە ماتېماتىكىغا بەك ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، بۇ ئىككى ساھەدە نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتتى. ئىلىم ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە ھەررانلىقلار ئەرەبلەرگە ناھايىتى مول تۆھپىلەرنى قوشتى.

گرېك مىراسلىرىنى ئەرەب تىلىغا ئۆرۈش جەھەتتە، ھەرران ئالىملىرىنىڭ تۆھپىسى كۆپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سابىت بىننى مۇكىللا (ھىجرىيە 221 — 288)، تېۋىپ ۋە ھاۋارابى ئالىمى ئىبن سەنان، تېۋىپ شىلال بىننى ئىبراھىم، مۇنەججىملىك ۋە گېئومېترىيىگە پىششىقلىقى بىلەن مەشھۇر بىنانى قاتارلىق كىشىلەر بار.

## 5. روندىشاپور مەدرىسى

روندىشاپور خۇزىستاندىكى بىر شەھەر. ساسانىيلار پادىشاھى شاپۇر I (مىلادىيە 241 - 272 - يىللىرى) رىملىق ئەسىرلەر تۇرىدىغان ئورۇن قىلىش مەقسىتىدە مەزكۇر مەدرىسنى قۇرغان. شۇنداق قىلىپ شەھەرگە گرېك ئىلىم - پېنى تارقالغان. كېيىن



پادىشاھ خىسراۋ نۇشىرۋان (مىلادىيە 531 — 579 - يىللىرى) يەنە بۇ يەرگە بىر شىپاخانا سالدۇرغان. بۇ شىپاخانا بىر تەرەپتىن كېسەل كۆرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇتۇش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ يەردە باشتا گرېك تېۋىپلىرى دەرس ئۆتەتتى، كېيىن ھىندى تېۋىپلار بۇ سەپكە قېتىلدى. ئاندىن كېيىن، نېستورىئان مۇرتىلىرى مەزكۇر مەدرىسلەردىكى مەشھۇر ئوقۇتقۇچىلارغا ئايلىنىپ، قەدىمكى شام تىلىدا دەرس سۆزلەشكە باشلىدى. بۇ مەدرىس ئابباسىيلار سۇلالىسىغىچىلىك ئېچىلدى. تارىخچىلار پادىشاھ ئەبۇ جاففار مەنسۇرنىڭ كېسىلىنى باغداد تېۋىپلىرى ساقايتىشقا ئامالسىز قالغاندا، ئۇنىڭ روندىشاپور شىپاخانىسىنىڭ باشلىقى جىرجىس بىننى باسىدىسنى باغدادقا ئالدۇرۇپ كېلىپ، ئۆز كېسىلىنى كۆرسىتىپ ساقايغىنىنى، باسىدىسنىڭ بۇ پادىشاھنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكىنىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئادەم يەنە گرېك تىلى، قەدىمكى پارس تىلى ۋە قەدىمكى شام تىلىدىكى نۇرغۇن تېبابەت ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا ئۆرۈگەنىدى. شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پېرسىيىدە ئوتتۇرىغا چىققان بۇ قېتىملىق ئىدېئولوگىيە كۆچ - كۆچى يەتتە نەپەر گرېك پەيلاسوپى پېرسىيىگە كۆچۈپ كەلگەن مەزگىللەردە يۈز بەرگەن. مىلادىيە 529 - يىلى شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى خاقانى جاستىن شىينۇس ئافىنا، ئىسكەندىرىيە ۋە رۇختىكى پەلسەپە مەدرىسلىرىنى پۈتۈنلەي تاقاشقا بۇيرۇق بەردى. شۇنداق قىلىپ بۇ يەتتە نەپەر پلاتونىزم مەزھىپىدىكى پەيلاسوپ ئافىنادىن كۆچتى. ئۇلار شەرقتىكى پارس ئوردىسىغا بېرىپلا خاقانىنىڭ ئەڭ ئالىي ئېھتىرامىغا ئېرىشتى. ئەينى چاغدىكى ئالىملارغا مەلۇملۇق ئىدىكى، پادىشاھ خىسراۋ نۇشىرۋان پادىشاھ جاستىن شىينۇس بىلەن كېلىشىم تۈزگەندە، بىر ماددىنى قوشقۇزۇپ قويغانىدى. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: شەرقىي رىم پادىشاھى پەيلاسوپلارنىڭ

ئۆزى ئالغان جايغا بېرىشىغا، ئۆز يۇرتىغا بىخەتەر قايتىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپىنى تەشۋىق قىلىش، بىلدۈرۈش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا مۇتلەق ئەركىنلىك بېرىشى لازىم.

## 6. قەدىمكى شام تىلىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى

گرېك ئىلىم - پېنىنى گرېك تىلىدىن قەدىمكى شام تىلىغا تەرجىمە قىلىش پائالىيىتى مىلادىيە V ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاندى. ئەينى چاغدىكى رۇخ مەدرىسىدىكى ئوقۇتقۇچى فىلىب ئارىستوتېلنىڭ «پاساھەت» ۋە «مۇلاھىزە» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ ئالدىنقى جىلدىدىكى يەتتە ماقالىنى تەرجىمە قىلدى.

ناسىبىنەدە ناسىبىنەلىق بولىس ئارىستوتېل لوگىكىسى ھەققىدە ئەسەر يازغان. بۇ مەزگىللەردە نېستورىئان مەزھىپىنىڭ مۇرتلىرى لوگىكا تېمىسىغا ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۆز تەلىمىنى مۇستەھكەملەيتتى.

مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ مۇسۇلمانلار دۇنياۋى ئىسلام غازىتىغا ئاتلانغاندىن كېيىنكى مەزگىللەرگىچە بولغان ئارىلىقتا، نېستورىئان مەزھىپى مۇرتلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇرراقى فەرەجىيوس (مىلادىيە 536 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن)، ئۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى ئەين شەھىرىدىكى بىر پوپ بولۇپ، تېۋىپ، پەيلاسوپ، ئالىم ۋە تارىخچى ئىدى. ئۇ ئارىستوتېلنىڭ «روھ ھەققىدە» ۋە «كاتېگورىيە» ناملىق ئەسەرلىرىنى قەدىمكى شام تىلىغا تەرجىمە قىلدى، ئۇنىڭ تېبابەت ۋە تارىخ ساھەسىدە يەنە باشقا ئەسەرلىرى بار.

مىلادىيە VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا بىر بۆلۈك نېستورىئان



مۇرتلىرى شەرققە يۆتكىلىپ، فرات دەرياسىنىڭ سول ئېقىنىغا كۆچۈپ بېرىپ، بىر تەرىقەتخانا سالدى، شۇنداق قىلىپ بۇ يەر قەدىمكى شام ۋە گرېك مەدەنىيەتلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى. بۇ تەرىقەتخانىدىكى مەشھۇر شەخس مارساۋىس (مىلادىيە 667 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن) بولۇپ، ئۇ پەلسەپە ۋە باشقا ئىلىملەر ساھەسىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇنىڭ پەخىرلىك شاگىرتى ئاتاناشىئۇس، ئارىستوتېلنىڭ «لوگىكا» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە ۋە شەرھىي قىلىپ تونۇلغان ئەرەب ئېپىسكوپى جىرجىس ئۇنى ئۇستاز بىلىپ زىيارەت قىلغان.

## 7. ئۇمەۋىيا خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەرەب تىلىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى

گرېك تىلىدىكى بۇ ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىكى دەسلەپكى تۆھپىنى خالىد بىننى يەزىدكە مەنسۇپ دېيىش كېرەك. يەزىدى ئىسكەندىرىيە شەھىرىدىكى تەرجىمان ئاستوپىننى ئۆزى ئۈچۈن مېتال تاۋلاش ھەققىدىكى بىر كىتابنى تەرجىمە قىلغۇزۇپ، مۇنەججىملىك ھەققىدە مەخسۇس بىر كىتاب يېزىپ چىققان. تارىخچىلار يەزىدى خەلىپىلىكنىڭ ئەبۇ سوفيان قەۋمىدىن مۇئاۋىيە قەۋمىگە ئۆتۈپ كەتكىنىدىن ئۈمىدسىزلەنگەن ۋە باشقىلارنى گرېك تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ياللاشنى ئىچىنى بوشىتىشنىڭ ئۇسۇلى قىلغان دەيدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئۆمەر بىننى ئابدۇللا ئەزىزمۇ گرېك تىلىدىكى ئەسەرلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە كۈچ چىقاردى، ئۇنىڭ تەرجىمە پائالىيىتى پەقەت تېبابەت ۋە ئاسترونومىيە ئەسىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى، پەلسەپە ۋە لوگىكا ساھەسىگە پەقەتلا نەزەرىنى سالمىدى.

## 8. ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى تەرجىمە پائالىيىتى

بۇ دەۋردىكى پائالىيەت ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى باسقۇچ، خەلىپە مەنسۇر خەلىپىلىككە ۋارىسلىق قىلغاندىن تارتىپ، رەشىد ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىگىچە. بۇ دەۋردە ئىبنى مۇكاففا[1] «كەلىلە ۋە دەمنە» ناملىق ئەسەرنى پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدى. بۇ كىتاب ھىندى تامىدا يېزىلغان بولۇپ، بىر براخما مۇرىتى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 300 ـ يىلى ئەتراپىدا يازغان. ئۇنىڭ مەزكۇر كىتابنى يېزىشتىكى مەقسىتى مەسەللەر ئارقىلىق پادىشاھقا پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى چۈشەندۈرۈش ئىدى.

سەئىد ئاندالۇسىيە ئىبنى مۇكاففانىڭ خەلىپە مەنسۇرنىڭ كاتىپى بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ مەنسۇر ئۈچۈن ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ[2]. ئۇ گرېك پەلسەپىسىنى پارس تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان تۇنجى ئادەم. دەل مانا مۇشۇ مەزگىللەردە، مۇسۇلمانلار بىلەن ھىندىستانلىقلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئورنىتىلىپ، ھىندى تىلىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەر ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىدى.

سەئىد يەنە مىلادىيە 776 ـ يىلى ھىندىستاندىن بىر گۇرۇپپا ۋەكىللەر ئۆمىكى كېلىپ، خەلىپە مەنسۇر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قابىل كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئېلىدىكى ئىلىملەر، بولۇپمۇ مىلادىيە 628 ـ يىلى ماتېماتىك بارھىمكىت سانسكرىت تىلىدا يازغان بىر ئەسەردىكى پىكىرلەر بويىچە پلانېتلار ھەرىكىتىنى ھېسابلاپ، ئاسمان ھادىسىلىرىنى ئېنىقلىغانلىقىنى، مەنسۇرنىڭ بۇ ھىندىستانلىققا

[1] پارس. ئەسلى ئىسمى رىزاق، بەسرەدە تۇغۇلغان.
[2] «مىللەتلەرنىڭ دەرىجىسى»، 47 ـ بەت.



ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى دەپ بېرىشنى بۇيرۇغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۇنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىشنى تاپشۇرغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ تەرجىمىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن، ئەرەبلەر بۇ كىتابنى پلانېتلار ھەرىكىتى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاسمان ھادىسىلىرىنى كۆزىتىپ ئۆلچەشنىڭ توپ ئاساسى قىلىشقا باشلىدى. ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ خىزمەتنى ئۇيۇشتۇرغۇچى مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم فەزلى ئىدى. ئۇ ئەمەلىيەتلەر ئاساسىدا بىر ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزۈپ، ئەرەب ئالىملىرىغا ئېلان قىلدى. ئۇلار ئۇنى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىشنىڭ ئىلمىي ئاساسى سۈپىتىدە تاكى خەلىپە مەئمۇن دەۋرىگىچە ئىزچىل قوللىنىپ كەلدى. بۇ چاغدا پتولېمىينىڭ ئاسترونومىيىدىكى ھېسابلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىشقا باشلىغانىدى.

خەلىپە رەشىد تەختتىكى مەزگىللەردە ئۇنىڭ تېۋىپى يوھان بىننى ماسۋى بىر قىسىم تېبابەت كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلدى. گىفدى[1] ئېيتىدۇكى، يېزىش ۋە كۆچۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، خەلىپە رەشىد ئۇنىڭغا بىرمۇنچە قابىل كاتىپلارنى سەپلەپ بەرگەن.

ئىككىنچى باسقۇچ، مىلادىيە 820 ـ يىللىرىدىكى مەئمۇن دەۋرىدىن مىلادىيە 922 ـ يىلىغىچە.

«بەيتۇل ھېكمەت» نىڭ پەيدا بولۇشى:

خەلىپە رەشىد «بەيتۇل ھېكمەت» (ھېكمەتخانا) قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى. ئاندىن مەئمۇن ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كېڭەيتتى. گىفدى مۇسۇلمانلار ئەنقەرە، ئامول ۋە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقا جايلىرىنى ئىستىلاھ قىلغاندىن

[1] تولۇق ئىسمى جامالىددىن ئەبۇ ھەسەن گىفدى (1172 ـ 1248)، ئۇ مىسىرنىڭ گىفتا يېزىسىدا تۇغۇلغان، سۇدان پادىشاھى سالاھىددىن بىلەن دەۋرداش، قازى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى بولغان. ئۇ تارىخچى، ئەدىب، ماتېماتىك، ئاسترونوم بولۇپ، كېئومېترىيە ساھەسىدىمۇ تۆھپىسى بار.

كېيىنلا، رەشىد بۇ جايلاردا نۇرغۇن كلاسسىك تېبابەت ئەسەرلىرىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى ۋە يوھان بىننى ماسۇيدىن بۇ كىتابلارنى تەرجىمە قىلىنىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى تەرجىمە ئەمىرلىكىگە تەيىنلىدى، دەيدۇ. ئىبنى نادىم «كىتابلار تىزىملىكى» دە پېرسىيە مۇنەججىمى ئەبۇ سەھىل فەددىل بىننى نۇر سادىنىڭ خەلىپە رەشىدنىڭ «بەيتۇل ھېكمەت» تە خىزمەت قىلغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەلا شۇئەيبىمۇ خەلىپە رەشىد ، مەئمۇن ۋە بارماق جەمەتىنىڭ «بەيتۇل ھېكمەت» تە كاتىپلىق قىلغان.

شۇنىڭدىن قارىغاندا، «بەيتۇل ھېكمەت» رەشىد دەۋرىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە ئالىملار بۇ يەردە خىزمەت قىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە يوھان بىننى ماسۇۋى قەدىمكى شاملىق خرىستىيان مۇرتى، نۇرسادى پارس ئىدى، ئەلا شۇئەيبىنىڭ ئەسلى يۇرتى پېرسىيە ئىدى. خەلىپە رەشىد دەۋرىدە «بەيتۇل ھېكمەت» تە ئەمىر بىر نەپەر، ياردەمچىلەر بىر نەچچە نەپەر ئىدى. ئۇلار ئۇ يەردە گرېك ۋە پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، كۆچۈرۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى.

ئىبنى نادىم يەنە خەلىپە مەئمۇن رىملىقلاردىن غالىپ كەلگەن مەزگىللەردە، مەئمۇن بىلەن رىم پادىشاھىنىڭ خەت ـ ئالاقىسى بار ئىدى، ئۇ پادىشاھتىن رىم ئىمپېرىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان كلاسسىك ئەسەرلەردىن ئۆزى تاللىغىنىنى ئەكەلدۈرۈشكە يول قويۇشنى سورىغانىدى، رىم پادىشاھى باشتا بۇنى رەت قىلىپ كېيىن قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ مەئمۇن بىر گۇرۇپپا ئادەم ئەۋەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجاج بىننى پاتلىگ ۋە «بەيتۇل ھېكمەت» رەئىسى سىلىم قاتارلىق ئادەملەر بار ئىدى، ئۇلار ئۆزلىرى تاپقان كلاسسىك ئەسەرلەردىن يارىمىنىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى، بۇ كىتابلارنى مەئمۇننىڭ ئالدىغا ئەكەلگەندە،



مەئمۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دەرھال تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، دەيدۇ.

مىسىرلىق ئىبنى نىبات « نەزەر » ناملىق كىتابىدا مەئمۇن سەھىل بىننى ھارۇننى «بەيتۇل ھېكمەت» كۇتۇپخانىسىغا مۇپتى قىلغان، مەزكۇر كۇتۇپخانىدا سىپرۇس ئارىلىدىن مەئمۇنغا ئەۋەتىلگەن پەلسەپە ئەسەرلىرى ساقلانغان بولۇپ، سىپرۇس ئارىلىنىڭ ھۆكۈمدارى مەئمۇن بىلەن ياراشقان مەزگىللەردە ئۇنىڭغا ئاتىغان گرېك كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلار ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ كىتابلار سىپرۇستا مەلۇم بىرسىنىڭ ئۆيىدە ساقلانغان بولۇپ، ھېچكىم ئۇنى كۆرەلمەيتتى. شۇڭا سىپرۇس ئارىلىنىڭ بۇ ھۆكۈمدارى ئۇنى مەئمۇنغا سوۋغا قىلىۋەتكەن، مەئمۇن بۇنىڭدىن بەك خۇش بولغان ۋە ھارۇننى دەرھال كىتاب ئامبىرىنىڭ مۇپتىسى قىلغان.

## 9. مەشھۇر تەرجىمانلار

1. ھۇمەييىن بىننى ئىسھاق. ئۇ «بەيتۇل ھېكمەت» تە خىزمەت قىلغان مەشھۇر شەخس بولۇپ، ئەينى چاغلاردا يوھان بىننى ماسۇيدىن تېبابەت ئۆگەنگەن، نېستورىئان مۇرتى ئىدى. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇ ئۇستازىدىن بەك كۆپ سوئال سوراۋەرگەچكە قوغلانغانمىش. ئۇستازى ئۇنى ئەيىبلەپ: «سەن پەقەت سىرتتا ئولۋا ① سېتىشقا لايىق» دېگەنمىش.

شۇنداق قىلىپ ھۇمەييىن ئاچچىقىدا رىمغا بېرىپ تېبابەت ئۆگىنىپ، گرېك تىلىغا پىشقان. ئاندىن بەسرەگە كەلگەن، ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر تىلشۇناس خېلىل بىننى ئەھمەدتىن ئەرەب تىلى ئۆگەنگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇ تۆت خىل تىلغا، يەنى پارس تىلى،

① بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ نامى.

ئەرەب تىلى، گرېك تىلى ۋە قەدىمكى شام تىلىغا توشقان. باغدادقا ماكانلاشقاندىن كېيىن، تېۋىپلىق قىلغان ۋە مەئمۇن تەرىپىدىن «بەيتۇل ھېكمەت» نىڭ رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇ گرېكچىدىن قەدىمكى شام تىلى ۋە ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەينى چاغدا خەلىپە ئۇ تەرجىمە قىلغان ئەسەرلەرنى جىڭلاپ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرەر ئىدى. ھۇمەيىن ئەپلاتوننىڭ «سىياسەتنامە»، «قانۇن» ۋە «دىئالوگ» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە ئارىستوتىلنىڭ «روھ ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىنى گرېك تىلىدىن قەدىمكى شام تىلىغا، گرېك تېۋىپ جالىنۇسنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى قەدىمكى شام تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

2. ئىسھاق بىننى ھۇمەيىن. ئۇمۇ ئاتىسىدەك نېستورىئان مۇرتى بولۇپ، «بەيتۇل ھېكمەت» تە ئاتىسىنىڭ ياردەمچىسى بولغان، ئەپلاتون، ئارىستوتىل ئەسەرلىرى ۋە يەنە كۆپلىگەن تېبابەت كىتابلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

3. قۇبەيش بىننى ھەسەن ئەييام. ئۇ ھۇمەيىننىڭ جىيەنى ھەم ئوقۇغۇچىسى. ھۇمەيىن ئۇنى ناھايىتى چوڭ بىلەتتى. كىشىلەر قۇبەيشنى ئۆزىگە يولداش قىلغىنى ھۇمەيىننىڭ زور خۇشاللىقلىرىنىڭ بىرى دېيىشىدۇ.

4. سابىت بىننى قۇلى. ئۇ سەبىئان مۇرتى بولۇپ، ھەررانىدىن باغدادقا كەلگەن. ئۇ مۇنەججىملىك، تېبابەت، پەلسەپىگە پىششىقلىقى بىلەن مەشھۇر بولۇپ، خەلىپە مۇقتەدىر ئوردىسىنىڭ مۇنەججىمى ئىدى. بۇ ئۇنىڭ سەبىئان مەزھىپىنىڭ باغدادتىكى ئورنىنى كۆتۈرۈشكە ۋە بۇ مەزھەپنىڭ ئالىي داھىيسى بولۇپ قېلىشىغا زور ياردىمى بولدى. ئۇ ئارىستوتىلنىڭ «فىزىكا» ناملىق ئەسىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدى، لوگىكا،



ئاسترونومىيە، مۇنەججىملىك ۋە تېبابەت ساھەسىنىڭ ھەممىسىدە سەۋىيە ياراتتى. IX X ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۇنىڭ « ئىلىمنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى » ناملىق كىتابىنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسى گېرمانىيىدە نەشر قىلىندى.

# ئۈچىنچى باب ئىسلام كالامىيىتى

## 1. كالامىيەت

«كالام»[①] دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى بېسىپ ئۆتكەن تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بىزنىڭ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ كېتەلىشىمىز تەس. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇ ئاخىرى ئىسلام ئىلاھىيىتىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇتەككالان دېگەن سۆزمۇ ئىسلام ئىلاھىيەتشۇناسلىرىنى كۆرسىتىدىغان بولدى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، كالامىيەت ياكى تېخىمۇ ئېنىق دېسەك، ئىسلام دىنىنىڭ مەدرىس پەلسەپىسى ئىسلام ئىلاھىيەت ئۇقۇملىرى توغرىسىدىكى ساپ ئەقلىي نەزەرىيىدۇر. مۇتەككالانلار ئۆز نەزەرىيىسى ۋە پاكىتلىرى بىلەن ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنى قوغدىغاندىن باشقا، سوپىلارنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش دېگەنلەرگە نەزەرنى سالمايدۇ، ئۇلارنىڭ «قەلبنى پاكلاپ، ئەرشكە كۆتۈرۈلۈش» دېگەنلىرىگىمۇ قىزىقمايدۇ.

① كىشىلەرنىڭ كالامىيەتكە بەرگەن ئېنىقلىمىسى بىر نەچچە خىل: 1. ئۇ مۇنازىرە، شەرھى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدىلىرىنى ئۇرغۇزىدىغان ئىلىم. 2. ئۇ دەلىللەش، يىغىنچاقلاش ۋە ئەقىدىگە ئېرىشتۈرىدىغان بىر ئىلىم. 3. چىقىش نۇقتىسى ۋە مەنزىلىنى بىلدۈرىدىغان ئىلىم. شۇنداقتا يەقىت شەخسىنىڭ زېھنى بىلەن ئۇنى ئېنىق قىلغىلى بولمايدۇ، يەنە چوقۇم ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىنى قوبۇل قىلىش كېرەك. ئىلاھىيەت ئۇستازلىرى كىشىلەر بىردەك ئېتىراپ قىلغان ئاشۇ پەيغەمبەر ياكى بىر قىسىملار نەزەرىدىكى ئىماملار. ئومۇمەن ياكى باشقا جەھەتتە شەخسىي زېھنى ئېنىقلىيالايدىغىنى يەقەت ماھىيەت ۋە خاسلىقلارغا تارقالغان ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇقنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى تەكشۈرگەندىكى بايقاش، خالاس.



## 2. مۇتەزىلىيلەر مەزھىپى (ئىسلام ئەقلىيلىزمى)

مۇتەزىلىيلەر مەزھىپى ئەڭ دەسلەپتە ئىسلام كالامىيىتىنى تەتقىق قىلغانلار. بۇ جەھەتتە بىز مۇتەزىلىيلەر مەزھىپى بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەشئەرىي مەزھىپىنىڭ ئارىسىغا ئېنىق چېگرا سىزىپ بەرسەك ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ. شۇڭا نۆۋىتى كەلگەندە، ئىككى مەزھەپنىڭ ئىختىلاپى، بۇنىڭ يىلتىزى ۋە تەسىرىنى سۆزلەپ ئۆتىمىز.

مۇتەزىلىيلەر ئەسلىدە VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئىراقنىڭ بەسرە شەھىرىدىكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلارنى كۆرسىتەتتى. كېيىنچە ئۇلارنىڭ ئىدېئولوگىيە ھەرىكىتى قاتتىق قانات يايدى. تولۇق بىر نەچچە ئەسىر مابەينىدە، ئابباسىيلار ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى باغداد باشتىن ـ ئاخىر مەزكۇر مەزھەپنىڭ مۇنبەت تۇپرىقى بولۇپ كەلدى ھەم بۇ مەزھەپ بىر مەزگىل بۇ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ ساراي پەلسەپىسى بولدى.

مەئمۇن خەلىپىلىكتىكى چاغلارمۇ مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى، 847 ـ يىلى مۇتەۋەككۇللار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ مەزھەپكە دەسلەپ ئانچە ـ مۇنچە، كېيىن قاتتىق زەربە بەردى، مەزكۇر مەزھەپتىكى مۇھىم ئەربابلارنىڭ ئەمىلىنى ئېلىپ تاشلىدى.

«مۇتەزىلىيلەر» دېگەن بۇ ئىسىمغا قارىتا تۈرلۈك ئىزاھاتلار بار. باغدادى ئۆزىنىڭ «دىنىي مەزھەپلەر» ناملىق كىتابىدا، ئۇلارنىڭ مۇنداق ئاتىلىشىدىكى سەۋەب پۈتۈنلەي گۇناھىي كەبىر ۋە گۇناھىي سەغىر ھەققىدىكى قاراشلىرى تۈپەيلىدىن بولۇپ، بۇ قاراشلار باشقا ئىسلام قەۋمىدە بار ئورتاق قاراشتىن ئۆزگىچە، دەيدۇ. بۇ بىر تۈركۈم ھۆر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلار تەقۋالار بىلەن

دىنسىزلار ئارىسىدا تۇرىدۇ. شەھەرىستانىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى باشقىچە. ئۇ «كالام ۋە ئەقىدە» ناملىق ئەسىرىدە، ۋاسىل ئىبنى ئەتا گۇناھىي كەبىر مەسىلىسىدە ئۇستازى ھەسەن بەسەرە بىلەن مەسچىتتە مۇنازىرىلىشىپ قالدى. ئاخىرى ئۇ مۇنبەرنى ئۇستازىغا تاشلاپ بېرىپ، ئۆز مۇرتلىرىنى چوڭ مەسچىتنىڭ بۆلۈڭىدىكى يوغان بىر تۈۋرۈك ئەتراپىغا يىغىپ، باشقا بىر مەزھەپنى تىكلىدى، ئۇلارغا ئۆز قارىشىنى چۈشەندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەسەن بەسەرە تالىپلىرىغا ئەتا بىزدىن چەك ـ چېگرا ئاجراتتى دەپ ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەتا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى مۇتەزىلىيلەر دەپ ئاتالدى. بۇ «ئايرىلغۇچىلار» دېگەنلىكتۇر، دەيدۇ.

بىراق نۇرخاد ئۆزىنىڭ « شىئە مەزھىپىدىكى پىرقىلەر » ناملىق كىتابىدا بۇ ھەقتە باشقا گەپلەرنى قىلىدۇ. ئۇ سەئەدى بىننى ئەبۇ ۋەققاس، ئابدۇللا بىننى ئۆمەر، مۇھەممەد بىننى مۇسلىم ۋە ئوسمان بىننى يەزدى باشچىلىقىدىكى ساھابىلەر ئىمام ئەلىدىن يۈز ئۆرىدى. ئۇلار يا ئەلىگە ئۇرۇش ئېلان قىلمىدى، يا ئەلىگە ئەگىشىپ باشقىلارغا ئۇرۇش ئاچمىدى. شۇنىڭ بىلەن «مۇتەزىلىيلەر» دەپ ئاتالدى دەيدۇ.

### 3. مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرى

مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ مول مەزمۇنى ۋە ساناقسىز شەكىللىرىگە دىققەت قىلساق بىلىمىزكى، بۇ مەزھەپتىكى ھەر بىر پىرنىڭ قاراشلىرىنى بىلمەكچى بولۇش ياكى بۇ مەزھەپنىڭ بىر قارىشىنى بىراقلا سۆزلەپ بىلدۈرۈش ناھايىتى تەس بىر ئىش. بىراق ھەر بىر مۇتەززىي ئەقىدە قىلىدىغان بەش تۈرلۈك تۈپ پرىنسىپ بار، بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىدىن



چىققانلىق بولىدۇ.

1. ئاللانى بىر دەپ تونۇش: بۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم تۈپ ئەقىدىسى. بۇ ھەرگىز مۇتەزىلىيلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدېئالىزمى ئەمەس، ئىختىراسى تېخىمۇ ئەمەس. ئەمما مۇتەزىلىيلەرنىڭ ئاللانى بىر دەپ تونۇشقا بەرگەن شەرھىيسى تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار بۇنى دىنىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرگەن. شۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ شەرھىيسى باشقىلارنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. مۇتەزىلىيلەر ئۆزىنى تەۋھىدچى دەپ ئاتاشقا ئامراق. بىز مۇتەزىلىيلەرنىڭ تەۋھىد( ئاللانى بىر دەپ تونۇش) قارىشىنى خرىستىئان ئەقىدىسىدىكى « ئۈچ بىر تەلىماتى » نىڭ بەزى ھادىسىلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىگە بولغان ئىنكاسى دەپ چۈشەندۈرەلەيمىز . مۇتەزىلىيلەر ئاللانىڭ زاتىدىن بۆلەك باشقا ھەرقانداق بىر پەزلىنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئېغىزىنى ئېچىشى بىلەنلا ئاللانىڭ ئىلاھىي سۈپىتى ھەققىدە سۆزلىگەندە، «ئۈچ بىر تەلىماتى»نى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەپلا قالماي، يەنە پان ئىلاھچىلىققا پېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئاشكارىلايدۇ. شۇنداق قىلىپ ئاللانىڭ پەزلى تېرىقتەك چېچىلىپ چەكسىز بولۇپ كېتىدۇ.

يەنە ئۇلارنىڭ «قۇرئان كەرىم، ئىجاد قىلىنغان» دەيدىغان ئېتىقادىمۇ خرىستىئان دىنىنىڭ ئاللانى ئادەملەشتۈرۈش توغرىسىدىكى سىرلىق ئەقىدىسىنىڭ ئەكسى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار «قۇرئان كەرىم» ئەرەب تىلىدەك ۋاقتى سائىتى كېلىپ پەيدا بولغان ئاللاغا مەنسۇپ بولمىش ئەزەلىي تىل دەپ قارايدۇ. بۇ ناسارالارنىڭ ئاللانى ئادەملەشتۈرىدىغان سىرلىق دىنىي ئەقىدىسىگە ماس كېلىدۇ، يەنى خرىستوس ئادەم سۈرىتىدە ۋاقتى سائىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ،

ئاللانىڭ ئەزەلدىن بار ئىرادىسىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. شۇنداق بولغاندا «‹قۇرئان كەرىم› ئەزەلىي بار قارىشى» نىڭ ئاللانى ئادەملەشتۈرىدىغان سىرلىق دىنىي ئەقىدە بىلەن بولغان پەرقى مانا مەن دەيدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئىلاھ تىلىنىڭ خاراكتېرى ئۈستىگە قۇرۇلغان دېگەندىن كۆرە، بۇ تىلنىڭ قانداق ئادەملەشتۈرۈلگەنلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان دېگەن ياخشى.

مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر ئامىل بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار بىلەن پارس مەزھىپىدىكى ئىككى مەنبەچىلىك ئارىسىدىكى كۈرەش. بۇ خىل ئېيتىشنى قۇۋۋەتلەيدىغانلاردىن «شېئىرلار توپلىمى» نىڭ ئاپتورى ئەبۇ فاراج ئىسپىھانى بار. ئۇ ئەينى چاغلاردا مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ پىرئۇستازى ئەمىر بىننى ئىبادە بىلەن ۋاسىل ئىبنى ئەتا دائىم مۇنازىرىلەرگە قاتنىشاتتى. مۇنازىرىلەردە قەدىمىي پېرسىيىدە دەۋر سۈرگەن ئىككى مەنبەچىلىك تەلىماتىنى ئاقلىغۇچىلار بىلەن يۈز تۇرانە مۇنازىرىلىشەتتى، دەيدۇ.

ئەشئەرىينىڭ «ئىسلام كىشىلىرىنىڭ نۇتۇقلىرى» ناملىق كىتابىدا تىلغا ئالغان مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسىگە كەلسەك، ئۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلاردىكى ھەر قايسى مەزھەپلىرىنىڭ ئورتاق ئەقىدىسى، يەنى ئاللانى بىر دېمەكتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئاللا بەندە ئەمەس، تەلمۇ ئەمەس، ياكى پەزىللەشكىمۇ بولمايدۇ، ئادەملەشتۈرۈشكىمۇ بولمايدۇ. ئاللا ھەر زامان، ھەر ۋاقىت مەۋجۇت. ھەممىگە قادىر، ھەممىنى بىلگۈچى، ئاللا چەكسىز. ئۇ تۇغۇلمايدۇ، تۇغمايدۇ. بەندە ئۇنى سېزىپ بولالمايدۇ. كۆز ئۇنى كۆرەلمەيدۇ. ئاللا شەيئى، لېكىن ئۇ باشقا شەيئىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆلمەس بىلگەن، لېكىن، ئۇ باشقا بىلگىنلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئاللا ئەزەلدىن مەۋجۇت شەيئى. بۇ جەھەتتە ئۇنىڭدىن يەنە بىرسى



يوق. پەقەت ئاللالا ئىلاھ. ئۇ بارلىق كائىنات ۋە نەرسىلەرنى يالغۇز ياراتقان.

ئاللانىڭ سۇبيېكتى توغرىسىدىكى بۇ قاراش ھەم ئىلاھنىڭ بىردىنبىرلىكى ئاللانىڭ سۇبيېكتى سىرتىدىكى ئىلاھلىق پەزىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوققا چىقارغان، ئاخىرەتتە ئاللانى كۆرگىلى بولۇشنىڭ بارلىق مۇمكىنچىلىكلىرىنى يوققا چىقارغان، ھەم شۇنىڭ بىلەن بىرگە «قۇرئان كەرىم» نىڭ يارىتىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. بۇ مۇھىم نەتىجىلەر ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ناھايىتى مۇھىم تەسىرلەرنى بەرگەن، بۇ مەسىلىلەر نەچچە يۈز يىلدىن بېرى كىشىلەر تالاش - تارتىشنىڭ مەركىزى بولۇپ كەلدى.

2. ئادىللىق تەلىماتى. ئاللانىڭ ئادىللىقى ھەققىدە گەپ بولغاندا، مۇتەزىلىيلەر مەزھىپى بەندىنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە تاللاش ئەركىنلىكىنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلىدۇ. ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئادىللىقى پىرىنسىپى ئادەملەرنىڭ ئۆز ھەرىكەتلىرىگە نىسبەتەن ئىرادە ئەركىنلىكى بولۇشى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ئاللانىڭ ئادىللىق پىرىنسىپىدىن مەيدانغا كېلىدۇ. بولمىسا ئاخىرەتتىكى جازا ۋە مۇكاپاتنىڭ مەنىسى بولماي قالىدۇ. شۇنداق بولغاندا بەندىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى پىرىنسىپىغا ئاساسلانغاندا، بەندە ئۆز تەقدىرىنىڭ رولچىسىغا ئايلىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىكى بىر قىسىم ئايەتلەردە ئېنىق بەلگىلەنگەنكى، ئىنسان ئېرىشىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئاللادىن بولۇپ، ئاللانىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، بىزنىڭ بارلىق پائالىيىتىمىز ئاللانىڭ «لەۋھۇل مەھپۇزى» غا يېزىلغان. تۆۋەندىكى «قۇرئان كەرىم» ئايىتىنىڭ كۆرسىتىدىغىنى بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان مەزمۇندىن

ئىبارەت:

«ئېيتقىنكى، بىز يولۇققان بارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ پېشانىمىزگە پۈتكىنىدۇر»، «كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدا بولىدىكەن شۇ ھىدايەت تاپقۇچىدۇر. كىمكى ئاللاھنىڭ يولىدىن چىقىدىكەن ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر». ئۇنداقتا ئىنساننىڭ ئەركىنلىكى بىلەن «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىكى ئىدىيىنى قانداق قىلىپ بىر يەرگە قويغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا مۇتەزىلىيلەر مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: تۈرلۈك شەيئىلەرنى ئۆزىگە خاس شەكىلگە ئىگە قىلغان ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىنسان خاھىشىدىكى قىلىقلار بىلەن ئەسلى مۇناسىۋەتسىز. بىراق ئاللاھنىڭ يوقالماس ئىرادىسى ۋە ھەممىگە قادىرلىقى ئاللا بىلىمىنىڭ قالتىس چەكسىز ۋە چوڭقۇرلۇقىنى نامايان قىلىدۇ، ئاللا ئەنە ئاشۇ قادىرلىقى بىلەن ئالەمنى ياراتقان، ھەممىنى يوقتىن بار قىلغان. شۇنىڭغا ئوخشاش بارلىق ئىشلارنىڭ «لەۋھۇل مەھپۇز»غا يېزىلغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ئايەتلەرمۇ ئاللا بىلىمىنىڭ چەكسىز ۋە چوڭقۇرلۇقىدىن بېشارەت بېرىدۇ، بۇ بىلىم بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى ھەرگىز زىددىيەتلىك ئەمەس. باشقىچە ئېيتساق، ئاللاھنىڭ ئۆچمەس بىلىمى ئىنسان پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، لېكىن ئىنسان پائالىيىتى ئاللىقاچان ئاللاھنىڭ چەكسىز بىلىملىرىنىڭ تەركىبى بولۇپ كەتكەن، چۈنكى، «ئاللا ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى بارلىق ئىشلارنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر». يەنە بىر نۇقتا شۇكى، مۇتەزىلىيلەر ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى قوغداش يولىدا يەنىلا «قۇرئان كەرىم»نىڭ زىر ـ زەۋىرى قانداق بولسا شۇنداق مېڭىپ، ھەر بىر ئىنسان ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك دېگەننى تەكىتلەيدۇ. «ھەركىم ئۆز ئەمەلىگە يارىشا ئەجىرگە ئېرىشىدۇ»، «زەررىچە يامان ئىش ۋە ياخشى ئىشمۇ ھەرگىز ئاللاھنىڭ نەزىرىدىن سىرتتا قالمايدۇ»



«قۇرئان كەرىم»دىكى بەزى ئايەتلەرمۇ بەندىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، بارلىق مۇسۇلمانلار ئېتىراپ قىلىدۇكى، ئاللا ئۇلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، بۇ مەجبۇرىيەتلەر ئىچىدە دىنىي مۇراسىملارغا مۇناسىۋەتلىكلىرىمۇ بار. ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرگە مۇناسىۋەتلىكلىرىمۇ بار. ئۇنداقتا، ناۋادا ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۆز ئىشلىرىنىڭ نەق ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغاندا، ئاللاھنىڭ بۇ تەۋسىيىسىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟

3. ۋەدە ۋە قوقاق. ئىسلامنىڭ ئوخشاشمىغان تەلىمات ۋە مەزھەپلىرى بىردەك ئاللا ئۆزى ياراتقان بەندىلىرى ئىچىدىكى مۆئمىنلەرگە مۇكاپاتنى ۋەدە قىلغانلىقىنى، گۇمراھلارغا جازا بىلەن قوقاق سالىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق مۇتەزىلىيلەر بۇ خىل ئېتىقادنى ئۆزلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئادىللىقى توغرىسىدىكى قاراشلىرى بىلەن باغلىغان. ئاللاھنىڭ ئادىللىقى تەلىماتى بويىچە بولغاندا ئېنىقكى، مۆئمىنلەر بىلەن گۇمراھلارغا ئۇلارنى ھەرگىز بىر يەردە قويۇپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى ئىنساندىن ئۆزىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىغا مەسئۇل بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. دېمەك، مۇتەزىلىيلەرنىڭ نەزىرىدە ئاللاھنىڭ «مەغپىرىتى» ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما ئادىللىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

4. ئوتتۇرا ھالچىلار. دەل مۇشۇنداق بىر پرىنسىپ مۇتەزىلىيلەرنىڭ پېشىۋاسى ۋاسىل ئىبنى ئەتا بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ھەسەن بەسەرە ئارىسىدىكى بۆلۈنۈشنى پەيدا قىلدى. بۇ

بولۇنۇش «گۇناھى كەبىر»[1] مەسىلىسىدە شەكىللەندى. مۇتەزىلىيلەر گۇناھى كەبىرنى سادىر قىلغۇچىلار مۆئمىنلەر بىلەن كۇفرىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ. ئۇ يا كۇففار ئەمەس، يا مۆئمىنمۇ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى بىر نېمە دەپ ھېسابلايتتى.

5. ياخشى ئەمەل تەلىماتى. بۇ مۇتەزىلىيلەر ئاساسىي پرىنسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھۆر ۋە ئادىل بولۇش پرىنسىپىدۇر. مۇتەزىلىيلەرنىڭ قارىشىچە، ئادىللىق ھەرگىز شەخسكە يامانلىق قىلماسلىقنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئورتاق تىرىشىپ باراۋەر، ئىناق ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يارىتىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقنى ئەمەلدە كۆرسىتىشىگە پايدىلىق. شۇنىڭغا ئوخشاش، ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە ۋىجدانى شەخسنىڭ تۇرلۇك ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇشتىلا ئەمەس، بەلكى، پۈتكۈل ئاۋامغا غەمخورلۇق قىلىشتىمۇ ئىپادىلىنىشى كېرەك دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇنداق نەسىھەتلەر «قۇرئان كەرىم» دىمۇ كۆپ تىلغا ئېلىنغان، ئەمما مۇتەزىلىيلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق پرىنسىپلىرىنى ئاللانىڭ «ئادىللىقى» ۋە ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرغان.

## 4. ئەشئەرىي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى

ئەبۇ ھەسەن ئەلى بىننى ئىسمائىل ئەشئەرىي

[1] گۇناھى كەبىر — ئادەم ئۆلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانىغا بويۇنتاۋلىق قىلىش، پالغان گۇۋاھلىق بېرىش، يېتىملەرنىڭ ھەققىنى يېيىش، رابا يېيىش، جىھاتتىن باش تارتىش، نارىسىدە قىزلارنى ئالداش ۋە باسقۇنچىلىق قىلىش.



مىلادىيىنە 890 ـ يىلى بەسرەدە تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىگە كىرىپ، ئەينى دەۋردىكى مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ ئەڭ داڭلىق پىر ئۇستازى ئەبۇ ئەلى زۇبەيىيگە ئەگىشىپ، مەزكۇر مەزھەپنىڭ تۈپ تەلىماتلىرىنىڭ كويىدا ئۆتكەن.

ئەشئەرىي 40 ياشقىچە مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىغا قاتتىق ئەقىدە قىلىپ كەلگەن. ئۇنىڭ مۇشۇ دەۋرلەردە يازغان ئەسەرلىرىنىڭ نۇرغۇنى ئاشۇ تەلىماتلارنى ياقلايدۇ.

40 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇ 15 كۈن ئىستىقامەت قىلىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بەسرە مەسچىتىنىڭ مېھرابىغا چىقىپ كىشىلەرگە: «مەن ئەلى بىننى ئىسمائىل ئەشئەرىيدۇرمەن، بۇرۇن مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىنىڭ تەلىماتلىرىغا ئەقىدە قىلىپ، ‹قۇرئان كەرىم› مەخلۇق (ئىجاد قىلىنغان)، ئىنساننىڭ نەزەرى ئاللانى كۆرەلمەيدۇ، دەپ بىلگەنىدىم. ئاللادا ھەرقانداق بىر ئاكتىپ سۈپەتنىڭ بولۇشىنى ئىنكار قىلغانىدىم. . . بۈگۈن ھەممىگە توۋا قىلدىم، ئەسلىدىكى ئەقىدىلىرىمدىن ۋاز كەچتىم، مۇتەزىلىيلەر تەلىماتلىرىنى رەت قىلىشقا، ئۇلارنىڭ رەزىل، نومۇسسىزلىقلىرىنى پاش قىلىشقا بەل باغلىدىم» دەپ جاكارلىغان.

ئەشئەرىي ھاياتىدىكى بۇ زور بۇرۇلۇش ۋە ئۇنىڭ مۇتەزىلىيلەر ئەقىدىلىرىگە مۇنداق تاساددىپىي ئاسىيلىق قىلىشىدىكى سەۋەب توغرىسىدا تۇرلۇكچە گەپلەر بار.

بەزىلەر ئەشئەرىينىڭ چۈشىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئايان بولغان، رەسۇلۇللا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۈننىتىنى تونۇشنى ۋەھىي قىلغان، دېيىشىدۇ. بەزىلەر ئەشئەرىي ئادىللىق ۋە تېخىمۇ ئادىللىق مەسىلىسى ئۈستىدە، ئۇستازى زۇبەيىي بىلەن بىر

مەيدان مۇنازىرە قىلغاندىن كېيىن، مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىدىن ئۆزىنى تارتقان دېيىشىدۇ. تارىخچىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە ئاساسلانغاندا، بۇ بىر جۈپ ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئارىسىدا قانات يايغان مۇنازىرىنىڭ ئۆزى ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان، بۇ يەردە بىرنەچچە جۈملىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئەشئەرىي: بۇ يەردە ئۈچ ئاكا - ئۇكا بار. بىرىنچىسى مۇسۇلمان، ئىككىنچىسى مۇشرىك بولۇپ، قاراقچى ھەم ئۇچىغا چىققان قارا نىيەت. ئۈچىنچىسى تېخى بالا، ناۋادا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلدى دەيلى، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

زۇبەيىي: شەرىئەتتىكىسى جەننەتكە كىرىدۇ. مۇشرىكى دوزاخقا كىرىدۇ، بالا قۇتقۇزۇۋېلىنغۇچىلار قاتارىدا بولىدۇ.

ئەشئەرىي: ناۋادا بالا شەرىئەتتىكىسى كىرىدىغان جەننەتنى تەلەپ قىلىپ قالسا، بۇنىڭغا يول بارمۇ؟

زۇبەيىي: يول يوق. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاكىسى ئاللا رىزالىقىدىكى نۇرغۇن - نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان، ئەمما ئۇ قىلمىغان.

ئەشئەرىي: ناۋادا بالا ئۇنىڭدىكى سەۋەنلىك مەندە ئەمەس، بەلكى پەرۋەردىگار بولغۇچى سىز مېنى ياشاتمىدىڭىز، رىزالىقىڭىزدىكى ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا پۇرسەت بەرمىدىڭىز دېسىچۇ؟

زۇبەيىي: ھەممىدىن ئۇلۇغ يارانقۇچى ئاللا: «ماڭا ئايان، سەن ناۋادا ياشاپ قالغان بولساڭ، چوقۇم ماڭا ئاسىيلىق قىلاتتىڭ، جازانىڭ كۆلپىتىدە قالاتتىڭ، شۇڭا مەن ياخشىلىق قىلىپ غەمخورلۇقۇمنى يەتكۈزدۈم» دەيدۇ.

ئەشئەرىي: ناۋادا مۇشرىكى قوپۇپ: «سىز مېنىڭ قانداقلىقىمنى بىلەتتىڭىز، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ئىنىمغا



غەمخورلۇق قىلدىڭىز - يۇ، ماڭا غەمخورلۇق قىلمايسىز» دېسىچۇ؟

زۇبەيىي: كاللىڭىزنى سىلكىنىۋېتىپ ئالدىمغا كېلىڭ.

ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى بۇ بىر مەيدان قىزىقارلىق مۇنازىرىنىڭ ئەشئەرىينى مۇتەزىلىيلەردىن بۆلۈنۈپ چىقىشقا سەۋەب بولغۇدەك نەتىجىنى پەيدا قىلىشىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. چۈنكى مۇنداق مېتافىزىكىلىق (گەپتىن گەپكەلىك) مۇنازىرىنىڭ بۇنداق نەتىجىنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. بولۇپمۇ مۇنازىرە ئەزەل - ئەزەلدىن پەقەت شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ھۆكۈملىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ، بولمىسا يۇقىرىقى دىئالوگدا زۇبەيىي بالىنىڭ جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقىنى قانداق بىلەتتى؟ بالىنىڭ ئاللا بىلەن قىلىشىدىغان گەپلىرىنى دېيىشكە ئىلھامى كېلىپ، مۇشرىكنىڭ ئاللاغا دېگەن گەپلىرىگە قانداق پاس چىقىرالايتتى؟

شۇنداق بولغانكەن ئۈچ ئۆلۈكنى چۆرىدىگەن يۇقىرىقى دىئالوگدا ھېچقانداق ئىلمىي ۋە دىنىي ئاساس يوقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، پەقەت شەخسىي قاراش ئىپادىلەنگەن مۇنازىرە يەنە قانداق قىلىپ شاگىرتنىڭ ئۇستازىدىن ئاشۇنداق كەسكىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولۇپ قالدى؟

شۇڭا بەزى مۇتەپەككۇرلار ئەشئەرىينىڭ مۇتەزىلىيلەردىن قول ئۈزۈشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئىچكى ۋە تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ياسىغانلىقىدا دەپ ھېسابلايدۇ، بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئىچىدە ئەينى دەۋر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن تەپرىقىچىلىكمۇ بار. ئۇ چاغلاردا مۇسۇلمانلار ناھايىتى كەسكىن تېپىشىدىغان ئىككى مەزھەپكە پارچىلاندى: ئۇلارنىڭ بىرى «ئەقلىيچىلەر» بولۇپ، ئاللانىڭ سۈپەتلىرىگە ئابستراكت مۇئامىلە قىلىش جەھەتتە ئەشئەرىي ئۇلارغا يېقىنلاشتى. يەنە بىرى

«كلاسسىكلار» بولۇپ، ئۇلار مۇتەزىلىيلەرنىڭ ئەقلىيچىلىكىگە قارشى تۇراتتى، بۇنداق مەۋقە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۆلۈك، قاتمال بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.[1]

ئەشئەرىي مەيلى مۇتەزىلىيلەر ئەقىدىسىدىكى چاغلاردا بولسۇن ياكى بۇ تەلىماتتىن يۈز ئۆرۈگەندىن كېيىن بولسۇن، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، جەمئىي 90 پارچىغا يېتىدۇ. بۇ ئەسەرلەردە ئەينى دەۋردىكى تۈرلۈك ئىلاھىيەت مەسىلىلىرى يېزىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تەپسىر، بەزىلىرى شەرىئەت كىتابى، بەزىلىرى ماتېرىيالىزمچىلار ۋە بىدئەت قاراشلارغا بېرىلگەن رەددىيىلەردۇر. ئۇنىڭدىن بىزگە قالغان نۇرغۇن كىتابلار ئىچىدە ئىككى ئەسەر ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭ بىرىنچىسى «مۇسۇلمانلارنىڭ نۇتۇقلىرى». ئەشئەرىي مەزكۇر كىتابتا، ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر دىنىي مەزھەپلەرنى ئىنچىكە، سادىقلىق بىلەن بايان قىلغان. بۇ كىتاب دىنىي مەزھەپلەرنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئىسلام دىنى مەزھەپلەر تارىخى ۋە كالامىيەت تارىخى توغرىسىدىكى كىتابلارنىڭ تۇنجىسى. مەزكۇر ئەسەر ئىسلام دىنىنىڭ ھەر قايسى مەزھەپلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ھەم ھەدىس ئالىملىرى ۋە سۈننىي مەزھىپى ئەقىدىسى ھەققىدىكى تەپسىلىي بايانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتابنىڭ ئاخىرىدا ئىسلام كالامىزمى ھەققىدىكى مۇھاكىمە بېرىلگەن.

ئىككىنچىسى، «دىن ئاساسىغا ئىزاھ». ئەشئەرىي مەزكۇر كىتابىدا سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەقىدىسىنى شەرھىيلىگەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە

① ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 181 - بەت.



ئاپتور ئۆزى ھۆرمەت قىلىدىغان يېگى ئىدىيىۋى خاھىش بويىچە مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. شۇڭا كېيىنكى ئېيتالايمىزكى، مەزكۇر ئەسەر «مۇسۇلمانلارنىڭ نۇتۇقلىرى» بىلەن بىرگە ئەشئەرىينىڭ كېيىنكى ئۆمرىدە يېزىلغان. مىلادىيە 955 - يىلى ئەشئەرىي باغدادتا ئالەمدىن ئۆتۈپ شۇ شەھەرگە دەپنە قىلىندى.

## 5. ئەشئەرىينىڭ تەلىماتى

ئەشئەرىينىڭ ئىككى تەۋسىيىسى بار. بۇ ئىككىسى قارىماققا زىددىيەتلىك، ماھىيەتتە بولسا بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنىڭ بىرى ئەشئەرىينى سۈننىيلەرگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى خانبالىيە مەزھىپىدە دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزى ئاخىرقى قاراشنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىنچى تەۋسىيىسى ئۇنى ئىسلام دىنىدىكى ھەر قايسى مەزھەپلەر سىرتىغا قويغان، يەنى ئۇ سۈننىي مەزھىپى بىلەن باشقا ھەر قايسى مەزھەپلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ياخشىلاشقا بەك ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ماھىيەتتە ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ ھەممىسى پەرقسىز، ئىختىلاپ پەقەت ئۇششاق مەسىلىلەردە كۆرۈلىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئىبنى ئىسھاق ئۇنىڭ«ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق شەرىئەت مۆتىۋەرلىرىدە چاتاق يوق، ئۇلارنىڭ ئۇنداق - مۇنداق قاراشلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە تۇشلۇق ئاساسلار بار. ماھىيەتتە ئۇلاردا ئىختىلاپ يوق، ئىختىلاپ پەقەت ئۇششاق مەسىلىلەردىلا» دېگەن سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

گەرچە دىنىي ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش مەقسىتىدىكى ئەقلىي مۇنازىرە جەھەتتە، ئەشئەرىي كلاسسىزمچىلاردەك ئەقلىيلىك پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي قارشى تۇرمىسىمۇ، لېكىن يەنە ئەقلىيلىقنى (مەنتىقىنى) دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىلىرىنى

بېكىتىلىدىغان ئۆلچەم دەپ قارىمىغان. سەۋەب: پەيغەمبەر ۋە ساھابىلەر بۇنداق قىلمىغان. لېكىن مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئەقلىي مۇنازىرىنى بىدئەتلىك دەپ ھېسابلىمىغان. ئەشئەرىي تۆۋەندىكى ئىككى تۈپ مەسىلىدە مۇتەزىلىيلەرگە قارشى مەيداندا تۇرىدۇ:

1. ئەقلىيلىك مۇتەزىلىيلەر دېگەندەك، بىزنى چوڭقۇر دىنىي ئەقىدىگە باشلىماستىن، بەلكى بۇنىڭ ئەكسىچە دىنىي ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ ياكى ئەقلىيلىك ئېتىقادنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ كېتىدۇ. چۈنكى، ناۋادا ئەقلىيلىكنىڭ ئۆزى دىنىي تەلىملەردىن بۈيۈك بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاللاغا ئىشىنىش ۋە «قۇرئان كەرىم» نىڭ يەنە قانچىلىك قىممىتى بولىدۇ؟

2. «قۇرئان كەرىم» دە ئۇچۇق ئايەتلەر بىلەن كۆرسىتىلگەنكى، ئاخىرەتكە ئىشىنىش دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىسى. بولمىسا ھەرقانداق دىنىنىڭ ئاساسى چوقۇم مۇشۇنىڭلىق بىلەن لىڭشىپ قالىدۇ. بىراق باقىي ئالەم مەسىلىسى ئەقلىي مۇنازىرە دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەن، شۇنداق قىلىپ ئەقلىيلىك ئېتىقاد مەسىلىلىرىنى دەلىللەيدىغان بىر تارازا بولۇش سۈپىتىدە باقىي ئالەمگە ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن پەقەتلا بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ.

ئەشئەرىي كلاسسىزمچىلار بىلەن ئەقلىيچىلەرنىڭ قاراشلىرىنى ماسلاشتۇرۇشقا بەك كۆڭچىگەن، بۇ ئىككى مەزھەپ ئارىسىدىكى بىر قىسىم قول تۇتىدىغان ئىدىيىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، تۆرلۈك ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بەلكىم، مانا بۇ ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە تەلىماتلىرىنىڭ ئۈزۈندىن كېيىنكى بىر نەچچە يۈز يىل مابەينىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ تارقىلىشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولسا كېرەك.

بۇ جەھەتتىكى مۇزاكىرىدە بىز ئۇنىڭ مۇرەسسەچىلىكى ھەمدە ئۇنىڭ ئاللانىڭ ئىلاھىي سۈپىتى، «قۇرئان كەرىم» نىڭ



مەخلۇقلۇقى ۋە ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى قاتارلىق ئۈچ مەسىلىدىكى مەيدانىنى ئايرىم - ئايرىم چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

1. بىرىنچى مەسىلىگە نىسبەتەن، بىز بايىلا مۇتەزىلىيلەرنىڭ ئاللانىڭ سۈپىتى سىرتىدا ھېچقانداق خاسلىقى يوق، يەنى بارلىق خاسلىقنىڭ ئۆزى ئاللانىڭ زاتى شۇ دېگەنگە قانداق ئىشەنگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق.

يەنە بىر تەرەپتىن، بىز يەنە كلاسسىزمچىلارنىڭ ئاللانىڭ ئىلاھىي سۈپىتى توغرىسىدىكى ساددا قاراشلىرى ئارقىلىق ئاخىرىدا ئاللانىڭ ئىلاھىي سۈپىتىنى ئاللانىڭ زاتى سىرتىدىكى تۈرلۈك شاھانە ئاتاق ۋە خاسلىقلاردىن تەشكىللەنگەن مۇرەككەپ بىرىكمىگە ئايلاندۇرغانلىقىنى كۆردۇق.

ئىسلام دىنىدا مۇتەزىلىيلەرنىڭ بۇ جېدەل مەيدانى كۇفۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ، يەنى ئۇلار ئاخىرقى ھېسابتا ئاللانىڭ بارلىق ئەمەلىي خاسلىقى ۋە پائالىيىتىنى يوققا چىقىرىدۇ دەپ قارىلىدۇ، شۇڭا ئۇلار يەنە «كۇفرىلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش «قۇرئان» نىڭ زىر - زەۋىرىدىن چىقمايدىغانلار «ئەيىنەنچىلەر» دېيىلىدۇ.

ئەشئەرىي مۇشۇ تالاش - تارتىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئاللانىڭ «قۇرئان كەرىم» دە ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق خاسلىقى ۋە گۈزەل سۈپەتلىرى بار، بىراق بۇ گۈزەل سۈپەت ۋە خاسلىق ئاللانىڭ زاتى سىرتىدا مەۋجۇت بولمىغان ئەھۋالدا، ئاكتىپ ماھىيەت ۋە كەڭ نەزەر بىلەن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن ئاللانىڭ زاتى ھەرگىز ئوخشاش نەرسە ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ، دەيدۇ!

ئەشئەرىي ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ھەل قىلىش پىكرىنىڭ مۇھىملىقى شۇ يەردىكى، ئۇ خاسلىق بىلەن ئىدىيىۋى ئۇقۇمنى پەرقلەندۈرگەن. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، ئۇ يەنە زات بىلەن

خاسلىق ئارىسىدىكى قاتتىلاڭ مۇناسىۋەت سان جەھەتتىن ئەمەس، سۈپەت جەھەتتىن تەڭپۇڭلۇقتا ئىپرىشىشى كېرەك دەپ قارىغان. مانا بۇ مۇتەزىلىيلەرگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بولغان گەپلەردۇر.

«قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس»تە تىلغا ئېلىنغان ئاللانىڭ قولى بار، يۈزى بار، شاھانە تەختتە ئولتۇرىدۇ دېگەندەك ئادەملەشتۈرۈلگەن خاسلىقى توغرىسىدا مۇتەزىلىيلەر بۇ خىل ئىپتىشلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىتىش سۆزلىرىدۇر، قول كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، يۈز زاتقا ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئاللا شاھانە تەختتە ئولتۇرىدۇ دېگىنى پەقەت ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بۈيۈكلۈكىنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ.

كلاسسىزمچىلار بولسا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» لەردىكى بۇ خىل ئىپتىشلار ھەقىقەتەنمۇ ئەمەلىيەت، ئۇلارنى چوقۇم خەت مەنىسىدىكى ئەينەن مەنە بويىچە چۈشەندۈرۈش ۋە چۈشىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

ئەشئەرىي بۇ خىل خەت مەنە ۋە ئاللانىڭ زاتى جەھەتتە كلاسسىزمچىلار بىلەن بىردەك بولغان. بىراق، ئۇ تەبئىي، ماددىي شەكىلنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئاللاغا تېڭىشقا قارشى تۇرغان.

شۇڭا خۇددى ئەشئەرىي ئېيتقاندەك، مۇسۇلمانلار ئاللانىڭ يۈزى، قولى بارلىقىغا ئىشىنىشى كېرەك، ئەمما ئۇنىڭ قانداقلىقىنى ئويلىماسلىقى لازىم.

2. «قۇرئان كەرىم» نىڭ مەخلۇقلۇقى مەسىلىسى. مۇتەزىلىيلەر «قۇرئان كەرىم» بەندە بايان قىلغان ئاللانىڭ سۆزى، ئەمما، قايسىسىنىڭ ئەبەدىيلىك ئىلاھىي سۈپەتكە ئىگە ئاللانىڭ سۆزى، قايسىسىنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە ئىلاھىي سۈپەتلەرنى سۈرەتلەش ئۈچۈن دېيىلىپ قالغان گەپلەر ئىكەنلىكى پەرقلەندۈرۈلمىگەن، دەيدۇ.



كلاسسىزمچىلار بۇ خىل تەھلىلنى كەسكىن ئىنكار قىلىدۇ، ئەمما ئۇلار ئاللانىڭ ئەبەدىيلىك سۆزلىرى بىلەن روشەن ۋاقىت خاراكتېرلىكى بار كلاسسىك سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋالغان.

بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر تېخىمۇ يىراقلاپ كەتكەن. ئۇلار « قۇرئان كەرىم » ئۆز مەزمۇنى ۋە خەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى، ماددىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قەغەز ، سىياھ، مۇقاۋا بىلەن بىرلىكتە ئۆزگەرمەستۇر، دەپ جاكارلىغان.

بۇ ئىككى خىل رادىكاللىق ئارىسىدىكى مۇرەسسەچىلىك ھېسابىدا ئەشئەرىينىڭ مەيدانى ئوتتۇرىغا چىققان. بۇ مەۋقە بويىچە بولغاندا، «قۇرئان كەرىم» نىڭ تىلى خاراكتېر جەھەتتىن ئىنسانغا خاس ياكى ئىلاھقا خاس بولسۇن، بىردەك مۇتەزىلىيلەر ئېيتقاندەك دېسە گەپ، يازسا خەتلا ئەمەس، بەلكى، ئۇ بىر خىل «ۋۇجۇد دىئالوگى» دۇر. شۇڭا ئۇ تاۋۇش ۋە ھەرپنىڭ تېگىدىكى بىر مەۋجۇتلۇقتۇر.

ئەشئەرىينىڭ « قۇرئان كەرىم » نىڭ ئەبەدىيلىكىگە بولغان ئىشەنچى ئاللادا مەۋجۇت بولغان ئىلاھىي سۈپەتنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ بىر ئاڭلىغىلى بولمايدىغان ۋۇجۇد دىئالوگىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭدا ھەرگىز ئاۋاز بولمايدۇ.

ئەمما، ئۇ «قۇرئان كەرىم» مۇ ھەرپتىن تەشكىللەنگەن، يېزىپ چىقىلغان، دەپ قارايدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەشئەرىي « قۇرئان كەرىم » ۋاقىت خاراكتېرى بار ئىجادىيەتتۇر دەپ قارايدۇ.

3. ئىنساننىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى. تالاش - تارتىشلىق بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغاندا ئەشئەرىي مۇتەزىلىيلەردەك ئاللانىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىنى قوغلىشىپ كەتمىگەن، بەلكى، ئۇرۇنۇپ بېقىشقا ئىخلاس قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئەشئەرىي مۇتەزىلىيلەرنىڭ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەجھۇللۇقى مەيدانى

بىلەن ئەكسى ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەقدىرچىلىك مەيدانى ئارىسىدا يېڭى بىر يول ئالدى.

ئەشئەرىي مۇتەزىلىيلەر ئىنسانىنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكىگە، ئۆز ئىشىغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىغا ئىخلاس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىنىڭ ئىجاد قىلىش قابىلىيىتى بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ، دەپ قارىغان. مۇتەزىلىيلەرنىڭ خاتالىقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇ ئاللانىڭ ئىلاھىي قۇدرىتى بارلىقىنى تەكىتلەپلا قالماي، يەنە ئىنساننىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ تەرىپىنى قىلغان.

ئاللا ئىنسانغا قادىرلىقنى بەرگەن، بىراق، ئۇ ھەرگىز ئىجادىيلىق ئەمەس، يەنى ئادەمدە سەۋەب قىلىش ئىقتىدارى بولىدۇ، لېكىن، بولماقچى بولغان ئىشنى ئىختىرا قىلالمايدۇ. دېمەك، ئۇ ئىنسانغا ئەركىن نەپەس ئالغۇدەك زېمىننى قالدۇرۇش بىلەن بىللە، ئىنساننىڭ ئۆزىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشىنىمۇ سۆزلەپ ئۆتتى.

خۇددى مۇتەزىلىيلەر ئەقىدە قىلغانغا ئوخشاش ئەشئەرىيمۇ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەجھۇل ۋە ئاكتىپ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە مۇتەزىلىيلەرنىڭ پرىنسىپىنى قوبۇل قىلغان، يەنى بۇ ئىككى خىل ھالەتكە نىسبەتەن ئىنساننىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئوخشاشمىغان ھېسسىياتتا بولىدىغانلىقىنى جەزىم قىلغان. ئەمما، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئىنساننىڭ ئىقتىدارى ئىنسان زاتىنىڭ سىرتىدىن كەلگەن نەرسە، ھەرگىز ئىنسان زاتىنىڭ ئۆزىنىڭ خاسلىقى ئەمەس. ئەشئەرىي ئادەمدە كۆرۈلىدىغان ھەر بىر ئاكتىپ پائالىيەتنى ئاللا ئىختىرا قىلغان پائالىيەت ۋە ئىنسانىي سەۋەب بىلەن قولغا كەلگەن پائالىيەت دەپ ئايرىغان.



# تۆتىنچى باب كىندى

## 1. ئەرەبلەردىن بولغان تۇنجى پەيلاسوپ

### 1. كىندىنىڭ ھاياتى

كىندى ئەرەب پەيلاسوپى دېگەن بۇ شەرەپلىك نامغا تۇنجى مۇيەسسەر بولغان ھەقىقىي ئەرەب. قازى كالان سەئىدى تەكىتلەپ ئەرەبلەر ئىچىدە پەقەت كىندى بىلەن ھەمەدانلا پەيلاسوپتۇر دەيدۇ. ئۇ: «ئەرەبلەر ئىچىدە ئەبۇ يۇسۇپ ياقۇپ بىننى ئىسھاق كىندى ۋە ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن ھەمەداندىن[①] باشقا يەنە كىمنىڭ پەلسەپىدە داڭ چىقارغىنىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دەپ ئېيتىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىندى يەنە ئىسلام پەلسەپىسى شەكىللىنىۋاتقان مەزگىللەردە، ساپ كالامىزم دەۋرىدىن كالامىزم بىلەن يۇنان، ھىندىستان، پېرسىيە پەلسەپىسى يۇغۇرۇلغان دەۋرگە ئۆتۈش مەزگىلىنىڭ دەسلىپىدە دۇنياغا كەلگەن بىر پېشىۋا مۇتەپەككۇردۇر.[②]

گەرچە كىندى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرىدىكى مەشھۇرلار ئىچىدە خېلى كۆزگە چېلىقىشلىق ئورۇندا تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ھەر قايسى باسقۇچلاردىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى يەنىلا ناھايىتى ئېنىقسىز، ئۇنىڭ تەزكىرىسىنى يېزىشتا ۋە ئۇ ھەقتە تەتقىقات

---

① ئۇنىڭ تولۇق نامى ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن بىننى ياقۇپ ھەمەدانى سىنادا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، ھىجرىيە 334 - يىلى سىنا تۈرمىسىدە ئۆلگەن. كىشىلەر ئۇنى ئىبىن خالىق دەپ ئاتايدۇ. كىندى ئۇنى قەدىمكى يەمەندە تۇرىلگەن ئەڭ مۇنەۋۋەر ئادەم دەيدۇ. سۇيىت ئاشۇ دەۋردە ئۇ بىردىنبىر بۈيۈك ئىنسان ئىدى، ئۇ ئاجايىپ ئىنسان. ئاللا يەمەنگە ئۇنىڭدەك بىلىملىك، ماھىر، ناتىق، تەتقىقاتتا ئامراق، ئۆتكۈر، ھەر قايسى كەسىپلەردە پىشقان شائىر ئىنساننى تىخى بېرىپ باقمىدى، دەپ تەرىپلەيدۇ.

② «ئىسلامىي شەھەرلەردىكى پەلسەپە» 853 - بەت.

ئېلىپ بېرىشتا پايدىلىنىشقا بولىدىغان بىرىنچى قول ماتېرىيال ئۇنىڭ ھاياتى ۋە ھەر قايسى دەۋرلەردىكى پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە يەنىلا كەملىك قىلىدۇ. ئەمما تەزكىرىچىلەر بىردەك كىندى ئەسلى زاتىدىن ئەرەب، ئۇنىڭ ئاتىسى ئىسھاق بىننى ساباھ خەلىپە يەزدى ۋە رەشد دەۋرىدە كۇفا شەھىرىنىڭ ئەمىرى ، ئۇنىڭ بوۋىسىمۇ ئابباسىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە بىرنەچچە ئۆلكىنىڭ ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان بىر ئەمەلدار ئىدى [1] دەپ قارايدۇ.

كىندى كۇفادا تۇغۇلغان. دېمەك، كۇفا ئۇنىڭ يۇرتى، شۇنداقلا ئاتىسىنىڭ ئەمىرلىك مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق شەھەر.[2] ھىجرىيە 644 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن ئىبنى جەلجول كىندى ھەققىدە: «ئۇ ئېسىل نەسەبتىن، ئەسلى بەسرەلىك، بوۋىسى ئاباسىيلار دەۋرىدە بىر نەچچە ئۆلكىنىڭ چوڭ ھوقۇقلىرىنى تۇتۇپ تۇرغان بىر ئەمىر ئىدى. كىندى بەسرەدە تۇراتتى، ئۇنىڭ يۇرتىمۇ شۇ ئىدى. كېيىن ئۇلار باغدادقا كۆچۈپ كەلدى ۋە شۇ يەردە مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالدى»[3] دەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ سۆزلىرى تېخىمۇ ھەقىقىي بولغان ئىسپاتنى تەلەپ قىلىدۇ، ئۇ بەزى تارىخچىلارنىڭ پىكىرلىرى بىلەن زىتلىشىپ قېلىشى مۇمكىن.

كىندى مىلادىيە 801 - يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، تېخى بالا چېغىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ يېتىملىكتە چوڭ بولىدۇ. ئۇ ۋەيران بولغان ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن ئىدى. بىراق ئۇنىڭ خەلىپە مەئمۇن (مىلادىيە 813 — 833 - يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) يېنىدىكى يۇكسەك ئورنىدىن قارىغاندا، ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇ مىلادىيە 801 - يىلىدىن بۇرۇن تۇغۇلغان، شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ ئەقىل - پاراسەتتە تولۇشىغا

① «مەشھۇر كىشىلەر قامۇسى» Ⅱ توم 187 - بەت.
② «ئەرەب ئىلىم - پەنى مىراسلىرى» 138 - بەت.
③ «ئەدىبلەر لۇغىتى» Ⅱ توم 62 -، 63 - بەتلەر.



يېتەرلىك ۋاقىت ھازىرلىنىدۇ ھەم خەلىپە خاندانلىقىنىڭ پەلسەپە مۇتەۋرى بولۇش خىسلىتى مۇناسىپ مۇكەممەللىك تاپالايدۇ.[1]

بىرىنچى قول ماتېرىياللارنىڭ ئېنىقسىزلىقى ياكى كەمتۈكلۈكى تۈپەيلى، كىندىنىڭ تۇرمۇشى ، ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئۆگىنىش دەۋرىدىكى ئەھۋاللارنى بىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق، كىمنىڭ قولىدا ئوقۇغانلىقىنىمۇ بىلىش تەس. ئۇنىڭ قاچان ئالەمدىن ئۆتكىنىگە كەلسەك، بۇمۇ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ئېنىقلاشتىن ئاسان ئەمەس. ئىمام مۇستافا ئابدۇل رازاق ئۇنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى 864 - يىلى دېيىشكە مايىل. ئەمما، شەرقشۇناس ماسسىگنون ئۇنى 873- يىلى ۋاپات بولغان دەيدۇ. پروفېسسور نىلنو ۋە شەرقشۇناس ھېنرى كولىنلار كېيىنكى قاراشقا قوشۇلىدۇ.

ياقۇپ ھەمەۋىي كىندى 80 نەچچە يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى دەيدۇ.

كىندى مەئمۇن، مۇتەئەسۇم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەھمەدتىن ئىبارەت ئۈچ ئەۋلاد پادىشاھنىڭ ھۇزۇرىدا ناھايىتى بەك ئەتىۋارلانغان. ئۇ شاھزادە ئەھمەدنىڭ نامىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى يازغان، بەلكىم كىندى ئۇنىڭ ئۇستازى بولۇشى مۇمكىن. بىز كىندىنىڭ ئوردىدا قانچىلىك تۇرغانلىقىنى، كونكرېت نېمە خىزمەتتە بولغانلىقىنى بىلمەيمىز. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىپىسى گرېك كلاسسىك ئەسەرلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىش، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ تەرجىمىسىنى تۈزىتىش ئىمىش،[2]

① ئىبىن خەلدۇن كىندىنىڭ قىسقا تەرجىمىھالىنىڭ كىرىش سۆزىدە، كىندى رەشىد ۋە مەئمۇن ئىككى خەلىپىنىڭ مۇنەججىمى ئىدى، دەيدۇ. ناۋادا بۇ گەپ توغرا بولسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى مىلادىيە 796 - يىلىدىن خېلى ئىلگىرى بولىدۇ. چۈنكى رەشىد مىلادىيە 802 - يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن، 7 ياشلىق بالا ھەرگىز ئوردا مۇنەججىمى بولالمايدۇ.
② ھېنرى كولىن «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» دا، كىندى باي سالاھىيىتىدە بىر توپ ياردەمچى ۋە تەرجىمانلارنى ئىشقا سالغان. گرېك تىلىدىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدۇرغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇ تەرجىمانلار تەرجىمە جەريانىدا يولۇققان قىيىن سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى بېكىتىشكە ئىشتىراك قىلىپ تۇرغان، دەيدۇ.

بەلكىم كىندى ئۆزىدا مۇنەججىملىك ياكى تېۋىپلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇسا بىننى شاكىرنىڭ ئىككى ئوغلى مۇھەممەد بىلەن ئەھمەدلەر رەزىل ھىيلە - سۇخەن ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مۇتەكەللىملەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بۇزۇشقا تۇتۇنغانىدىن كېيىن، ئۇ ئەتىۋارلانماس بولۇپ قالدى، خەلىپىنىڭ بىر قەپەس كالتەكلىشىگە ئۇچراپ، ئوردىدىن قوغلاپ چىقىرىلدى. خەلىپە شاكىرنىڭ ئىككى ئوغلىغا كىندىنىڭ كىتابلىرىنى تەكشۈرۈپ كۆچۈرۈشنى بۇيرىدى، بۇ كىتابلار كېيىنچە كىندىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان شەخسىي كۇتۇپخانىغا ئەكىرىۋېتىلدى.

2. كىندىنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرى

بىز سىرتتىن كەلگەن ئىدىيىلەرنى تونۇشتۇرۇش، ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئەۋج ئالغان ۋە ئەرەبلەرنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيولوگىيىسى شەكىللىنىۋاتقان مەزگىللەردە ياشىغان كىندىنى كۆردۇق، يالغۇز ئادەمنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئەينى دەۋردىكى ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلەپ كېتىشىنىڭ ئۆزىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، ئاشۇ دەۋردە ياشاپ ئۆتكەن مۇشۇنداق بىر ئەرەب مۇتەپەككۇرنى تەسەۋۋۇر قىلىش كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇر قۇدرىتىدىن راستتىنلا ھالقىپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىۋاتقان كىندى ئەسەرلىرىدىن كۆرۈش تەس ئەمەسكى، بۇ ئەرەب پەيلاسوپى بەزى تارىخچىلار دېگەندەك پەقەت ماتېماتىكىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ يەنە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ھەقىقىي پەيلاسوپىدۇر. كىندى مېتافىزىكىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئاسترونومىيە، مۇنەججىملىك، مۇزىكا، ئارفمېتىكا، گېئومېتىرىيە ۋە دورىگەرلىك دېگەندەك تەبىئەت پەنلىرىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ جەھەتتە كىندىنىڭ



«مۇزەككەپ دورىلارنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە» ناملىق ئەسىرى جابىر بىننى ھايياننىڭ ئەشيالارنىڭ خىسلىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىغا ناھايىتى يېقىن تۇرىدۇ. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، كىندى، فارابى، ئىبنى سىنا ۋە سەدرىدىن شىرازى بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ئۆتكۈر ۋە ھوسۇللۇق پەيلاسوپلارنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى.[1]

3. كىندىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى

كىندى ئۆمرىنى كۇفا، بەسرە ۋە باغدادتا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۆمرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى باغدادتا ئۆتكەن. ئەينى چاغدا بۇ ئۈچ شەھەر ئىدىيە، ئىلىم پائالىيەتلىرىنىڭ مەركىزى بولۇپ، يەنە تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر، ھەر قايسى ئىلىم تەرەپدارلىرى ئۇچرىشىدىغان، تۈرلۈك مەزھەپلەر دوقۇرۇشىدىغان سەھنە ئىدى. بىزگە مەلۇمكى، كىندى مۇتەزىلىيلەر ئىدىيولوگىيىسى دەۋر سۈرۈپ، كالامىيەت پىشقىلىنىۋاتقان مەزگىللەردە تۇرمۇش يولىغا قەدەم قويغان. شۇڭا بۇ تۈرلۈك ئىدىيە ئېقىملىرى تەبىئىيلا ئۇنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىدا تۈرلۈك تەسىرلەرنى پەيدا قىلماي قالمايتتى. ئەينى چاغدا مۇتەزىلىيلەرنىڭ قاراشلىرى پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا تارالغان بولۇپ، يەنە كىندىنى ئەتىۋارلاۋاتقان خەلىپە مەئمۇن ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇتەئەسىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، كۈچلۈك ئىدىيىۋى ئېقىم بولۇپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا كىندىنىڭ مۇتەزىلىيلەر قاتارىدا تۇرىدىغان ياكى تۇرمايدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيمىز، چۈنكى، كىندى مۇيەسسەر بولغان يۇقىرى مەرتىۋە ئېھتىمال ئۇنىڭ ئېسىل نەسەبلىك بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئىلىم ۋە پەلسەپە ساھاسىدە قوشقان تۆھپىلىرى سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن.

① ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 237 - بەت.

بىراق كۆرۈۋالالايمىزكى، كىندى مۇتەزىلىيلەر تەلىماتلىرىنىڭ تۈپ ھەقىقەتلىرى توغرىسىدا بىرمۇنچە كىتابلارنى يازغان. مەسىلەن، تارىخچىلار ئۇنىڭ ئاللانى بىر دەپ تونۇش توغرىسىدا، يەنە ئاللانىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئادىل بولىدىغانلىقى توغرىسىدا كىتابلىرى بارلىقىنى قەيت قىلىدۇ. مۇتەزىلىيلەر ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئەكس يول تۇتقان بارلىق كىشىلەرگە ئوت ئاچقاندا كىندىمۇ بۇ سەپكە ئۆزىنى ئاتىغان، ئىككى مەنبەچىلىك، بىدئەتلىك ۋە خرىستىئانلارغا رەددىيە بېرىدىغان ئەسەرلەرنى يازغان. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى كىندىنىڭ مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىدە ئىكەنلىكىگە جەزىم قىلدۇرالمايدۇ. چۈنكى، ھېسام بىننى ھەكىم ۋە ھېسام بىننى جەۋلىك[1] قاتارلىق مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىدە ئەمەس كىشىلەرمۇ ئاللانىڭ ئادىللىقى، ئاللانىڭ بىردىنبىرلىكى توغرىسىدا، بىدئەتلەر ۋە ئىككى مەنبەچىلىككە قارشى تېمىلاردا ئەسەر يازغان. يەنە بىر جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئادىللىق ۋە ئاللانى بىر دەپ تونۇش يەنە ئىسلام ئەقىدىسىدىكى ئىككى مۇھىم ئامىل، دىنىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بولۇپ، ھەرگىز بىر كىملەرگە يېقى بايقىلىدىغان نەرسە ئەمەس.[2]

شەك ـ شۈبھىسىزكى، كىندى ئەرەبلەردىن بولغان تۇنجى

① پروفېسسور ئەبۇ رىدا «كىندى پەلسەپە ئەسەرلىرى توپلىمى»نىڭ مۇقەددىمىسى 31 ـ بەتتە: «مۇتەزىلىيلەرنىڭ ئېپادىلىش ئۇسۇلىغا ئاساسلانغاندا، كىندى ئەسەرلىرىدە ئۇلار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر قىسىم ياخشى ئىدىيىلەر بار. كىندى ئۇنى مۇكەممەل ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن ئالەم سىستېمىسىدا ئىجرا قىلغان، ناۋادا كىندىنىڭ ئەقلىيلىق بىلەن «قۇرئان كەرىم»نى شەرھلىگەندىكى پەلسەپىۋى خاھىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ «تۇنجى پەلسەپە» ناملىق كىتابىنىڭ 160 ـ بېتىدىكى ئاللانىڭ ماھىيىتىگە ھەرگىز مەنسۇپ بولمىغان ئاشلۇنلۇقتىكى گەپلىرىگە قارساق، ئۇنداقتا بايقىيالايمىزكى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئۆز دەۋرىدىكى مۇتەزىلىيلەر دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، كۈچلۈك پەلسەپىۋىچانلىق ۋە ئادەمنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغايدىغان كىشىلىك خاراكتېرلەرنى چۈشۈرۈپ قويمىغان ھالدىدۇر» دەيدۇ.

② پىروفېسسور مۇشىر «ئىلھامكارلار تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 3 ـ بېتىدە، ئەينى چاغدا كىندىنىڭ مۇتەزىلىيلەرگە مايىللىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەمما كېيىن ئىدىيىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە مۇتەزىلىيلەرگە دۈشمەنلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسى مۇسادىرە قىلىنغان ۋە ئۆزى سەكراتتا چۈشۈپ قالغاندى. ئەمما بوران ـ چاپقۇن ئۇنى باشقا مۇتەزىلىيلەر بىلەن بىرگە يوقۇۋەتمىدى. دوكتور فارىسى «ئەرەب مۇزىكا تارىخى» 149 ـ بەتتە ۋە بىنمەلى «ئەرەبلەرنىڭ پەن ـ تېخنىكىسى» ناملىق كىتابىنىڭ 149 ـ بېتىدە. ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يۇقىرىقى قاراشنى تەستىقلايدۇ.



ئىسلام پەيلاسوپى. ئۇنىڭ ئىدىيىۋى پرىنسىپلىرى ۋە ئەقىدىلىرى ئەينى دەۋردىكى ئىسلام ئىدىيىۋى ئېقىملىرى، پرىنسىپلىرى ۋە ئەقىدىسىنى تارتماي قالمايدۇ. كىندى دىنىي ئىلاھىيەت بىلەن ئەقلىي پەلسەپە ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇرەسسەچىلىكى ئۈچۈن تىرىشتى. ھىندىستاننىڭ بىراھمان دىنى نەزەرىيىسىگە قارشى تۇردى. بۇ نەزەرىيىنىڭ ئاساسى پەقەت«بىراھمان ھوش»لا بارلىق تونۇشنىڭ ھەممىگە تېتىشلىق مەنبەسى دېمەكتىن ئىبارەت. ئۇنداقتا، ئۇنىڭغا بىلىمگەننى بىلىشمۇ كەتمەيدۇ، پەيغەمبەرمۇ، ئالدىن بېشارەتچىمۇ كەتمەيدۇ.

كىندى «پەيغەمبەرلىك»نى قوغداپ، بىراھمان دىنى نەزەرىيىسىنى رەت قىلدى. «ئاللانىڭ رەسۇلىغا دەلىل» ۋە «لوگىكىچىلارنىڭ تەرىقىتى بىلەن پەيغەمبەرنىڭ زۆرۈرلۈكىگە دەلىل» ناملىق كىتابلارنى يازدى.

شەرقشۇناس ھېنرى كولىن كىندىگە يېڭى پىفاگورىزمچىلارنىڭمۇ تەسىرى بولغان دەيدۇ. بۇ خىل تەسىرنى ئۇنىڭ «پەلسەپە پەقەت ماتېماتىكىنىلا تەتقىق قىلىدۇ» دەيدىغان ئەسەرلىرىدىن كۆرۈۋشكە بولىدۇ.

4. كىندىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى

كىندى تۈرلۈك ئىلىم ساھەسىدە نۇرغۇن ماقالە ـ ئەسەرلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن. بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى كەڭ بىلىمگە ئىگە ھوسۇللۇق قەلەمكەش ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ. ئۇ يازغان پەلسەپىۋى ئەسەر 22 گە، مۇنەججىملىك توغرىسىدىكى ئەسەر 29 غا، ئاسترونومىيە توغرىسىدىكى ئەسەر 16 گە، ئىلاھىيەت توغرىسىدىكى ئەسەر 17 گە، ئارفمېتىكا توغرىسىدىكى ئەسەر 11 گە، گېئومېترىيە توغرىسىدىكى ئەسەر 23 كە، فىزىكا توغرىسىدىكى ئەسەر 12 گە، مۇزىكا توغرىسىدىكى ئەسەر يەتتىگە، پسىخولوگىيە توغرىسىدىكى ئەسەر بەشكە، لوگىكا توغرىسىدىكى

ئەسەر توققۇزغا، تەجرىبىچىلىك توغرىسىدىكى ئەسەر بەشكە، يۇرۇجلار توغرىسىدىكى ئەسەر 14كە بارىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تىبخى ئارىستوتىل ئىلاھىيەتچىلىكى توغرىسىدىكى ئەسەرلىرى، «مۇرەككەپ دورىلارنىڭ شىپالىق رولى ھەققىدە»، «دېڭىز سۈيى كۆتۈرۈلۈشىنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە» ناملىق ئىككى ئەسىرى ۋە يەنە بەزى ماقالىلىرى يوق. بۇندىن باشقا ئۇ يەنە «ئەخلاق ھەققىدە» ناملىق بىر ماقالە ۋە «مىتال تاۋلاش سەنئىتى» نىڭ كۆز بوياமچىلىقىدىن ھوشيار بولۇش ھەققىدە بىر ماقالە يازغان.[1]

ئىبنى نادىم «كىتابلار مەجمۇئەسى» ناملىق كىتابىدا تۈنجى قېتىم كىندىنىڭ ئەسەرلىرىنى ساناپ كۆرگەن. كىندىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن بەزى تەرجىمانلارنىڭ دەلىللىشىچە، ئۇنىڭ 265 پارچە ئەسىرى بولغانىكەن. ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، كىندىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. غەربلىكلەر كىندىنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى بىلەن ئاز - تولا تونۇشلۇق. بۇ ئەسەرلەردە ماددا، شەكىل، ھەرىكەت، ماكان ۋە زامان توغرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر مۇھاكىمىلەر بار. بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئۇنىڭ 30 بابلىق «دەسلەپكى پەلسەپە»، «ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلىرى»، «ئەقلىيلىك توغرىسىدا» ناملىق ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە ئەسلى نۇسخىسى ئىستانبۇل كۇتۇپخانىسىدىن بايقالدى.

5. كىندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى

كىندىنىڭ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئوغلانلىرىدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە دەرۋىش نامى بىلەن مەشھۇر مۇھەممەد ىبنى بەزەي بار. ئۇ «قامۇس»، «خام بوياق، قارا رەڭ ۋە سىياھ

[1] «شىمشەلەردىكى پەلسەپە» 661-بەت



ياساش»[1] قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. كىندىنىڭ زەينەپ دەپ بىر ئوقۇغۇچىسى بار بولۇپ، كىندى مۇشۇ ئادەمنىڭ نامىدا «يۇرۇجلارنىڭ سىرى ۋە رەسەت پرىنسىپىدىن كۆرسەتمە» ناملىق بىر كىتاب يازغان. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن يەنە ئەبۇ زەيدى ئەھمەد ىبنى ساھەللى بەلەس[2] ناملىق بىرسى بار. ئۇ بىر پەيلاسوپ بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئويلىرى بىلەن مەشھۇر. مۇشۇ ئادەم «بىز «قۇرئان كەرىم» دە ئۇچرىتىدىغان ئاللانىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى قەدىمكى سۈرىيە تىلىدىن كەلگەن» دەيدىغان مۇشۇنداق دادىل گەپلەرنى ھەقىقەتەنمۇ دېگەن.

پەيلاسوپلار ئىچىدە كىندىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئوقۇغۇچىسى ئەھمەد ىبنى تايىب سالاخۇش بولۇپ، ئۇ خوراساننىڭ سالاخۇش كەنتىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەل ھەمزە ئىسپىھانى دائىم تىلغا ئالىدىغان ئاۋازلىق ھەرپلەرنى كەشىپ قىلغۇچىدۇر، شۇنىڭ بىلەن بىرگە زېنون (Zen o nEleate) مۇرتلىرى دېگەن بۇ ئەرەب تىلىدىكى توغرا ئاتالغۇنى تېپىشنىڭ تۆھپىسىمۇ شۇنىڭغا مەنسۇپ. چۈنكى، ئىلگىرىكى ئىسلام تارىخى كىتابلىرىدا بۇ ئادەملەرنىڭ نامى ئېنىق بولماي كەلگەن بولۇپ، بەزىدە زېنون مۇرتلىرى بىزەكلىك ئايۋان مەزھىپى دېيىلسە، بەزىدە ئۇلار ستوكىس مەزھىپى، بەزىدە يەنە مۇتىئەللى مەزھىپى[3] دەپ ئاتىلىپ كەلگەنىدى.

سالاخۇش بۇ ئاتالغۇ ھەققىدە ئىنچىكە چۈشەندۈرۈش بەرگەن. ئۇ بۇ نامدا مەزھەپنىڭ ئۆزىنىڭ ئىمزاسى بار دەپ قارىغان. چۈنكى، زېنون مەزھىپىنىڭ تۇنجى مەكتىپى ئىسكەندىرىيىدە ئۆز تەلىماتىنى تارقاتقان، ئىككىنچى مەكتەپ بولبوكتا، ئۈچىنچى مەكتەپ ئانتاجىيەدە قۇرۇلغان.

6. كىندىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى نوپۇزى

[1] ئىبنى نادىم: «كىتابلار مەجمۇئەسى» 506 - بەت.
[2] ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 240 - بەت.
[3] ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 241 - بەت.

ئىبنى نادىم « كىتابلار مەجمۇئەسى » ناملىق كىتابىدا، بىزنىڭ بۇ پەيلاسوپىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئورنى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇ بىر دەۋرنىڭ پېشۋاسى، ئەينى دەۋردە بارلىق قەدىمكى ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن تۇنجى ئادەم دەپ كۆرسىتىدۇ. ئەنتالۇسىيىلىك كاتتا ئالىم سەھىدى « ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دەرىجىسى » ناملىق كىتابىدا، بىزنىڭ بۇ پەيلاسوپىمىزنى مۇسۇلمانلار ئىچىدە ھەر قايسى ئىلىملەردە ۋايىغا يەتكەن ۋە پەلسەپىۋى سەنئەتتە توشقانلىقى بىلەن نام چىقارغان مەشھۇر ئادەم دەپ تەرىپلەيدۇ. ئىسلام دىنىدا پەقەت ئەبۇ ياقۇپ كىندىلا كىشىلەر نەزەرىدە پەلسەپىدە ۋايىغا يەتكەنلىكى بىلەن مەشھۇر، شۇنداقلا ئۇ ئىزچىل ھالدا پەيلاسوپ دەپ كېلىندى. بەيھەقىمۇ[1] كىندى ئىلىمگە پۈتۈن كۈچى ۋە زېھنىنى بەرگەن پىر ئۇستاز، ئۇ بەزى تارماق ئىلىملەر توغرىسىدىكى ئەسەرلىرىدە قانۇنىيەتلەرنى، مېتافىزىكا بىلىملىرىنى توپلاش بىلەن داڭق چىقارغان دەيدۇ.[2] گىفدى كىندى ئىسلام تەلىماتلىرىدا گرېك، پارس ۋە ھىندى پەلسەپىسى سەنئىتىگە توشقانلىقى بىلەن مەشھۇر، ئۇ مۇنەججىملىك ۋە باشقا تۈرلۈك ئىلىملەردە ئالاھىدە بولۇپ، ئەرەبلەردىن چىققان پەيلاسوپ ھەم بىر ئىلىم «شاھزادىسى» دۇر[3] دەيدۇ. ئىبنى نابان خەلىپە مۇتەئەسسۇم كىندىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن ئۆز سارىيىنى زىننەتلىگەنىدى[4] دەيدۇ.

ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىدىكى ئىتالىيە مۇتەپەككۇرى كاردان ئۆزىنىڭ « ئەقلىيە سۆزلەردىن ئۆزۈندە» ناملىق كىتابىدا، كىندىنى ئىنسانلار تارىخىدىكى زور تەسىرلىك 12 مۇتەپەككۇر

① بەيھەقى (996 ـ 1077 ـ يىللار)، پارس تارىخچىسى، ئۇنىڭ «تارىخ قامۇسى» ناملىق ئەسىرى بار.
② «پەلسەپە كىتابلىرى ئامبىرى قىستۇرما ۋەسىقىلىرى» 25 ـ بەت.
③ «پەلسەپىدىكى ئىشلار»، 240 ـ بەت. مىسىر نۇسخىسى.
④ «نەزەر» 124 ـ بەت.



قاتارىدا سانىغان.[1]

## 7. كىندىنىڭ پەزىلىتى

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كىندى ناھايىتى بېخىلمىش، بۇ گەپ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. جاھىز تۇنجى قېتىم «بېخىل جانلار» ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ بۇ خىل پەزىلەتسىزلىكىنى قەيت قىلغان. بېخىل جانلار توغرىسىدىكى تەپسىلاتلاردا، ئۇ كىندىنىڭ بېخىللىقى توغرۇلۇق تۆت ھېكايىنى دەيدۇ. بىراق جاھىز گەپنى ئۇدۇلمۇئۇدۇل بۇ نامى چىققان پەيلاسوپقا قارىتىپ دېمىگەن. كىندىنىڭ بېخىللىقى ھەققىدىكى سۆزلەر بەزى تەزكىرە يازغۇچىلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدۇ. ئۇلار كىندى ئالدىڭغا ئالتۇن ـ كۈمۈش قانچە دۆۋىلىنىپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئاتماسلىقىڭ كېرەك، دېگەندەك گەپ قىلغان، ناھايىتى دۇرۇس ۋە شۆھرىتى جاھانغا تارالغان ئېسىل بىر نەسەبتىن بولغان تۇرۇپ ئۇ قانداق قىلىپ مال ـ دۇنياغا ئامراق پەيلاسوپ بولۇپ قالىدۇ؟ دەيدۇ. ئەمما جاھىز ئۆزى ئېيتقان ھېكايىلەرنىڭ بىرىدە، كىندى ئۆز ئۆيىگە كىرگەن قوشنىسىغا: «ئۆيۈمدە ئېغىر بوي ئايال بار، قورۇمىنىڭ پۇرىقى ئېغىر بوي ئاياللارنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىدۇ، بەلكى بۇ بويىدىن ئاجراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا ناۋادا قورۇما قورۇپ قالساڭلار ئۇنىڭغا ئاچىقىپ بېرىڭلار، شۇنىڭ بىلەن نەپسىنى باسسۇن. ئادەم دېگەن پەقەت ئازراقلا بىر نېمە يېۋالسا ئەسلىگە كېلىدۇ. ناۋادا بۇ گەپلەرنى مەن سىزگە دەپ قويساممۇ ئۇنى بىجا كەلتۈرمىسىڭىز، ناۋادا ئۇنىڭ بويىدىن ئاجراپ كەتسە، ئۇنداقتا بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەتنى بويىنىڭىزغا ئېلىڭ ـ ئالماڭ

① ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 240 ـ بەت.

چوقۇم بىر دېڭىزدىن (دىيەك) ياكى غۇلامدىن كېچىپ تۆۋە قىلىشىڭىز كېرەك»[1] دەيدۇ، دېگەن.

ئۇ ئۇغلىغا تاپىلىغان مال ـ دۇنياسىنى قوغداش توغرىسىدىكى گەپلەرنىمۇ ئۇنىڭ ئۆزى دېگەن دېيىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭ يەنە پەلسەپىۋى مەنە بىلەن تويۇنغان گەپلىرى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن سىغىشالمايدۇ. بۇ ئىككى ئاشقۇن ( رادىكال) قاراشنى بىر يەرگە قويغىلى بولمايدۇ ھەم بۇلارنى بىر ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن چىققان دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ مال ـ دۇنيانى قوغداش توغرىسىدىكى گېپى مۇنداق ئېيتىلغان: «ئوغلۇم، سەن كىشىلەرگە شاھماتچىلاردەك مۇئامىلىدە بول. ئۆز نەرسىلىرىڭنى ئوبدان ساقلا، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە ئېرىش. قولۇڭدىكى نەرسە چىقىپ كەتتى، ئۇ ئەمدى قايتا قولۇڭغا كەلمەيدۇ.»

« بىلگىنكى، ھەرقانداق نەرسە چېچىلغان دىنار ۋە قەغەزدەك تولۇق نەرسىگە يەتمەيدۇ، قولۇڭدىكى دەرھەم ئەتراپىڭدىكى قۇشلار كەبىدۇر. سېنىڭدىن يىراقلاپ كەتتىمۇ باشقىلارغا تەۋە بولۇپ كېتىدۇ. قەلەندەرگە بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ‹يوق› دەپ جاۋاب بەرسەڭ، بۇ بېخىلنىڭ ئالىيجانابلىقى، بېشىڭنى ساڭگىلىتىپ ‹بار› دەپ جاۋاب بەرسەڭ، بۇ قولى ئوچۇقنىڭ پەسكەشلىكى بولىدۇ.»

« دىنار تەپ بولغان بىمار، سېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسا ئۇ ئۆلىدۇ. دىنار بىر مەھبۇس، ناۋادا ئۇنى قويۇۋەتسەڭ قېچىپ كېتىدۇ. ئادەم ھەقسىز ئەمگەكچى، ئۇلارنىڭ نەرسىسىنى ئىگىلىگىن، ئۆزۈڭنىڭ نەرسىلىرىنى ئوبدان ساقلىغىن ».

كىندىنىڭ پەلسەپىۋى پىكىر، مەنىۋى قانائەت بىلەن بولۇپ، مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىك توغرىسىدىكى نەسىھەتلىرى مۇنداق:

[1] «بېخىل جانلار» 7 ـ بەت.



« باغدەك ئالتۇنغىمۇ كۆز قىرىنى سالماسلىق كېرەك. رەزىللىكتىن يىراق تۇرۇش لازىم. گەپلىرىڭنى ياقتۇرمايدىغان كىشىگە ئۇنۇڭنى ئاڭلاتما. نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرمە.

ئالدامچىغا ھەرگىز شەرت قويما، ئۇ چوقۇم ئەسلى ئاسانلا بېجىرىلىدىغان ئىشنى قەستەن قىيىنلاشتۇرىدۇ؛ ئەخمەققىمۇ شەرت قويما، ئۇ چوقۇم سېنىڭ ھاجىتىڭنى ئۆز تەلەپلىرىنىڭ يېپىنچىسى قىلىۋالىدۇ.»

## 2. كىندىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش

1. دۇنيا قارىشى

1) ناۋادا دۇنيا ھەر قايسى تەرەپلەردىن چەكلىك بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ چوقۇم پەيدا بولغان ۋاقىت ـ سائىتى بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلەر بويىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ چوقۇم بىر ياراتقۇچىسى بار.

2) دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تاق، جۈپ ۋە بىرلىكتىن ئىبارەت. بۇلارنىڭ ھەممىسى تاسادىپىي ھادىسىلەر، ھەرگىز دۇنيانىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئەمەس، شۇڭا ئۇلار چوقۇم دۇنيانىڭ سىرتىدىكى ئەسلى زاتنىڭ مەلۇم بىر دەسلەپكى مەنبەسىگە قايتىدۇ، بۇ مەنبە دەل ئاللانىڭ زاتىدۇر.

3) تەن قۇرۇلۇشى كۆرسىتىدۇكى، كۆرگىلى بولمايدىغان بىر ئورۇنلاشتۇرغۇچى مەۋجۇت. بۇ جەھەتتە كىشىلەرنىڭ «ئادەم بىر دۇنيا» دەپ ئېيتقىنى راست.

2. ئاللانى بىر دەپ تونۇش( تەۋھىد ) ھەققىدە

ئاللانىڭ بىرىنچى خاسلىقى باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن ئەسلى

زاتنىڭ بىردىنبىرلىكى. ناۋادا كۆپ ياراتقۇچى بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇلارنىڭ بىر ئورتاق يېرى بولىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچى. ئەمما مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا، يەنە ئوخشىماسلىقتا ئىگە بولىدۇ. مۇنداق بولغاندا ھەممىسى ئومۇمىيلىق ۋە ئۆزگىچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەقلىي مۇنازىرىنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بىر خىل بىرىكمە زات يەنە باشقا بىر بىرىكمە زاتنى پەيدا قىلىدۇ، ئەمما ئۇ ھەرگىز چەكسىز داۋاملىشىۋەرمەيدۇ. بۇنىڭدىن دەلىللەيمىزكى، چوقۇم بىرمۇنچە ياراتقۇچى ئەمەس، پەقەت بىرلا ياراتقۇچى بولىدۇ.

3. پەلسەپىنىڭ ئېنىقلىمىسى توغرىسىدا

1) پەلسەپە ئىمكانىيەتنىڭ بارچە ئاللانى تەقلىد قىلىپ ۋە نەپسى خاھىشنى ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە تورمۇزلاپ، ئىلىم ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى ئىزدەش يولى بىلەن تاكامۇللۇق تاپىدىغان ئىنسانىي پەزىلەت.

2) پەلسەپە سەنئەتتىكى سەنئەت، پاراسەتتىكى پاراسەت. ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنى تونۇتىدۇ ھەم بارلىق ئىقتىدار بىلەن بارلىق مەڭگۈلۈك شەيئىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ماھىيىتى ۋە مەنبەسىنى تونۇتىدۇ.

3) پەلسەپە كىشىلەردىن شەيئىلەرنىڭ قىسمەنلىكىنى ئەمەس، بەلكى شەيئىلەرنىڭ بارلىق ماھىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى، قىسمەنلىك چەكسىز بولىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن بىر نېمىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، پەلسەپە بارلىق ئىلىملەردىن ئۈستۈن تۇرۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر. پەلسەپە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر قايسى ئىلىملەر ئىچىدە



ئەڭ ئالىي شەرەپ«باش پەلسەپە»[1]گە مەنسۇپ.

4) پەلسەپە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى ئىزدەيدىغان ئىلىم، بۇ ئىلىم يەنە مېتافىزىكا (ئىلاھىيەت)، بىر مەنبەچىلىك، ئېتىكا ۋە كىشىلەرنى ياخشىلىققا يېتەكلەپ، يامانلىقتىن توسىدىغان بارلىق ئىلىملەرنى[2] ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4. «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدا

كىندى ئاللاتائالا پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى قىلغان بارلىق ئايەتلەرنى ئەقىل بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ «پەقەت ئەقلىيلىقنى بىلمەيدىغان ۋە بىلىمسىزلىك بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن ئادەملەرلا ئەقىلنى كىرەك قىلمايدۇ» دەيدۇ. ئەمما بۇ مەنىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇ بىر شەرتنى قويغان، يەنى ئۇ ئېتىقادلىق، پاراسەتلىك مۇتەپەككۇر ئاللانىڭ نېمىدېمەكچى بولغانلىقىنى بىلەلەيدۇ ھەم ئەرەبلەرنىڭ سۆز ئىشلىتىشىدىكى تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئىپادىلىرىنى ئىلغا قىلالايدۇ، دەيدۇ.

ئۇ يازغان «ئاللادىن تىلەش، ئاللاغا قۇللۇق قىلىش ۋە دەلىل» ناملىق ماقالىدە، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئۇسۇلدا «قۇرئان كەرىم» دىكى «يۇلتۇزلار، دەرەخلەر باش قويۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى» دېگەندەك ئايەتلەرنى شەرھىيلىگىنىنى كۆرىمىز. ئۇ «باش قويۇش» بىلەن «بويسۇنۇش» تىل نۇقتىسىدىن ئەمەلىي ۋە تىمسالى مەنىگە ئىگە دەپ شەرھىيلەپ، ئاخىرىدا خۇلاسە ھېسابىدا كالامىيەت ۋە تىلشۇناسلىقتىكى ئادەتكە ئاساسلانغاندا، يۇلتۇز ئەمەلىيەتتە ئاللاغا ئادەمدەك باش ئۇرمىسىمۇ، باش قويۇش ئۇنىڭ ئوربىتىدىكى مۇقىم ھەرىكىتى تۈپەيلى پەيدا بولغان ئاسمان ھادىسىلىرى ۋە يەر شارىنىڭ پەيدا بولۇشى، يوقىلىشى ۋە تۈرلۈك

① «پەلسەپىۋى خەت – چەكلەر» 123 – 125 – بەتلەر.
② «پەلسەپىۋى خەت – چەكلەر» 97 – 104 – بەتلەر.

ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئاللاغا قۇلچىلىق قىلىۋاتقانلىقى، جاھان ئىنتىزاملىرى ئارىسىدا ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تىمسالەن يۇلتۇزنىڭ ئاللاغا باش قويۇشىدۇر، دەيدۇ.

5. دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا

كىندى دۇنيا شەكىللەنگەن، يوقلۇقتىن شەكىللەندۈرۈلگەن، ھەرگىز بىر يەردىن كەلگەن ئەمەس،① دۇنيانىڭ ئېنىق ۋاقتى بار، بىراق بۇ ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا چەك يوق. بۇنىدىن باشقا دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەسلى مەنبەگە باقىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋاقتىمۇ ئەسلى مەنبەنىڭ خاھىشى بويىچە بولىدۇ. ياراتقۇچىنىڭ ئارزۇسى دۇنيانى يوق قىلالايدۇ، شۇنىڭ بىلەن جاھان خۇددى يارالغىنىدا يوقتىن بار بولغىنىغا ئوخشاش، بازدىن بىراقلا يوق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىنى شەرھىلەش ئۈچۈن، كىندى تۆۋەندىكى بىر نەچچە ئاساسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان:

1) زاماننىڭ ئەمەلىيەت، تۈپ ماھىيەت جەھەتتە چەكلىمىلىكى بولغاچ، ئۇنىڭ ئۆزى مۇستەقىل مەۋجۇتلۇق ھېسابلانمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە زامان ھەرىكەتكە، ھەرىكەت ماددىغا باغلىنىدىغان بولغاچقا، زامان پەقەت ماددىنىڭ زامانىلا بولالايدۇ. ماددا دائىم ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقتىن، بۇ خىل ئۆزگىرىش مەيلى جىسىم ئۆز مەركىزىنى ئايلىنىپ پەيدا قىلغان ھەرىكەت بولسۇن، ياكى ئۆزگىرىش ھالىتىدىكى ھەرىكەت بولسۇن، ياكى ھايات - ماماتلىقتا تاقىلىدىغان ماھىيەتلىك ھەرىكەت بولسۇن، ھەممىسىدە ماددا، ھەرىكەت، زامان ئۈچلىسى

① فارابىنىڭ «ئاينىپ كېلىش پەلسەپىسى»گە قاراڭ.



تەك مەيدانغا كېلىدۇ، ئىلگىرى - كېيىنلىكى بولمايدۇ. ماددا چەكلىك بولغاچقا، زامان بىلەن ھەرىكەتمۇ چەكلىك بولىدۇ، چەكلىك ۋە چەكسىزلىك زىددىيەتلىك، شۇنداق قىلىپ دۇنيا مەيدانغا كەلگەن.

2) جىسىم ماددا بىلەن شەكىلدىن تۈزۈلگەن. بۇ جىسىمدىكى ئۆزگىرىش ۋە ھەرىكەت ماددىدىن شەكىلگىچە بولغان ئالمىشىش جەريانىدا بولىدۇ، دېمەكتىن ئىبارەت. دېمەك، بۇ خىل ئالمىشىشتا ھەرىكەت مۇقەررەر بولىدۇ. ھەرىكەت بىلەن ئۆزگىرىش شەيئىلەر پەيدا بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. بىر شەيئى بىرلا ۋاقىتتا كونا ۋە يېڭى شەيئى بولالمايدۇ.

3) ھەرقانداق جىسىم ئۈچ ئۆلچەملىك بولىدۇ، ئۈچ ئۆلچەملىك بولمىغان نەرسە يوق. شۇڭا مەۋجۇتلۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، جىسىم چەكلىك بولىدۇ. يەنە مەنبەسى ۋە سەۋەبى بولمىغان جىسىممۇ بولمايدۇ. بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىك مەۋجۇتلۇق، ھەممىسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش مەنبەسى ۋە سەۋەبى بولىدۇ، بۇلارنىڭ ئېپتىداسىمۇ، ئىنتىھاسىمۇ يوق، ئۇ ھەرقانداق شەيئىگە ھاجىتى چۈشمەيدىغان ئەبەدىي ئۇقۇم بىلەن زىددىيەتلىكتۇر.

6. كىندىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى

كىندى بىلىش ئەقىل، سەزگۇ ۋە ئەقىل بىلەن سەزگۈنىڭ ئارىسىدىكى تەسەۋۋۇر يولى ئارقىلىق بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

بۇ ئۈچ يولدىن باشقا ئۇ يەنە پەيغەمبەرلەر مۇيەسسەر بولغان ۋەھىينى بىلىش يولى قىلىپ كۆرسەتكەن. كىندى مۇشۇ يول بىلەن ئېرىشكەن تونۇشنى دىنىي بىلىم ياكى ئىلاھىيەت دەپ ئاتىغان. ئۇ، ئەقلىي مۇنازىرە ۋە ھېسسىي بىلىشلەر ھەل قىلىپ بولالمىغان بىر قىسىم پرىنسىپال مەسىلىلەرنى ئىلاھىيەت بىلىملىرى گەپ يوق ھەل قىلىۋېتىدۇ. بۇ ئىككى بىلىم ھەرگىز

زىندىيەتلىك ئەمەس. چۈنكى ئىلاھىيەت ئىنساننىڭ بىلىمى بىلەن بىردەك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

7. كىندىنىڭ ماتېماتىكىلىق قاراشلىرى

كىندىنىڭ قارىشىچە، ماتېماتىكا شەخسىي ئىشەنچ بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقلىي دەلىل بىلەن مەۋجۇت بولىدۇ. چۈنكى، شەخسىي ئىشەنچ قانداقلا بولمىسۇن بىر پەرەز ۋە پەم قىلىش بولۇپ، ئۇ ھەرگىز ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ كەتكەن رەقەملەرمۇ تەسەۋۋۇردا چەكسىز. چۈنكى، بىر رەقەمنى بار دېسەك، ئۇنىڭغا سانلاردىن چەكسىزنى قوشقىلى بولىدۇ ياكى ئۇنىڭغا سانلاردىن چەكسىزنى كۆپەيتكىلى بولىدۇ. ئەمدى ساناشقا بولىدىغان نەرسىلەرگە كەلسەك، ئۇ چەكلىك بولىدۇ. چۈنكى ئۇ يارالمىشنىڭ جىسمى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللانىڭ « بارلىق شەيئىلەرنى بىر لەۋھۇل مەھپۇزغا يېزىپ قويىمىز » دېگەن مۇشۇ ئايىتىنى دەلىل كەلتۈرىمىز.

## 3. كىندى تەلىماتىدىكى ئەسلى ئەسەرلەردىن ئارىيە

1. «تۈنجى پەلسەپە (دەسلەپكى بىلىم)» نىڭ مۇھىملىقى

«ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئالىي سەنئىتى — پەلسەپە سەنئىتىدۇر، ئۇنىڭغا ئىنسان قابىلىيىتىنىڭ يېتىشىچە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى تونۇش دەپ ئېنىقلىما بېرىلگەن. چۈنكى، پەيلاسوپلارنىڭ ئىلىم ئىزدەشتىكى مەقسىتى ھەقىقەتنى تېپىش، ئەسلى ھەرىكەتلەردە ھەقىقەت بويىچە ئىش قىلىش... ئەڭ ئالىي پەلسەپە ‹تۈنجى پەلسەپە› بولۇپ، بۇ يەردە مېنىڭ كۆرسىتىدىغىنىم بارلىق ھەقىقەتلەرنىڭ بۇلىقى بولمىش تۈنجى ھەقىقەت توغرىسىدىكى ئىلىمدۇر.»



2. دۇنيانىڭ يارىتىلىشى

«تۈنجى ھەقىقەتنىڭ پائالىيىتى شەيئىلەرنى يوقتىن بارلىققا كەلتۈردى. بۇ پائالىيەت بۇنىڭ بارلىق مەنبەلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈچى — بۈيۈك ئاللاغا خاس نەرسە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. يوقتىن بار قىلىش ھەرگىز ئادەتتىكى ئىش ئەمەس، شۇڭا بۇ پائالىيەتكە ‹يارىتىش›، ‹ئىجادىيەت› دەپ نام بېرىلگەن.»

3. ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەش

«سەزگۈدىكى ھادىسىلەر بىلەن باش ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئورۇنلاشتۇرغان ئەڭ روشەن بەلگىنى مېنى شەرھىلەتكۈزسە، مېنىڭ دەيدىغىنىم شۇكى، ئاللا بارلىق ئورۇنلاشتۇرغۇچىلار ئىچىدىكى باش ئورۇنلاشتۇرغۇچى، بارلىق ياراتقۇچىنىڭ ياراتقۇچىسى، بارلىق ئىختىراچىلارنىڭ ئىختىراچىسى، بارلىق مەنبەلەرنىڭ مەنبەسى. مەزكۇر دۇنيانى تەشكىللەش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشتا، بىر قىسىم شەيئىلەر يەنە بىر قىسىم شەيئىلەر بىلەن ئۆزئارا تەسىرلىشىدۇ، ئۆزئارا چەكلەيدۇ، ئۆزئارا تەقەززا بولىدۇ. بۇ باش ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئەڭ ياخشى شەكىلدە، مۇكەممەل قىلىپ دۇنيانىڭ ھالىتىنى بەرپا قىلىدۇ، يەنى بارلىق مەۋجۇتلۇقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ ۋە يوقىتىدۇ، تۇراقلىق جىسمنى تۇراقلاشتۇرىدۇ ياكى يوقىلىۋاتقان جىسمنى يوق قىلىدۇ. مانا بۇ پەرۋەردىگارنىڭ ئەپچىل ئورۇنلاشتۇرۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىسى.»

4. ئىلاھىيەت

«ئىلاھىيەتكە تەلەپ، ئۆتۈنۈش ۋە ئىنسانلارنىڭ مىكرى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ۋاقىت سەرپ قىلىپ كۈتۈش يوللىرى بىلەن ئىگە بولغىلىمۇ بولمايدۇ. ئاللانىڭ رەسۇلىنىڭ بىلىمى ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك بولىدۇ، بۇ خىسلەتنى ئاللا پەيغەمبەرلەرگە ئىنئام قىلغان، ئۇ تەلەپ قىلىش ياكى ئۆتۈنۈش

يولى بىلەن ئەمەس، ماتېماتىكىلىق ياكى لوگىكىلىق ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئۇلۇغ ۋە بۈيۈك ئاللانىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، ھەقىقەتكە تۇتىشىدىغان يولىنى يورۇتۇپ، ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ۋەھىي قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئىنئام بولغان. شۇڭا بۇ خىل بىلىملەر پەيغەمبەرلەرگە خاستۇر، ئادەتتىكى ئادەملەرگە خاس ئەمەس. چۈنكى، ئىنسانلار ئارىسىدا پەيغەمبەرلەردىن باشقا ئادەملەر بۇنداق ۋەزنى ئېغىر بىلىمگە ئىگە بولۇپ باقمىغان.»

## 5. ئىنسانىي روھ ھەم بىلىشنىڭ دەرىجىسى ۋە مەڭگۈلۈكلۈكى

«روھ يۈكسەك ۋە مۇكەممەل ۋۇجۇد، ئۇنىڭ مۇھىملىقى ھەرگىز ئۇنداق - مۇنداق مۇھىملىق ئەمەس. خۇددى قۇياش نۇرى قۇياشتىن كەلگەندەك، ئۇنىڭ ماھىيىتىمۇ بۈيۈك ئاللاغا خاستۇر. بايقالغان روھ ماھىيىتىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە بۇ ئالىيجانابلىقنىڭ نەپس بىلەن قارشىلىشىپ تۇرىدىغانلىقىدىن كۆرىمىزكى، روھنىڭ ماھىيىتى ئىلاھىي سۈپەتكە ئىگە بولىدۇ، ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن مۇقەددەستۇر. بەزى چاغلاردا غەزەپنىڭ كۈچى ئادەمنى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشكە مايىللىغاچقا، روھ خۇددى چەۋەندازنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەن توسۇن ئاتنى يولغا چۈشۈرمەكچى بولغىنىدەك بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ۋە غەزەپنى ئۆچۈرىدۇ. بۇ، غەزەپلەنگۈچىنىڭ كۈچى غەزەپتىن ئىبارەت بۇ كېسەلنى خالىغانچە ئىش قىلدۇرىدىغان روھنىڭ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى توسىغۇچى ھەرگىز توسۇلغۇچى ئەمەس، ھەرقانداق شەيئى ئۆز - ئۆزىگە قارشى تۇرالمايدۇ. نەپسنىڭ كۈچىگە كەلسەك، بەزىدە قىسمەن ئىستەكلەرنى قاناتلاندۇرۇشقا تەقەززا بولىمىز، ئەمما ئەقىل ئۆز ئىچىگە ئالغان روھ چوقۇم نېمىنىڭ خاتالىقىنى، نېمىنىڭ يامان ئاقىۋەتلەرنى پەيدا



قىلىدىغىنىنى چوقۇم ئويلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇنىڭدىن توسىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. بۇ يەنە ئىككىسى ئارىسىدىكى خالىغان بىرى ھەرگىز يەنە بىرسى ئەمەسلىكىنى دەلىللەيدۇ.»

« روھ بۈيۈك ئاللا نۇرىنىڭ بىر قىسمى، ئۇ تەندىن ئايرىلغان ھامان دۇنيادىكى بارلىق نەرسىنى چۈشىنىدۇ، ھەرقانداق مەخپىيەت ئۇنىڭدىن پىنھان تۇرالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەپلاتوننىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمىز. ئەپلاتون: قەدىمدە نۇرغۇن پاك پەيلاسوپلار بولغان، ئۇلار تەركىيدۇنيا بولۇپ تاشقى شەكىللەرگە نەزەرىنى سالماي، يەكدىللىق بىلەن ماھىيەتكە دىققەت قىلغان ۋە ئۇنى كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تىلسىملارنىڭ سىرى بىردەملىك يالت - يۇلت نامايان بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى سىر - ئەسرالارنىڭ ھەممىنى بىلىۋالغان، بارلىق شەيئىلەرنىڭ سىرلىرى ئاشكارا بولۇپ كەتكەن، دەيدۇ. روھ بىلەن تەن باغلىنىپ قالغاندا، قۇياش نۇرى يوق زۇلمەت جاھاندەك بىر مەنزىرە يۈز ئاچىدۇ. ئۇنداقتا، مۇبادا بۇ روھ تەندىن قۇتۇلۇپ، ئاللانىڭ نۇرى بىلەن قاپلانغان ئەقلىي دۇنياغا كىرگەندە، يەنە قانداق ئەھۋاللار بولۇشى مۇمكىن؟»

«ئەپلاتون ۋە زور كۆپچىلىك پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن روھ مەڭگۈ مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇنىڭ ماھىيىتى بۈيۈك ئاللانىڭ ماھىيىتى بىلەن ئوخشاش. روھ تەندىن يۇلقۇنۇپ چىققاندا، بارلىق شەيئىلەرنى چۈشىنىش ئىقتىدارىدا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۈيۈك ئاللانىڭ تەنگە قاچىلانغان زەررىسى بولۇپ، تەندىن ئايرىلغان ھامان سەييارىلەردىكى ئەقلىي دۇنياغا كىرىدۇ، ئاللانىڭ شانۇ - شەۋكىتىگە چۈمۈلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بارلىق شەيئىلەردىكى بىلىم ئۇنىڭدا تەجەللى بولىدۇ، بارلىق شەيئىلەر روشەن ھالدا كۆز ئالدىغا لەيلەپ چىقىدۇ.

ئىمانىم بىلەن قەسەمكى، بۇ قىسقىغىنە باياندا ئەپلاتون ناھايىتى يىغىنچاق قىلىپ نۇرغۇن ھېكمەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ كەتكەن: پەقەت قەلبىدىكى پاسكىنىچىلىقنى تازىلىغاندىلا، روھ پانىي ۋە باقىي ئالەمدە مۇشۇنداق بۈيۈك ئورۇنغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم پاك بولۇپ ساختىلىق قىلمىسا، ئۇنىڭ روھى چوقۇم پاك ۋە نۇرلۇق بولىدۇ، دۇنيانىڭ سىر ـ ئەسرالىرىنى بىلەلەيدۇ.»



# بەشىنچى باب رازى زەكەرىيا

## 1. مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ جالۇنۇسى

### 1. رازىنىڭ ھاياتى ۋە ئىلمىي پائالىيەتلىرى

ۋىل دولانىت ئۆزىنىڭ «مەرىپەت پاكىتلىرى» ناملىق ئەسىرىدە، ئەينى دەۋردىكى زور كۆپچىلىك ئۇلۇغ ئالىملاردەك ئەبۇ بەكرى رازى ئەسلى پارس بولۇپ، ئەرەب تىلىدا ئەسەر يازالايتتى، ئۇ خىمىيە ۋە تېبابەت ئۆگەنگەن، 131 پارچە ئەسەر يازغان، بۇ ئەسەرلەرنىڭ يېرىمى تېبابەت ساھەسىدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، كۆپ قىسمى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن، دەيدۇ.

گىفدى رازىنى تىل تەگكۈزگىلى بولمايدىغان مۇسۇلمان تېۋىپ، لوگىكا، پەلسەپە ۋە باشقا ئىلىملەرگە پىششىق مەشھۇر ئادەم[1]، دەپ تەرىپلىگەن.

د. بور رازىنى تىلغا ئېلىپ، تا بۈگۈنكى كۈنگىچە رازى مەشھۇر تېبابەت ۋە خىمىيە ئالىملىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىپ كەلمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە پىفاگوردىن باشلىنىدىغان ئۇلۇغ فىزىكا ئالىملىرىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى،[2] دەيدۇ.

تەخمىنەن مىلادىيە 865 ـ يىلى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى زەكەرىيا رازى تېھراننىڭ يېنىدىكى لاي كەنتىدە تۇغۇلۇپ، شۇ يەردە چوڭ بولغان. ئوخشاشمىغان رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ لاي ياكى باغدادتىكى ئۇستازلاردىن تېبابەت ۋە پەلسەپە ئۆگەنگەن.

---

① «پەلسەپىدىكى ئىشلار» 178 ـ بەت.
② «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 147 ـ بەت.

نامى چىققاندىن كېيىن ئادۇد دەۋلە تەرىپىدىن باغداد دۆلەتلىك شىپاخانىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ لايدا تېۋىپلىق قىلغان. كېيىنكى ئۆمرىدە كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان. مىلادىيە 928 - يىلى ياكى 935 - يىلى يۇرتىدا كېسەل بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن.

رازىنىڭ تېبابەت ۋە خىمىيە ھەققىدە نۇرغۇن ئەسەرلىرى بار. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇنىڭ تېبابەت ئەسەرلىرى لاتىنچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەر غەرب ئالىملىرىنىڭ بىرىنچى قول ئىلىم مەنبەسى ئىدى.

رازى خىمىيە بىلەن تېبابەتنى يۇغۇرۇپ، خىمىيە بىلىملىرىنى تېبابەتتە قوللانغان تۇنجى ئالىم. ئۇ بىمارنىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىشى دورىنىڭ ئادەم تېنىدە خىمىيىلىك رېئاكسىيىگە كىرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. رازىنىڭ زېھنى ھەرگىز تېبابەت ۋە خىمىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، ئۇنىڭ ئىدىيىسى باشقا ئىلىم ساھەلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ يەنە فىزىكا، مېتافىزىكا، ئالەم ھادىسىلىرى، ماتېماتىكا، گېئومېتىرىيە ۋە مېخانىكا دېگەندەك تەبىئەت پەنلىرى تەتقىقاتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان.

رازى مېنېرال ماددىلارنى ئالتۇن - كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇشنى تەتقىق قىلىدىغان خىمىيە — زەر تاۋلاش تېخنىكىسىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن تەتقىق قىلغان. ئۇ بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار، شۇڭا ئۇ توغرا، پەيلاسوپلاردا كەم بولسا بولمايدىغان بىر ھۈنەر دەپ قارىغان. رازى يەنە پىفاگور، دېموكرىت، ئەپلاتون، ئارىستوتېل ۋە جالىنۇسلارنىڭ ھەممىسى خىمىيىنى تەتقىق قىلىپ باققان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ: مەن پەقەت خىمىيە ھۈنەر - سەنئىتىنى بىلگەن ئادەمنى ئاندىن پەيلاسوپ ھېسابلايمەن، دەيدۇ.



2. رازىنىڭ ئىدىيىۋى قاراشلىرى

رازىنىڭ قاراشلىرىنى ئەينەن بايان قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ ئۇقۇم كاتېگورىيىسىنى ئادەتتىكىچە چۈشەندۈرۈشمۇ ناھايىتى قىيىن بىر ئىش. چۈنكى، ئۇنىڭ زور كۆپچىلىك ئەسەرلىرى ۋە ئىلمىي نەتىجىلىرى ئاللىقاچان يوقىلىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ قولىمىزدا بۇ ۋەزىپىنى تاماملاشقا كاپالەت بەرگۈدەك بىرىنچى قول ماتېرىيال ۋە ئەسەرلەر يوق.

دەر ھەقىقەت، بۇ يەردە گېپى، ئىبنى نادىم ۋە ئىبنى ئەبۇ ئەۋزەيبا قاتارلىق كىشىلەر ئىستاتىستىكا قىلغان رازى ئەسەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسىگە باغلانغان تەخمىنەن قاراشلار بار. خۇددى كىتاب ئىسمى ۋە مۇندەرىجە ئىپادە قىلىپ تۇرغاندەك، بۇ كىتابلارنىڭ زور بىر قىسمى تېبابەت، خىمىيە ۋە دورىگەرلىك ئەسەرلىرى بولۇپ، بەزىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ يېرىمى تېبابەتكە مۇناسىۋەتلىك دېگىنى بىلەن بىردەك. 30 يىل بۇرۇن شەرقشۇناس باھىركلاۋس رازىنىڭ بىر قىسىم پەلسەپە ئەسەرلىرىنى بايقىغان، ئۇ بۇنى ئىسمائىلىيە مەزھىپى تەلىماتلىرىنى تەتقىق قىلغاندا يېزىپ ئۆتۈپ كەتكەن. بۇ ماقالىلەر توپلىمى جەمئىي 11 پارچە ماقالە، 316 بەت بولۇپ، 1939 -يىلى مىسىردا نەشر قىلىنغان. بۇنىڭ شەرىپى چوقۇم مەشھۇر شەرقشۇناس باھىر كلاۋسنىڭ ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇشى كېرەك.①

تارىخچىلار بىردەك رازى ئىسمائىلىيە مەزھىپىگە قارشى، ئۇ بۇ تەلىماتقا ناھايىتى كەسكىن رەددىيە بەرگەن، ئىلىم ۋە ئىدىيىنىڭ مۇنازىرىسى ئۇنىڭ بىلەن بۇ مەزھەپتىكى ئالىملار ئارىسىدا دائىم بولۇپ تۇراتتى، دەپ قارايدۇ. ناۋادا بۇ دىنىي

① «مەشھۇر زاتلار قامۇسى» II توم، 360 - بەت.

خاراكتېردىكى مۇنازىرە بۇ مەزھەپكە قارشى باشقا ئادەملەر چەككەن زەخمەتنى رازىگە سالمىغانلا بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئاشۇ مەدەنلەرنى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت قارىشى ئۇنىڭ ئۆزىگە ھەسرەتلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى. ئىبن ئەۋزەبا رازى بىر ۋەزىرنىڭ[1] بۇيرۇقى بىلەن دارغا ئېسىلغان، چۈنكى، ۋەزىر رازىدىن بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ قويۇشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما رازى ئۆزىنىڭ ئۇنى ئۇقمايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىپ رەت قىلغان، دەپ قەيت قىلىدۇ. ئەمما بوستانى[2] ئىبن ئەبۇ ئەۋزەبانىڭ ئەكسىچە بىر ۋەقەنى سۆزلەيدۇ، يەنى: رازى خوراسان ئەمىرى سالىھ مەنسۇر ئۈچۈن خىمىيە ھۈنەر سەنئىتى توغرىسىدا بىر كىتاب تۈزىدۇ ۋە شەخسەن ئۆزى باغدادتىن خوراسانغا كېلىپ، مەنسۇرنىڭ كۈتۈۋېلىشىدا بولىدۇ ھەم 1000 دىنار سۆيۈنچىگە ئېرىشىدۇ. كېيىن مەنسۇر ئۇنىڭدىن بۇ ھۈنەرنى نەق مەيداندا كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بۇ ھۈنەرگە كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى تەل قىلىپ بېرىدۇ، بىراق رازى مەدەننى ئالتۇن ـ كۈمۈشكە ئايلاندۇرالمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئۇنىڭغا سېنىڭ يىراقتىن كەلگىنىڭگە ۋە ئەمگىكىڭگە بىز 1000 دىنارنى ھەق قىلىپ بېرىپ بولدۇق، ئەمدى سېنىڭ بۇ يالغانچىلىقىڭنى مۇشۇ ئەسەر بىلەن ئەبەدىيلەشتۈرمەكچى بولغانلىقىڭغا كەلسەك، ئۇنىڭ جازاسىنى چوقۇم تارتىشىڭ كېرەك، دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ مەنسۇر رازى ئۆزى يازغان خىمىيە ئەسىرى بىلەن تاكى كىتاب تىتىلغۇچە رازىنىڭ بېشىغا ئۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ كۈدە ـ كۆرپىلىرىنى تەقلەپ ئۇنى باغدادقا ماڭغۇزۇۋېتىدۇ. تاياقنىڭ زەربىسى بىلەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىدىن خۇن ئاقىدىغان بولۇپ قالىدۇ، تېۋىپتىن بىرسى ئۇنى

[1] ئەۋزەبا بۇ ۋەزىرنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىغان.
[2] «ئېنسىكلوپېدىيە» II توم 22 ـ بەت. بوستانىنىڭ ئەسىرى.



داۋالىغىلى كېلىدۇ. رازى بۇ تېۋىپتىن «كۆز قانچە قات» دەپ سورايدۇ، تېۋىپ «بىلمەيمەن» دەيدۇ. رازى بىلمىگۈچىلەر كۆزۈمگە داۋا قىلىمەن دېمىسۇن دەپ ئۇنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالايدىغان بىرەرسى چىقمايدۇ، ئۇ: «بۇ دۇنيانى مەن كۆرۈپ بولدۇم» دەيدۇ. بۇ ھېكايەتنىڭ ئاخىرىدا بوستانى كەبىبنىڭ بۇ پەيلاسوپقا دېگەن يۇمۇرىستىك گەپلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن . ئۇ: «بايقىشىمچە، سىز ئۈچ خىل ئىلىمدا توشۇپسىز، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ ئىلىم ساھەسىدە سىزدىن ئۆتە كېرەكسىز ئادەم بولمىسا كېرەك. سىز خىمىيىنى بىلىدىكەنسىز، بىراق ئەرزىمەس ئاشۇ ئون دىنار ئۈچۈن خوتۇنىڭىزنىڭ قولىغا قارايدىكەنسىز؛ تېبابەتنى بىلىمەن دەيدىكەنسىز، ئەمما كۆزىڭىز كۆرمەس بولسىمۇ داۋالىماپسىز؛ ئاسترونومىيە بىلىمەن، ئالەمنى چۈشىنىمەن دەيدىكەنسىز، ئەمما بالا ـ قازانى دەسسىۋېلىپ تۇرۇپمۇ سەزمەي، ئاپەت ۋە خەتەر ئىچىگە قامىلىپ قالىدىكەنسىز» دېگەنمىش.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بەزى مۇھىم قاراشلار يەنىلا رازىگە مەنسۇپ. بەلكىم ئارىستوتىل بىلەن بىر مەۋقەدىكى، ھەرىكەتتىكى شەيئىنىڭ « دەسلەپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى » قارىشىمۇ مۇشۇنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغىنىدىن يەنە ھەرىكەت پرىنسىپى ھەققىدىكى شەرھىيىسى يەنى جىسىمنىڭ ئۆزى ھەرىكەت پرىنسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدىغان قارىشىمۇ بار. رازىنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى كونا ئەنئەنىۋى پەلسەپىنىڭ قويىنىدىكى يېپيېڭى قاراشلاردۇر. بۇ قاراشنى تىكلەش ئۈچۈن رازى مەخسۇس بىر ماقالە يازغان. بۇ نەزەرىيە ھەققىدە د. بور بۇ قاراشقا ئىشىنىدىغان، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنداقتا، ئۇ فىزىكىدا چوقۇم نەتىجىلىك نەزەرىيە بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. بەلكىم بۇ قاراشلار دەل ھازىرقى ئاتوم

تۈزۈلمىسى ۋە ئېلېكترون ئۆز ئوقىدا ئايلىنىدۇ، ئاتوم يادروسى توختىماي ھەرىكەتلىنىدۇ دەيدىغان نەزەرىيىلەرنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، دەيدۇ.

يەنە بەزى پىكىرلەر رازىغا مەنسۇپ. سىرتقى جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ پىكىرلەر ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن كېلىشەلمەيدۇ. بۇ پىكىر ئاناكساگور ۋە ئېمپېدوكلىنىڭ كونا نەزەرىيىلىرىگە ئاساسلانغان بولۇپ، ئاساسلىق ئىدىيىسى مەۋجۇتلۇق بەش نەرسىدىن باشلىنىپ كەلگەن، يەنى بۈيۈك ئاللا، روھ، بىرىنچى ماددا، مۇتلەق زامان ۋە مۇتلەق ماكان. بۇلار دۇنيا مەۋجۇتلۇقىدا كەم بولسا بولمايدىغان تۆپ ئامىل دېمەكتىن ئىبارەت. بۇ تەلىمات ئاخىرى بۇ بەش ئامىلنى ئەبەدىي ئامىل، باشلىنىشسىز، ھېچقايسىسى يارىتىلمىغان دېيىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

رازىنىڭ پەلسەپىگە بولغان تونۇشى ئېپىكۇرنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك. ئېپىكۇر پەلسەپىنىڭ ئارىستوتېل دېگەندەك پەقەت ئاز ساندىكى سەرخىل كىشىلەرگە مەنسۇپ ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلغان، پەلسەپىنىڭ بارلىق كىشىلەرگە ئېچىقلىق كىتاب ئىكەنلىكىگە، كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن نىجاتلىق يولى تاپىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن. ناۋادا بىر ئادەم ئۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشسا، ئۇنى تەتقىق قىلسا، ھەقىقەت يولىغا ماڭالايدۇ. چۈنكى، روھ پەقەت ئۆزىنى ساپلاشتۇرىدىغان پەلسەپىنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىقلا بۇ دۇنيانىڭ توپا ـ توزاڭلىرىدىن قۇتۇلۇپ سۈزۈك ۋە بۈيۈك بولالايدۇ.

رازىنىڭ شادىيانىزمى ناھايىتى داڭلىق. بۇ ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىدە ئالايلۇق، «مەنىۋى داۋا» ۋە «پەلسەپىدىكى ئىشلار» قاتارلىق ماقالىلىرىدا قايتا ـ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار مەسىلەن، ئىبىن مەسكەۋەي «ئەخلاقىي تەربىيە ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىدە، ئىبىن ئابىل ۋە نەجمىدىن كاتىپلار



ئۆز شەرھلىرىدە رازىنىڭ بۇ قاراشلىرىنى تىلغا ئېلىشنى خېلى مۇھىم بىلگەن. بىر قىسىم شەرقشۇناسلار ئىبىن مەسكەۋەي ئۆزىنىڭ «شادلىق بىلەن ئازاب» ناملىق ئەسىرىدە، ئىبنى ھەسەن «ئازاب ۋە شادلىقنىڭ ماھىيىتى» ناملىق ماقالىسىدە بۇ مەسىلىگە بەك ئەھمىيەت بەرگەن، دەپ قاراشقان. بۇندىن باشقا بىداۋى ئابستراكت ئۇقۇملارنى شەرھلىگەندە، رازىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەلىماتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

بۇ تەتقىقاتچىلار رازى تەلىماتىنى كۆرسىتىش بىلەن بىرگە، يەنە ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. ئەڭ بالدۇر ئازاب ۋە شادلىق مەسىلىسىنى تەتقىق قىلغانلار سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر ماقالىلەر توپلىمىدىكى 26 پارچە ماقالىدا بۇ مەسىلىنى تىلغا ئالغان. ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى تەلىماتى بىلەن رازىنىڭ تەلىماتى بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى بىلەن بۇ مۇتەپەككۇرنىڭ ياشىغان دەۋرى يېقىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ رازىنىڭ قاراشلىرىنى تەتقىق قىلماسلىقىغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

رازىنىڭ خۇشاللىق قارىشى مۇنداق: «خۇشاللىقنىڭ كاتتىسى ئىلىمگە ئېرىشىش ۋە ئادىللىقنى جارى قىلدۇرۇش، ئاندىن تەن لەززىتى. چۈنكى، بىز پەقەت ئىلىم ۋە ئادىللىقنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئاندىن جاھاندارچىلىقىمىز باغلاپ قويغان بۇ دۇنيانىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ ئۆلۈم يوق، ئازاب يوق يېڭى بىر ئالەمگە كىرىمىز. باشقا بىر تېخىمۇ يېقىن خۇشاللىق ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزدىكى خۇشاللىقتىن ۋاز كېچىشكە چاقىرىدىغان ئاقىللارنىڭ ئەكسىچە، ئىنسانىي نەپس ۋە ئىنسانىي

ماھىيەت ھەقىقەتەن بىزنى چىرىك خۇشاللىقتا يۈزلەندۈرىدۇ.»①

## 2. رازى تەلىماتىدىكى ئەسلى ئەسەرلەردىن ئارىيە

1. ئەقلىيلىقنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

«بۈيۈك ئاللا بىزگە ئەقىل - پاراسەتنى ئىنئام قىلغانكى، بۇنىڭدىكى مەقسەت بىزنى بۈگۈن ۋە كەلگۈسىدىكى غايىمىزغا مۇناسىپ مەنپەئىتىمىزنى تاپالايدىغان قىلىش ئۈچۈندۇر. ئەقىل بولغاچقا، بىز زۇۋانسىز ھايۋانلاردىن ئۈستۈن ھېسابلىنىمىز ۋە ئۇلارنى بويسۇندۇرالايمىز، باشقۇرالايمىز، ئۇنى ئۆز مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالايمىز. ئەقىل بولغاچقا، ئۆز ئورنىمىزنى ئۆستۈرىدىغان، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ بەختلىك قىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى بىلەلەيمىز. ئەقىل بولغاچقا بۈيۈك ئاللانىڭ بىلىمىگە يېتەلەيمىز. ئەقىل بىز تالىشىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ مەنپەئەتلىك نەرسە. بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، ئەقىل شۇنداق بىر مۇھىم نەرسىكى، ناۋادا ئۇ بولمىسا، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھايۋاندىن، ساراڭدىن جىق پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ..»②

2. ھاۋايى ھەۋەسنى بېسىش ۋە ھاۋايى ھەۋەسنىڭ ئۆركىشى

«ھاۋايى ھەۋەس ئادەمنىڭ قان - قېنىدىن ئۇرغۇپ ئىنسان بولغۇچى بىزنى كۆز ئالدىمىزدىكى لەززەتنى ئىزدەشكە ۋە ئاقىۋىتىنى ئويلىماي ئۇنىڭغا ئىگە بولۇشقا ئۈندەيدۇ، كېيىن ئازاب ئېلىپ كېلەمدۇ - كەلمەمدۇ، بۇ ئازاب كۆز ئالدىدىكى شادلىقتىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولۇپ كېتەمدۇ - كەتمەمدۇ ئۇنىڭغا كۆزىمىزنى سالغۇزمايدۇ. بۇ چاغدا ئەقلى - ھوشى جايىدا ئادەم ھاۋايى ھەۋەس ۋە ئۇنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا چەك قويىدۇ. ئادەم

① رازى: «پەلسەپىدىكى ئىشلار».
② رازى: «مەنىۋى داۋا» 19 -، 20 - بەتلەر.



پەقەت ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان ئاقىۋەتلەرنى ھېس قىلغاندا ئاندىن ئۇلارنى ئويلىمايدۇ.»①

3. ئادەم ئۆز كەمچىلىكىنى بىلىشى كېرەك

«ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنى ئاياپ ۋە دۇرۇسلۇق ئۈچۈن ھاۋايى ھەۋەسلەرنى باسمايدىغانلىقىمىز، نوقۇل ئەقلىي نەزەر بىلەن ھەرىكىتىمىزنى كۆزەتكىنىمىزدە، كەمچىلىكلىرىمىز بىلەن يامان خۇلقلىرىمىزنى ئاساسەن بايقىيالمايدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، چوقۇم بۇ جەھەتتىكى ئىشنى ئۆزىمىز بىلەن دائىم بىللە بولىدىغان ئاقىل ئادەمگە ھاۋالە قىلىشىمىز، ئۇنىڭدىن بارلىق كەمچىلىكىمىز ھەققىدە ئۆزى چۈشەنگىنى بويىچە سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىمىز، ھەم ئۇنىڭغا بۇنىڭ ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۇياتلىق ئىش ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىمىزگە ياخشىچاق بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىشىمىز، ھەم ئۆزىمىزنىڭ مۇپەتتىشى بولمىش بۇ كىشىدىن ھەربىر خىل ئەھۋالدىكى ئىپادىلىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سورىشىمىز لازىم. چۈنكى، يامان خۇلق خەلق ئىچىدە ئېيتىلغىنىدەك 40 يىلدىن كېيىن ئايان بولىدۇ.»

4. ھەسەت ۋە غەزەپ

«ھەسەت بىر خىل يامان ئادەت، ئۇ ئىچى تارلىق ۋە بېخىللىقنىڭ بەلگىسى. ھەسەتخور ئۆزى ئېرىشەلمىگەچكە، باشقىلارنىڭ ئېرىشىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. غەزەپ چوقۇم ھايۋانىي ئۆچ ئېلىش ئىستىكىنى قوزغايدۇ. بۇخىل يامان ئادەت چەكتىن ھالقىپ كەتكەن ھامان ئەقىل كېسىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئاچچىقلانغۇچىنىڭ يۈزىدە ئىپادىلەنگەن زەخمەتچى ئاچچىق چوقۇم ئاچچىققا ئۇچرىغۇچىنىڭ يۈزىدىكى ئاچچىقتىن تېخىمۇ دەھشەت بولىدۇ. شۇڭا پاراسەتلىك كىشى دائىم

① رازى: «مەنىۋى داۋا» 27 -، 28 - بەتلەر.

ئاچچىقلىنىش پەيدا قىلىدىغان كۆزا ئالدىدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى چوقۇم ئويلىشىشى كېرەك. ئاچچىقلانغاندا سىز چوقۇم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كاللىڭىزدىن تازا ئوبدان ئۆتكۈزۈۋېلىشىڭىز لازىم.»

5. ئالىيجانابلىق

«داڭلىق پەيلاسوپلارنىڭ كىشىگە مۇئامىلە قىلىش پەزىلىتى مۇنداق بولىدۇ: كىشىلەرگە دۇرۇس مۇئامىلە قىلىدۇ، ئاندىن كىشىلەرگە مېھرىبان، شاپائەتچان بولىدۇ، باشقىلار تولىمۇ كەمتەر ھېس قىلىدىغان كېلىدۇ؛ زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقا كىشىلەرگە سەممىي، سادىق سۆزلەيدۇ ھەم بارلىق كىشىلەرنىڭ بەختىنى ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ناۋادا بىر ئادەم داۋاملىق دۇرۇس ۋە پاك بولۇپ، باشقىلار بىلەن زىتلىشىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ تىرىكچىلىك قىلسا، ئۇ ھامان خاتىرجەم ياشايدۇ. ناۋادا بۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ ئۇلارغا شاپائەت قىلسا، كەڭ قورساق، سەممىي، سادىق ھەرىكەتتە بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشىدۇ. بۇ ئىككى ئالاھىدىلىك ئالىيجاناب پائالىيەتلەرنىڭ مەھسۇلى.»

6. ئۆلۈمدىن قورقۇش توغرىسىدا

«ئۆلۈم بىر يامانلىق، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ياخشى يەرگە بارىدىغانلىقىغا ئىشەنمىسىلا، ئۇنى پۈتۈنلەي روھنىڭ سىرتىدىكى بىر ئىش دېگىلى بولىدۇ. تەننىڭ تۈگىشى بىلەن روھنىڭ تۈگەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغان ئادەملەر توغرىسىدا گەپ ئاچساق، ئۇلار ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى سېزىپ يەتكەندە، ئەقلى كېسىلىپ، نەپسى ئۈچۈنلا تىپچەكلەيدۇ.»

«بىز، بۇلارنىڭ كېيىنچە بولغاندا، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ھەرقانداق زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى، زەخمەتتىن ھەزەر ئەيلەش بىر خىل سېزىم بولۇپ، سېزىم پەقەت تىرىكلەردىلا



بولىدۇ. ھايات بولغاندا ئۇ كۆرگەنلا يەردە زەخمەتكە ئۇچرايدۇ، خەۋپ كەلمەيدىغان ھالەت خەۋپلىك ھالەتتىن مىڭ ياخشى، ئۇنداقتا، ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆلۈم تىرىكلىكتىن ياخشى دەيمىز.»

«بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلەر ئادەم گەرچە تىرىكلىكتە خەۋپكە ئۇچرىسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆلگەندە ئېرىشەلمەيدىغان نۇرغۇن لەززەتلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، دەيدۇ. بۇنىڭغا مېنىڭ جاۋابىم شۇكى، ئادەم ھېچقانداق لەززەتكە ئېرىشەلمىگەن ئاشۇنداق ئەھۋالدا، قانائەتسىزلىك ياكى ئۆكۈنۈش ھېس قىلالامدۇ؟»

« بىلىشىمىز كېرەككى، ئەقىلنىڭ روھقا بولغان ئەقىدىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەقىلنىڭ ئۆلۈم تىرىكلىكتىن ياخشى دەيدىغان ھۆكۈمى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادىل بەلگىلىمىسىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى يۇرگۈزگىنىدۇر. مۇنەۋۋەر، مۇكەممەل ياخشى ئادەم ھەرگىز ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. چۈنكى، ئاللا ئۇنى تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا، روھنىڭ ئەمىن تاپىدىغانلىقىغا، جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا ۋەدە بەرگەن.»

«ناۋادا بەزىلەر بۇ دىنىي ھۆكۈمنى چۈشەنمىسە، ھەتتا ئۇنىڭدىن گۇمانلانسا، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنمىسە، ئۇنداقتا، ئۇ ئەڭ ياخشىسى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ باقسۇن.»①

---

① رازى: «مەنىۋى داۋا» 91 ـ، 92 ـ بەتلەر.

# ئالتىنچى باب فارابى

## 1. «ئىككىنچى ئۇستاز»

### 1. فارابىنىڭ ھاياتى

فارابىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، فامىلىسى ئەبۇ ناسىر، تەخەللۇسى فارابى، لەقىمى «ئىككىنچى ئۇستاز». بىز ئەرەبلەر ئادەتتە چوڭ ئوغۇلنىڭ ئىسمىنى فامىلە قىلىسىمۇ، فارابىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئەبۇ ناسىر دېگەن بۇ ئىسمىنى فامىلە قىلىپ ئالغىنىنى بىلمىمىز، چۈنكى، ئۇ ئۆمۈر بويى توي قىلمىغان.

فارابىنىڭ «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، بۇ ئۇنىڭ پەلسەپە ساھەسىدىكى گەۋدىلىك ئورنى ۋە كۆپ مىقداردىكى ئەسەرلىرى سەۋەبىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئارىستوتىل تەلىملىرىگە پىششىقلىقىدىن، ئۇنىڭغا شەرھىي يازغىنىدىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنىڭ ئارىستوتىلدىن كېيىنكى بۈيۈك پەيلاسوپ بولغانلىقى، ئارىستوتىل تەلىماتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تاراتقۇچىسى بولغانلىقىدىندۇر. ئارىستوتىل «بىرىنچى ئۇستاز» دەپ ئاتالغاچقا، فارابى ئۇنىڭ ۋارىسى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ تاراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن «ئىككىنچى ئۇستاز» دېيىلدى.

ھاجى خەلىپە[1] فارابىغا «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ نام بېرىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ ئارىستوتىلنىڭ «ئىككىنچى مائارىپ» ناملىق كىتابىنى تەرجىمە قىلغانلىقىدىندۇر دەيدۇ. بۇ

① «ئەسەر نامى ۋە سۇنئى ناملار كۆرسەتمىسى» گە قارالسۇن.



قاراش روشەنكى بىر تېگىملا. چۈنكى بىر كىتابنى تەرجىمە قىلغان تەرجىمانغا ھەرگىز ئۇ كىتابنىڭ نامى لەقەم بولۇپ قالمايدۇ. يەنە كېلىپ «ئىككىنچى مائارىپ» دەيدىغان كىتاب بولغانىدىمۇ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتمىسە، قانداق قىلىپ بۇ مەشھۇر بولمىغان كىتابنىڭ نامىدىن فارابىغا لەقەم چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟ لۇتفى[1] ئەپەندى فارابىنىڭ ئىككىنچى ئۇستاز لەقىمىنى ئېلىشىدىكى ئۈچىنچى خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇ دەلىل كەلتۈرۈپ مەئمۇن دەۋرىدە مەنسۇر بىننى نوھ سامانى گىرېكچىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى توپلاپ فارابىنى بۇ تەرجىمىلەرنى تەھرىرلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. فارابى ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تۈزەتمىسى «ئىككىنچى مائارىپ» دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا «ئىككىنچى ئۇستاز» دەپ نام بېرىلگەن دەيدۇ.

بۇ قاراشنىڭ روشەن تارىخىي خاتالىقى بار. چۈنكى مەنسۇر بىننى نوھ سامانى خوراسان ئەمىرى بولغان مەزگىل ھىجرىيە 343-يىلى بولۇپ، بۇ فارابى ئۆلۈپ كەتكىنىگە تۆت يىل بولغان ۋاقىت ئىدى.

«فارابى» دېگەن بۇ نام ئۇنىڭ يۇرتى فارابتىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسى سىرتىغا جايلاشقان بىپايان زېمىندىكى بىر يەر ئىدى.

بەزىلەر فارابى سىر دەرياسىنىڭ غەربىدىكى ۋاسىج كەنتىدە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى مەزكۇر كەنت تەۋە بولغان فاراب ۋىلايىتى دېيىشكە مايىل. ئىبن ھەككىل مانا مۇشۇنداق قارايدۇ. ئۇ سىر دەرياسىنىڭ غەربىدە ۋاسىج دەپ كەنتا بار، ئەبۇ ناسىر

① «مانتالىيە، گە ئىمزاھ» قا قارالسۇن.

فارابى شۇ يەردە تۇغۇلغان دەيدۇ.

گىبفدى، ئىبنى ئەبۇ ئەۋزەبا ۋە ئىبنى خەللىكانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا بىر بۆلەك تارىخچىلار فارابى فاراب[1] شەھىرىدە تۇغۇلغان دەپ ھېسابلايدۇ. يەنە باشقا بىر بۆلەك ئالىملارمۇ فاراب نامىدا داڭلىق، بۇنىڭ ئىچىدە ئەبۇ ناسىر ھەمىدى جىھاد فارابى بار ( ھىجرىيە 323 — 393 - يىل ).

بىزنىڭ فارابىنىڭ قاچان تۇغۇلغانلىقىنى بىلىشكە ئامالىمىز يوق. ئادەتتە 870 - يىلى تۇغۇلغان دېيىشكە مايىلمىز. بۇ تارىخچىلار خاتىرىلىگەن ئىشلاردىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان نەتىجە. ئىبنى خەللىكان فارابىنى مىلادىيە 950 - يىلى ۋاپات بولغان، شۇ يىلى ئۇ 80 ياشتا ئىدى دەيدۇ.

ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدىكى ئەھۋالىغا كەلسەك، ئىشەنچلىك مەلۇمات يوق. ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋالىنى ئۇنىڭ تەرجىمىھالىدىن بىلىمىز. ئۇ مەدرىسكە كىرگەندىن كېيىن يۇرتىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن ماتېماتىكا، ئەدەبىيات، پەلسەپە، تىل بولۇپمۇ ئانا تىلى بولغان تۈرك تىلى، يەنە پارس تىلى، گرېك تىلى ۋە ئەرەب تىلى[2] ئۆگەنگەن. ئاندىن ھىجرىيە 310 - يىلى يۇرتىدىن ئايرىلىپ ئىراققا كەلگەن، شۇ چاغدا ئۇ 50 ياشقا يېقىنلاشقانىدى.[3] ئۇ ئىراقتا يۇرتىدا ئۆگىنىشكە باشلىغان ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىش بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن ئىلىملەرنى قوشۇپ ئۆگەندى. ھەرراندا خرىستىئان مۇرىتى ئاتاقلىق لوگىكا ئالىمى ۋە تېۋىپ يوھان بىننى ماسۇيدىن پەلسەپە، لوگىكا ۋە تېبابەت ئىلىملىرىنى ئىگىلىدى.

① فاراب نامىدا باشقا شەھەرلەرمۇ بار، بىرى تۈركىيىدە (تۈركىستاندا)، يەنە بىرى، پېرسىيىدە. ئىبنى خەللىكان ۋە بەزى تارىخچىلار فارابى تۈركىستاننىڭ فاراب شەھىرىدە تۇغۇلغان دەيدۇ. ئىبنى نادىم فارابى ئالەمدىن ئۆتۈپ 38 يىلدىن كېيىن يازغان «كىتابلار مەجمۇئەسى» دە، بۇ ئالىمنىڭ يۇرتى پېرسىيىنىڭ فاراب شەھىرى، ئۇنىڭ ئاتىسى پارس، ئانىسى تۈرك دەيدۇ.

② «ئىنسانلارنىڭ مىراسى» I توم، 571 - بەت.

③ بەزى تارىخچىلار فارابى ئىراققا كېلىشتىن ئىلگىرى ئەدلىيە خىزمىتىدە بولغان دەيدۇ.



باغدادتا ئۇ ئەبۇ بەشەمەتتە بىننى يۇنۇستىن پەلسەپە ۋە لوگىكا ئۆگەندى. يۇنۇس خرىستىئانلارنىڭ نېستورىئان مەزھىپىدىن ئىدى؛ ئۇ ئەينى دەۋردىكى مەشھۇر گرېك تىلى تەرجىمانلىرىنىڭ بىرى، ئەڭ داڭلىق لوگىكا تەتقىقاتچىسى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ باغدادتا ئىبنى سەلەجدىن ئەرەب تىلى ئۆگەندى ھەم مۇزىكا ئىلمىنى ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى ۋە تىل، تېبابەت، ماتېماتىكا ئۆگىنىشلىرىنى تاماملىدى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ياشتا يەنىلا ئوقۇغۇچى بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى، بۇ ئەينى دەۋردىكى ئەھلى ئىلىملەرنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئايىغى چىققاندىن تارتىپ ئۆلگۈچە ئۆگىنىشنى داۋاملاشتۇراتتى.

ئىلىم ئېلىش، بىلىم تارقىتىش ۋە يۇرت كۆرۈش ئۈچۈن فارابى ساياھەتكە ھېرىس ئىدى. ھىجرىيە 330 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئۇ ئىراقتىن سۈرىيىنىڭ شىمالىغا كۆچۈپ كەلدى، ئۇ يەردە پادىشاھ سەيفۇل دەۋلە ھەمەدانى بىلەن ئۇچراشتى، پادىشاھ ئۇنىڭ ئىستىدادىغا قايىل بولۇپ ئىززىتىنى قىلدى. بۇ پەيلاسوپ سەيفۇل دەۋلەنىڭ ئوردىسى تۇرۇشلۇق ئورۇندا ئوقۇتۇش ۋە ئەسەر يېزىشقا باشچىلاپ كىرىپ كەتتى. سۈرىيىدىكى مەزگىللەردە ئۇ ھەر قايسى شەھەرلەردە بولۇپمۇ ھەمەدان خاندانلىقىنىڭ پايتەختى ۋە تۇرۇپ - تۇرۇپ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ قالىدىغان دەمەشىقتە تۇردى. بىر قېتىم مىسىرغىمۇ بېرىپ كەلدى، ئۇ بەلكىم ھىجرىيە 338 - يىللىرى بولسا كېرەك، ئاندىن يەنە دەمەشىققە قايتىپ كەلدى، شۇ يىلى دەمەشىقتە ئالەمدىن ئۆتتى. فارابىنىڭ تاللىۋالغىنى تەركىيدۇنيا، ئىقتىسادچىل تۇرمۇش ئىدى؛ ئۇ توي قىلمىغان بولۇپ، تۇرمۇشى غورىگول ئۆتەتتى، ھەر كۈنى پادىشاھ سەيفۇل دەۋلە خەزىنىسىدىن خىراجىتىگە پەقەت تۆت دەرھەم ئېلىشقىلا ئۇنايتتى، لېكىن

خىراجىتىگە پەقەت تۆت دەرھەم ئىشلىتىشكىلا ئۇنايتتى، لېكىن ھەمەدان خاندانلىقىنىڭ بۇ پادىشاھى مۇتەنەبىينىڭ ھەر كۇپلېت شېئىرى ئۈچۈن 1000 دىنار ئىنئام قىلغانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، فارابىنىڭ تۇرمۇشىنىكى نامراتلىقى شۇ دەرىجىدىكى، ئۇ كېچىسى كىتاب كۆرۈش ئۈچۈن ياقىدىغان چىراغىنىڭ مېيىغا چامىسى يەتمىگەچكە، ئىشىك باقارنىڭ چىرىغىنىڭ يورۇقىدا كىتاب كۆرۈپ ئەسەر يازغان. فارابى پىكىر يۈرگۈزۈش ئۈچۈن يالغۇزلۇقنى ياقتۇراتتى. مەسىلەن، ئىبنى خەللىكان «داڭدارلارنىڭ ئۆلۈم خاتىرىسى» دە، دەمەشىقتە تۇرغان پۈتكۈل مەزگىلدە فارابى ئۆزىنىڭ كۆپ قىسىم ۋاقتىنى شەھەر سىرتىدىكى خىلۋەت باغلاردا، سۈزۈك سۇلۇق ئېرىق بويلىرىدا ئۆتكۈزگەن. ئۇنى پەقەت شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېرىقلاردىكى سۇ ئۇچرىشىدىغان ئاچاللاردىن ياكى ياپيېشىل چىمەنزارلىقلاردىنلا تاپقىلى بولاتتى. ئۇ شۇ جايلاردا بەدەشقان قورۇپ ئولتۇرۇپ ماقالە يازاتتى. ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، مەسلەكداشلىرى، ياردەمچىلىرى ئەتراپىدا تۇرۇشاتتى، دەيدۇ.

ئەينى چاغدا پەلسەپىنىڭ ئىستېمال مەنىسى كەڭ بولۇپ، ئالەمنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان ئۇنىۋېرسال بىر ئىلىمنى كۆرسىتەتتى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، فارابىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى بۇ ساھەدە شەك - شۈبھىسىز ئۆزگىچە ئىدى. ھەممىدە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ ئەڭ روشەن ئىپادىلىنەتتى. ئۇنىڭ زور بىر قىسىم تىرىشچانلىقى پەلسەپە تەتقىقاتىغا قارىتىلدى. بولۇپمۇ گرېك پەلسەپىسىدىكى ئارىستوتېل پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تەتقىقاتى ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ زېھنىنى ئالدى. ئىبنى خەللىكان ئۆزىنىڭ ئارىستوتېلنىڭ «روھ ھەققىدە» ناملىق كىتابىنى كۆرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبۇ ناسىر فارابىنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن «بۇ كىتابنى يۈز قېتىم



ئوقۇدۇم» دەپ يېزىپ قويغانلىقىنى قەيت قىلىدۇ. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، فارابى يەنە: «پەيلاسوپ ئارىستوتېلنىڭ ‹فىزىكا› ناملىق كىتابىنى مەن قىرىق قېتىم ئوقۇدۇم، بىراق يەنە چوقۇم ئوقۇشۇم كېرەكتەك ھېس قىلىمەن» دېگەنمىش.

## 2. فارابىنىڭ ئەرەب ئىلىم - پېنىگە قوشقان تۆھپىسى

فارابى ئەرەب دۇنياسى پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي پېشىۋاسى. بۈگۈنكى كۈندە بىز ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ تۇنجى ئاساسچىسى دەپ ئاتايدىغان ئىلىم ئىگىسى دەل مۇشۇ ئادەم. ئۇ پەلسەپىنىڭ ئۇلىنى سالدى ھەم پەلسەپىدىكى ھەر قايسى ئىلىملەرنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەرەب پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىسى ئىچىدە ئۇنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان ئىدىيە يوق دېيەرلىك. ئۇ پەلسەپە تارىخى ۋە ھەر قايسى مەزھەپلەر مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئەڭ ياخشى چۈشەنگەن ئادەم. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە مۆتىۋەرلىك ئورۇندا تۇرۇپ، گرېك پەلسەپىسىنىڭ ھەر قايسى مەزھەپلىرىنى بايان قىلغان ھەم ئۇلارنىڭ پەرقىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەن. ئۇ يەنە ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېل ئارىسىدىكى ئوخشاشمىغان قاراشلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە كۈچىگەن. سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭ شۆھرىتى ھەرگىز پەلسەپە ساھەسىدىكى ئورنىدىن تۆۋەن ئەمەس. پەلسەپە بۇقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېللارنىڭ قولىدا دۇنياغا كېلىپ، شۇ كۈنگە كەلگۈچە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەلسەپە ئويلىشىدىغان ئەڭ مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ ئىش فارابىنىڭ نۇرغۇن زېھنىنى ئالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ مەسىلىلەرنى شەرھىلەش ئۈچۈن يازغان بىر مۇنچە ئەسەرلىرى بار، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇرى «ئېسىلبالىق ئاھالىسى توغرىسىدىكى قاراشلار» («پەزىلەتلىك شەھەر»). فارابى بىر نەچچە خىل چەت ئەل تىلىغا

شۆھرەت قازانغان ئادەم يوق. نۇرغۇن تارىخچىلار ئۇنى 70 خىل تىل بىلەتتى دەپ تەرىپلەيدۇ. بۇ گەرچە سەل ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولسىمۇ، بىراق ئۇ فارابىنىڭ ئەينى چاغدىكى شۆھرىتىنىڭ يۇقىرىلىقىنى دەلىللەيدۇ. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان كۆپ قىسىم ئەدەبىي تىللارنى ئىگىلىگەن. بولۇپمۇ ئانا تىلى — تۈرك تىلى، پارس تىلى ۋە ئالىملار، ھۈنەرۋەنلەر تىلى بولغان گرېك تىلىغا بەك پىششىق ئىدى. ئۇنىڭ ئانا تىلى بولمىغان ئەرەب تىلىنى ئىگىلىشى مۇشۇ تىلدا شېئىر يازالىغۇدەك سەۋىيىگە يەتكەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان بولۇپ، بۇنىڭ كۆپ قىسمى پەيلاسوپلار ۋە ماتېماتىكلارنىڭ ئۇسلۇبىدىكى شېئىرلاردۇر. تېبابەتكە كەلسەك، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىمۇ مول بىلىمى بار، ھەتتا بەزى تارىخچىلار ئۇنى تېۋىپلىقمۇ قىلغان دەيدۇ، بىراق ئۇ بۇ كەسىپنى تۇتۇپ قىلمىغان بولۇشى، بەلكى ئۇنى ئۆگەنگەن ھەم ئۇنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى بىلەن تونۇشلۇقى بار بولۇشى مۇمكىن.

مۇزىكا ئىلمى جەھەتتە ئۇ ئاشۇ دەۋرنىڭ تالانتى. بۇ ھەقتە مەشھۇر بىر ئەسىرى بار، ئۇنىڭ ئىسمى «مۇزىكا دەستۇرى».① ئىبن خەللىكان ئۇنى «قالۇن» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل چالغۇنىڭ ئىجادچىسى دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمما باشقىلار فارابىنىڭ ئىجاد قىلغىنى شەكلى «قالۇن»غا ئوخشايدىغان باشقا بىر خىل چالغۇ دەيدۇ. كالدىنىڭ «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە سوپىلارنىڭ مەۋلەۋىيە مۇرتلىرى فارابى نوتىغا ئالغان قەدىمكى ناخشىلارنى ھازىرغىچە ساقلاۋېتىپتۇ دەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىبن خەللىكان بىر ھېكايەت قىلىدۇ، ئۇنى تارىخىي خاتىرە دېگەندىن رىۋايەت دېگەن تۈزۈك، ئەمما ئۇ مەيلى قانداقلا بولمىسۇن

① مانا بۇ گېرمانىيە شەرقشۇناسى سىدناشىناد ئۆگەنگەن ئەسەر، ئۇ بۇ ئەسەرنى ئەرەب مۇزىكاشۇنلىرىنىڭ دەستۇرى دەپ ھېسابلايدۇ.



فارابىنىڭ خەلقنىڭ نەزەرىدە مەشھۇر كۈي تالانتى ھېسابلىنىشتەك شەرەپكە ئېرىشكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن: پادىشاھ سەيفۇل دەۋلە قاتناشقان بىر زىياپەتتە فارابى پادىشاھنىڭ ئالدىدىكى سازەندىلەرنىڭ ئورۇنداش ئىقتىدارىدىن بەكلا نارازى بولىدۇ، سازەندىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بىر مۇنچە كەمچىلىكلەرنى تاپقاندا، پادىشاھ بۇنىڭغا ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن سازەندىلىكنىڭ قولىدىن كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى سورايدۇ. ئۇ ئېنىق قىلىپ «كېلىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ ۋە كەينىدىنلا قوينىدىن بىر بوقچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە ئىنچىكە كالتەكنى چىقىرىدۇ - دە، بىر نېمىلەرنى قىلىپ قۇراشتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى چېلىشقا باشلايدۇ، سورۇندىكىلەرنى باشتا قاتتىق كۈلدۈرىدۇ. ئاندىن قولىدىكى سازنى چۇۋۇپ، قايتا قۇراشتۇرۇپ مۇڭلۇق بىر مۇزىكىغا چېلىشقا باشلايدۇ، سورۇندىكىلەرنىڭ ھەممىسى باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ كېتىدۇ. ئاندىن ئۇ قولىدىكى سازنى قايتا بىر قۇراشتۇرۇپ چېلىپ ھەممە ئادەمنى ئۇخلىتىۋېتىپ ئۆزى ئاستا سورۇندىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئۇنىڭ قولىمىزغا يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرى بولۇپمۇ «پەن تەرتىپى» ناملىق كىتابىدىن بەلگىلىككى، ئۇ ئۆزى يېڭىلىق بەرگەن ۋە ئۇلىنى سالغان ئىلىملەردىن باشقا، ئۆز دەۋرىدە ئەۋج ئالغان باشقا بارلىق ئىلىملەرگە نەزەرىنى بەرمەيمۇ قويمىغان بولۇپ، ئۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن پىششىق تونۇش ئىدى.

### 3. فارابى ئەسەرلىرى

فارابىنىڭ ئەسەرلىرى كۆپ، گېرمانىيە شەرقشۇناسى سىدناشىناد مۇشۇ ھەقتە مەخسۇس قىلىپ زور ھەجىملىك ئەسەر يازغان. بىراق فارابىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 40 پارچىسىلا

يازغان. بىراق فارابىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدىن 40 پارچىسىلا بىزگە يېتىپ كەلگەن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ 32 پارچىسى ئەسلى نۇسخا، ئالتە پارچىسى ئىبرانىچە تەرجىمە، ئىككى پارچىسى لاتىن تىلىدىكى تەرجىمە①. ئۇنىڭ يېرىم ئەرەبچە ئەسلى ئەسەرلىرى گوللاندىيىنىڭ لېيتون، پاكىستاننىڭ ھەيدەر ئاباد، قاھىرە، بېيرۇتلاردا نەشردىن چىقتى، قالغانلىرى يەنىلا قولىيازما پېتى تۇرماقتا.

«پەن تەرتىپى» فارابىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى. مەزكۇر ئەسەر 1931 - يىلى قاھىرەدە تۇنجى قېتىم نەشردىن چىقىپ كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. سادى « ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دەرىجىسى » ناملىق كىتابىدا بۇ كىتابنى تونۇشتۇرۇپ، فارابىنىڭ ئىلىم تەرتىپىنى بېكىتىش ۋە ئۇنىڭ قاراشلىرىنى تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا يېزىلغان ئېسىل بىر ئەسىرى بار، بۇنداق كىتابنى بۇرۇنقىلارمۇ يازالمىغان، ھازىرمۇ بىرەرسى ئاشۇنداق يازالمايدۇ، ھەر قايسى كەسىپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئۇنى ئۇستاز تۇتماي قالماسلىقى، ئۇنى چوقۇم ئوقۇپ بېقىشى لازىم، دەيدۇ. مەزكۇر ئەسەردە فارابى ئىلىمنى بەش رەتكە ئايرىپ، سەككىز تۈركۈم بويىچە تەتقىق قىلىدۇ، ھەر بىر تۈركۈمنى ئىنچىكە سۆزلەيدۇ، ھەر قايسى تارماق پەنلەرنىڭ تۈزۈلمىسى، مەيدانى ۋە ئېھتىمالدىكى يۆنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

فارابى تىلشۇناسلىقنى ئىلىمنىڭ بىرىنچى رەتكە قويۇپ، ئۇنى يەتتە تارماققا يەنى تاق سۆز ھەققىدىكى ئىلىم، بىرىككەن سۆز ھەققىدىكى ئىلىم، تاق سۆز گراماتىكا قائىدىسى ئىلمى، بىرىككەن سۆز گراماتىكىسى، توغرا يېزىش قائىدىلىرى ئىلمى، توغرا ئوقۇش قائىدىسى ئىلمى، شېئىر قائىدىلىرى ئىلمىگە

① بىرو كولىم: «ئەرەب ئەدەبىيات تارىخى» I توم، 210 — 213 - بەتلەر.



ئايرىيدۇ.

ئىككىنچى رەتكە لوگىكىنى قويۇپ، لوگىكىنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئورنى، ئۇنىڭغا بولغان تەقەززالىقنى كۆرسىتىدۇ. ماقالىدە فارابى لوگىكىغا ئېنىقلىما بېرىدۇ، ئېنىق، ئوچۇق ۋە قىسقا قىلىپ ئۇنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنى بايان قىلىدۇ، ئەمما ئۇ كاتېگورىيە، شەرھى، تەپسىر ئۇسۇلى، دەلىل، مۇزاكىرە تۇتقىسى، نۇتۇق ۋە شېئىرغا شۇنداقلا تېگىپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۈچىنچى رەتكە ماتېماتىكىنى قويۇپ، ئۇنى ئارفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، مۇزىكا ۋە دىنامىكىغا تارماقلايدۇ.

تۆتىنچى رەتكە فىزىكا بىلەن مېتافىزىكىنى( ئىلاھىيەتنى) قويىدۇ.

بەشىنچى رەتكە ئەخلاق ۋە سىياسىينى قويۇپ، ئۇنى مەرىپەت، فىقھە، كالامىيەت، تەۋھىدلەرگە تارماقلايدۇ.

فارابىنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى خۇددى كىرىش سۆزدە ئېيتىلغاندەك، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ھەر قايسى تونۇشلۇق پەنلەرنى سەرەمجانلاشتۇرۇش. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇنداق قىلغان، ئۇ ئىلىملەرگە مەنتىقىلىق تەرتىپ بېرىپ، ئالدى بىلەن تىلشۇناسلىقنى تىلغا ئالغان. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ بۇ ئىلىمنى چۈشىنىشكە ئېھتىياجى چۈشىدۇكى، ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن ئۆز ئىدىيىسىنى توغرا ئىپادىلەپ، بۇ ئىدىيىلەرنىڭ مۇكەممەل بايان قىلىنىشىنى، كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا توغرا كىرىشىنى كاپالەتلەندۈرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ لوگىكىنى تىزىدۇ. چۈنكى، «ئۇ كىشىلەرنى مۇكەممەل قائىدىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ قائىدىلەر كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى توغرىلىيالايدۇ. شۇنداق بولغاندا، ئادەم پۈتۈن زېھنى بىلەن مەلۇم ئىلىمنى تەتقىق قىلغاندا ئېزىقىشنىڭ بولماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ».

ئاندىن ئۇ ماتېماتىكا، فىزىكىدىن ئىبارەت نەزەرىيىۋى پەنلەرنى تىلغا ئالىدۇ، ئوقۇرمەن سۆز مەنىسىنى بىلگەن ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، بۇ نەزەرىيىلەرنى چۈشىنەلەيدىغان بولىدۇ، دېمەكچى بولىدۇ. فارابى ئاخىرىدا مەرىپەت ۋە فىقھى دېگەندەك تەدبىقىي ئىلىملەر بىلەن پۈتۈن كىتابنى تاماملايدۇ. بۇ، نەزەرىيە ۋە تىلشۇناسلىق بىلىملىرىنى چۈشەنگەن ھەر بىر ئەھلى ئىلىمگە كەم بولسا بولمايدىغان بىر ئەسەر.

مەزكۇر كىتابتا ئىپادىلەنگەن فارابى ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوچۇق ھەم ئېنىق، يۈكسەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىدەك مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز ئەمەس. فارابى تۆھپىلىرىنىڭ بىرى، ئۇنىڭ بۇ كىتابىنى كېيىنكىلەر يېزىقچىلىقىنىڭ ئۈلگىسى قىلغانلىقىدا. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ ماقالىلىرىدا فارابىغا تەقلىد قىلغان بولۇپ، ئۇلار ماقالىنى تۆت بۆلەككە بۆلەتتى. ئۇلاردىن كېيىن يەنە ئىبن سىنا ئۆزىنىڭ « ئەششىفا » ناملىق كىتابىنىمۇ فارابىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان.[1]

فارابىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكىنى ئاز، پەقەت تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغانراقى ئەبۇ زەكەرىيا يەھيا بىن ئادى. ئۇ ھىجرىيە 374 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئۆزى خرىستىئان پەيلاسوپى، ئۇ ئارىستوتېل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەن مەشھۇر. يەھيا بىن ئادىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بار، ئۇنىڭ ئىسمى ئەبۇ سۇلايمان مۇھەممەد شەجىستانى بولۇپ، ھىجرىيە 371 ـ يىلى ۋاپات بولغان. شەجىستانى باغدادتا بىر بۆلۈك مۇتەپەككۇرلارنى ئەتراپىغا يىغقان

[1] ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» 252 ـ بەت.



بولۇپ، قەرەللىك ھالدا مەشھۇر مەدەنىيەت سالونلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇراتتى. بۇ سالوندىكى ئۇچۇرلار شەجىستانىنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئەبۇ شەييانىڭ «سىپلىشتۇرما» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭ بۇ كىتابى قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن توشقان. ئەمما بۇ بىر گۇرۇھ ئادەملەر ھەقىقىي مەنىدىكى پەيلاسوپلار ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭ فارابىنىڭ لوگىكا ئىلمى ھەققىدىكى مۇنازىرىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك گەپدانلىققا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. ھەر ھالدا ئىبن سىنادىن فارابى پەلسەپىسىنىڭ ۋارىسلىقىغا خاس خىسلەتنى كۆرگىلى بولىدى، ئىبن سىنامۇ فارابىنىڭ ئۆز ئۇستازى ئىكەنلىكىگە تەستىق سالىدۇ. بۇنىدىن باشقا فارابى ئەنتالۇسىيەدىكى بىر قىسىم ئالىملار، بولۇپمۇ ئىبن مەجىدكە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئىشراقىيە مەزھىپىنىڭ باشلىقى سۇھرىۋەردى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىسىنى ئىشراقىيە ۋە سەيلە ـ ساۋاق مەزھىپى تەلىماتلىرىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ چىققۇچى سەدرىددىن شىرازىغا نىسبەتەن فارابىنىڭ تەسىرى زور بولدى.

زور كۆپچىلىك تارىخچىلار فارابى ھىجرىيە 339 ـ يىلى دەمەشقتە ئالەمدىن ئۆتتى دەپ قارايدۇ. پادىشاھ سەيفۇل دەۋلە 15 نەپەر ئەلەمدار، قەلەمدارلىرىنى باشلاپ، ئۇنىڭ نامىزىغا قاتناشتى ھەم فارابىنى دەمەشىق شەھىرىنىڭ «كىچىك دەرۋازا» سىرتىغا دەپنە قىلدى. تارىخچىلارنىڭ بايانى دەلىللەيدۇكى، فارابى ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە بەيھەقى ئۆزىنىڭ «ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق ئەسىرىدە: «ئۆلۈپ كەتكەن ئۇستازىمنىڭ ئېيتىشىچە، فارابى دەمەشقتىن ئەسقالانغا بارىدىغان يولدا بۇلاڭچىلىققا ئۇچرايدۇ. فارابى بۇلاڭچىلارغا مال ـ مۈلكىنى ئېلىۋېلىپ مېنى قويۇۋېتىڭلار دەيدۇ. بۇلاڭچىلار ئۇنىماي ئۇنى ۋە ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن سۈرىيە

ئۇردىسىدىكى ئاقسۆڭەكلەر قاتتىق غەزەپلىنىپ، قاراقچىلارنى تۇتۇپ ئەكېلىپ، فارابىنى دەپنە قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنى فارابى قەۋرىسى يېنىدىكى جىگدىگە مىخلاپ ئۆلتۈرگەن » دەيدۇ.

بەيھەقىنىڭ بۇ ھېكايىسىنىڭ توقۇلما بولۇشى ئېھتىماللىققا يېقىن. بۇ، تارىخچىلارنىڭ ئەبۇ تايىب مۇتەنەببى ھىجرىيە 354-يىلى پېرسىيىدىن ئىراققا كېتىۋاتقان يولدا، بۇلاڭچىلىققا ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەنلىك ۋەقەسى توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىگە بەك ئوخشايدۇ. چۈنكى، ناۋادا فارابى ھەققىدىكى يۇقىرىقى گەپلەر راست بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا فارابى ياشىغان دەۋر ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن، ئالايلۇق، ھىجرىيە 346-يىلى ۋاپات بولغان مەسئۇد قاتارلىق فارابى تەرجىمىھالىنى يازغۇچىلار بۇ ۋەقەنى چوقۇم خاتىرىلەيتتى.

ئاخىرىدا دېيىشىمىز، فارابىدىن ئىبارەت بۇ پەيلاسوپنىڭ قانچىلىك تەسىرى بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئورنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغانلارغا ئىبنى سىنادەك ھاكاۋۇر، چوڭچى ، ھەتتا ئەپلاتوننىڭ پەلسەپىسىنىمۇ ئۇنچىۋالا ۋاي دەپ كېتىشكە ئەرزىمەيدۇ[1] دەپ باھا بەرگەن ئادەمنىڭ فارابىنىڭ ئالدىدىكى كەمتەرلىكىنى ئىشارە قىلىشلا كۇپايە. ئىبنى سىنا ئۇستازىنىڭ پاي قەدەملىرىدىن چىقمايدىغان ئوقۇغۇچىدەك مۇنداق ئېتىراپ قىلغان: «مەن ئارىستوتىلنىڭ ‹ مېتافىزىكا› سىنى 40 قېتىم ئوقۇپ ئازراقمۇ ھەزىم قىلالمىدىم، پەقەت فارابىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن شەرھىي ئەسىرى قولۇمغا چىقىشى بىلەن زېھنىم كەڭ ئېچىلىپ كەتتى».[2]

---

[1] ئىبنى سىنا «شىپىرنىيەت لوگىكىسى» دە، سىرلىق سۆزلۈك بولۇپ كەتكەن ئەپلاتونغا نىسبەتەن ئېيتساق، ناۋادا ئۇنىڭ بىزگە قالدۇرغان بۇ تەلىملىرى مۇشۇنچە بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئىلمى بىر يۇرۇش «2-دەرىجىلىك مال» دۇر دەيدۇ.

[2] جۇرجانى: «ئىبنى سىنا ھەققىدە» 7 - بەت.



2 . «ئىككى پەيلاسوپنىڭ قاراشلىرىغا مۇرەسسە»

بۇ ئەسەر ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي قىممەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇ بىزگە فارابىنىڭ يۇزەكى تونۇشۇپ چىققان گرېك پەلسەپە ئەسەرلىرى بولۇپمۇ ئارىستوتىل بىلەن ئەپلاتون ئەسەرلىرىنىڭ ئەرەبچە تەرجىمىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ تارقالغانلىقىنى، ئۇنىڭ پلوتىنىنىڭ «توققۇز باب» ناملىق ئەسىرىنى بىلىپ - بىلمەي ئوقۇپ كۆرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش مەزكۇر كىتاب بىزگە يەنە فارابىنىڭ بۇ تەرجىمە ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتىلدىن ئىبارەت ئىككى پەيلاسوپنىڭ قاراشلىرىنى قانداق مۇرەسسەگە باشلىغىنىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مەزكۇر كىتابىنىڭ كىرىش سۆزىدە فارابى ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتىل ئارىسىدا ئىختىلاپلىق مەسىلىلەر بارلىقىنى ئاڭلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، بۇ مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ پەلسەپىگە مۇنداق ئېنىقلىما بېرىدۇ: پەلسەپە بارلىق شەيئىلەر «مەۋجۇت» دېگەن بۇ ئەمەلىيەت ئاساسىدا شەيئىلەرنى چۈشىنىدۇ، دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ يەنە ئۆزىدىن: دەۋرداشلارنى بۇ ئىككى پەيلاسوپ ئارىسىدا ھەقىقەتەن ماھىيەتلىك ئىختىلاپ بار دېگەن تونۇشقا كەلتۈرگەن نەرسە زادى نېمە؟ دەپ سورايدۇ.

فارابى بۇنى ئۈچ خىل ھۆكۈمگە مۇجەسسەملەيدۇ، يەنى بىر بولسا پەلسەپىگە بېرىلگەن ئېنىقلىما خاتا؛ بىر بولسا كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ ئۇلارنى پەيلاسوپ دەپ قارىشى خاتا؛ ياكى ئۆزئارا تالاشتا قالغان ئاشۇ ئادەملەر ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلمەيدىغان بىر ئۇچۇم ئەخمەقلەر، دەيدۇ.

ئاندىن، فارابى پەيلاسوپ دەپ ئاتالغان ئىككى ئادەم يەنى فارابىنىڭ نەزەرىدىكى ئىككى پەلسەپە مۆتىۋىرى ئارىسىدا تالاش -

تارتىشتا تۇرۇۋاتقان مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىدۇ. بۇلارنىڭ ئېچىدىكى مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئەپلاتون بىلەن ئارىستوتېلنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ

ئەپلاتون دۇنيانىڭ نۇرغۇن لەززەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن، ئارىستوتېل بولسا پادىشاھ ئالېكساندىرنىڭ ۋەزىرى بولغان. ئۇنىڭدىن قالسا ئەپلاتون توي قىلمىغان، ئائىلىسى يوق، ئەمما ئارىستوتېل توي قىلغان، يەنە بالىلىرى بار. ئەپلاتون پەقەت ئاغزاكى دەيدىغان، كىتاب يازمايدىغان ئۇستازى سوقراتنى دورىغان، شۇنداقلا يەنە تەسۋىرىي بەلگىلەرنى ئىشلەتكەن، بىراق ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئازراقمۇ خاتىرىلەنمىگەن.① ئەمما ئارىستوتېلنىڭ ئۇسلۇبىدا ئوچۇقلۇق بار، ئۇ ياشلىق دەۋرىدىن تارتىپ قېرىغىچە ئەسەر يازغان، ئۆز تەلىماتلىرىنى تىكلىگەن.

بۇ ئىككى پەيلاسوپنىڭ ئۆزئارا زىددىيەتلىك بۇ خاسلىقلىرىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش ئۈچۈن فارابى بىر قىسىم خۇلاسىلارنى ئەپلاتوننىڭ تۇغما زېھنىنىڭ يېتەرسىزلىكىگە ۋە ئارىستوتېل تۇغما زېھنىنىڭ تولۇقلۇقىغا باغلايدۇ.

2. دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە

ئەپلاتون دۇنيا شەكىللەندۈرۈلگەن، دەيدۇ، ئارىستوتېل دۇنيا ئەزەلدىنلا بار ئىدى، دەيدۇ. «دۇنيانىڭ باشلىنىشى يوق» دېگەنگە كەلسەك، بۇ ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ لوگىكا ئىلمىدە ئوتتۇرىغا قويغان بىر پەرەز، فارابى يەنە بۇ زىددىيەتلىك ئىككى قاراشنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇ يەردە فارابى

① پەلسەپە ھەقىقەتلىرىنى خاتىرىلەش ھەققىدىكى بۇ پوزىتسىيىنى يەنە 50 ياشقىچە ھېچنىمە يازمىغان پلوتوندىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ قەغەز بىلەن سىياھ ساپ قەلبلەردە ساقلىنىشقا مۇناسىپ تەلىماتلارغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەپلاتوننىڭ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلغانكى، ئۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق بىر ئىلمىي ماقالە يازغان ئەمەس. ئارىستوتېل ئۇنىڭ دەرس سۆزلىگىنىنى تىلغا ئېلىپ، «يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئەپلاتون تەلىماتلىرى» دېگەن جۈملىنى ئىشلىتىدۇ. ۋىل دولاتنىڭ «مەرىپەت پاكىتلىرى»غا قارالسۇن.



«مېتافىزىكا» ناملىق كىتابقا تايىنىپ ئارىستوتېلنىڭ دۇنيانىڭ شەكىللەندۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنمىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. «مېتافىزىكا» پلوتىننىڭ «توققۇز باب» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر بۆلەك بولۇپ، كىتابتا خاتا ھالدا ئارىستوتېل تۇنجى ماددا ياراتقۇچى ئەمەس، بەلكى، مەلۇم نەرسىدىن يارىتىلغان نەرسە، ئۇ ياراتقۇچى بىلەن ئىرادىنىڭ تەجەللىسى، ئاندىن ئۇ سىستېمىلاشتۇرۇلغان دەپ قارايدۇ، دېيىلىدۇ. فارابى بۇنىڭغا تولۇقلىما قىلىپ، ئارىستوتېل «فىزىكا» ناملىق ئەسىرىدە كونكرېت مەۋجۇت نەرسىنى مۇزاكىرە ۋە قايىل بولۇش ئۇسۇلى بىلەن پەيدا قىلغىلى بولمايدۇ، دېگەن. ئوخشاشلا ئۇ «ئالەم ۋە دۇنيا» ناملىق ئەسىرىدە دۇنيانىڭ مۆجىزىدەك سىستېمىسى بار، ھەر قايسى تەركىبلەردە يەنە ئاجايىپ زىل قۇرۇلما مەۋجۇت، ئۇنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس دېگەن. مەزكۇر كىتابتا ناۋادا ئارىستوتېل دۇنيانىڭ زامان جەھەتتىن ئۇچى يوق دېگەن بولسا، ئۇنداقتا، بۇ دۇنيا ئەزەلدىن بار ئىدى دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى، ۋاقىت سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولىدۇ، شۇڭا دۇنيا ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدا ۋاقىت ئۇچى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، بەلكى، ئۇلۇغ ئاللا ۋاقىت سەرپ قىلمايلا ئۇنى ياراتقان، سەييارىلەرنىڭ ھەرىكىتى پەيدا بولۇپ ئاندىن ۋاقىت پەيدا بولغان، دەيدۇ. فارابى «مېتافىزىكا» ناملىق كىتابنى تىلغا ئالغاندا، دۇنيانىڭ ماددىسى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ ھەر قايسى بۆلەكلىرى بۈيۈك ياراتقۇچىنىڭ يارىتىشى بىلەن پەيدا بولغان، ئۇ دەل بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، دەيدۇ. بۇ خىل قاراش ئەپلاتوننىڭ قاراشلىرى بىلەن پۈتۈنلەي جىپسىلىشىدۇ.①

① «ئىككى پەيلاسوپنىڭ قاراشلىرىغا مۇرەسسە» 101 ـ بەت.

3. ئەخلاق ھەققىدە

ئارىستوتېل «ئېتىكا» ناملىق ئەسىرىدە، بارلىق ئەخلاق ئۆزگىرىش ئىچىدىكى ئادەت، ھەر قانداق بىر ئادەت تەبىئەت ئەمەس، ئادەتنىڭ ھەممىسى ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالغاچقا، كىشىلەر بىر ئادەتتىن يەنە بىر ئادەتكە ئۆتەلەيدۇ، دەيدۇ.

ئەپلاتون «سىياسەت» ناملىق ئەسىرىدە، تەبىئەت ئادەتنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدۇ، يېتىلگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىر ئادەمدە تۇغۇلۇشىدىنلا بىر خىل ئادەت بولسا، ئۇنى تۈزەتمەك تەس، دەيدۇ.①

بۇ ئىككى خىل قاراشنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، فارابى، ئەمەلىيەتتە ئىش ھەرگىز ئۇلار دېگەندەك بولمايدۇ. چۈنكى، ئارىستوتېل بۇ كىتابىدا پەقەت ئەخلاقنىڭ پرىنسىپلىرى ھەققىدە سۆزلىگەن، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئومۇمىيلىققا نىسبەتەن ئېيتىلغان، مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن. بۇ ئومۇمىي پرىنسىپ ئەپلاتوننىڭ يەنە باشقا بىر يەردە دېگەن «ئىنسان مىجەزلىرىنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تۇغما بولىدۇ، بەزىلىرى كېيىن يېتىلىدۇ» دېيىلگەن نەزەرىيىسىنى ھەرگىز چەتكە قاقمايدۇ، دەيدۇ.

4. بىلىش توغرىسىدا

ئەپلاتون بىلىم پەقەت غايىۋى ئالەمدىن يەنى «ئىدېئال دۇنيا» دىن ئېلىپ كېلىنگەن، ئەزەلدىن بار خاتىرىنىڭ ساقلىنىدىسى، روھ تەنگە چۈشكەندە ئۇ بۇرۇنقى بىلىملىرىنى ئۇنتۇيدۇ. بىراق ئۇ قىسمەنلىكىنى كۆرگەندە بۇرۇن كۆرگەن پۈتۈنلۈكنى قايتا ئەسلەيدۇ، دەيدۇ. ئارىستوتېل بىلىش ھېسسىي تەجرىبىلەر بىلەن ئەقلىي تەجرىبىلەرنىڭ جەۋھىرى، دەيدۇ.

فارابى بۇ قىيىنچىلىقنى يەڭمەكچى بولىدۇ، ئۇ، بۇ بىرىنچى

① سۈت بىلەن كىرگەن خۇي، جان بىلەن چىقىدۇ.



ئۇستازىنىڭ گېپىنى قايتۇرۇپلا تەھلىل قىلىدۇ، بۇ گەپلەرنىڭ «ئىلاھىيەت» پەيلاسوپى ئەپلاتون دېگەن گەپلەرگە يېقىنلىقىنى شەرھلەيدۇ. ئۇ كېيىنپلا ئارىستوتېلنىڭ «دۇرۇسلۇق» دېگەن ئەسىرىدە بارلىق ئۆگىنىش ئالدىنقىلاردىن ئۆگىنىش ۋە ئالدىن چۈشىنىش ئاساسىدا بولىدۇ، بولمىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بىلىم ئالغىنىنى قانداق بىلىدۇ؟ دېيىلگەن، كىشىلەر بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشى مۇمكىن، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن تونۇشىنىڭ ئەزەلدىن بار بولغانلىقىدىندۇر. دېمەك، ئادەم شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى نەرسىلەرنى ئۆگىنەلەيدۇكى، ئۇلاردا ئۆگىنىشتىن بۇرۇنلا ئاشۇ نەرسىگە بولغان تونۇش ئەزەلدىن بار ئىدى، دەيدۇ.

5. ئەپلاتوننىڭ ئىدېئاللىرى ھەققىدە

ئىدېئال توغرىسىدىكى چۈشەنچە فارابى بۇ ئىككى پەيلاسوپنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش يولىدا يولۇقتۇرغان ئەڭ قول تۇتقان مەسىلىدۇر. چۈنكى، بۇ ئەپلاتون پەلسەپىسىنىڭ تۈپ ئاساسى بولۇپ، ئۇ ئەپلاتوننىڭ ھەر قانداق بىر مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە يار بولغان چۈشەنچىدۇر.

فارابى، ئىدېئاللىقنىڭ قارىشى بويىچە بولغاندا، ئىككى كۆز كۆرگەن شەيئىلەر پەقەت تاشقى ئىپادە، مەلۇم بىر ئات، ئات دېگەن بۇ مەخلۇقنىڭ بىر قېتىملىق كۆرۈنۈشى. ناۋادا ئات ھەققىدە ئومۇملاشتۇرۇلغان چۈشەنچىمىز بولسا، ئۇنداقتا، ئۇ ھەقىقىي مەۋجۇت شەيئى بولىدۇكى، بۇ ھەقىقىي مەۋجۇت شەيئى ئاتنىڭ ئىدېئالى ياكى قېلىپى شۇدۇر.① شەيئىلەر ئارىسىدىكى خالىغان بىرى ياكى ئاددىي كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن شەيئىلەرگە ماس ئىدېئال مۇشۇ شەيئى ياكى نەرسىلەرنىڭ ئەسلى كېلىش

① ئەپلاتون «تېخىمۇ مۇكەممەللىك» ئىدىيىسىدە «قېلىپ» مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىلىنى تاپقان. ناۋادا گۈزەللىك بولمىسا بۇ جەھەتتىكى مەزمۇن كاللىمىزغا كەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مۇكەممەللىك بارلىق شەيئىلەرنىڭ غايىسى. ئۇ بۇ دۇنيادا ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن چوقۇمكى «قېلىپ» دۇنياسىدا ئەمەلگە ئاشىدۇ.

مەنبەسىدۇر. ئىدىئالنىڭ تاشقى شەكلىنى بىز كۆرەلمەيمىز، تۇتالمايمىز، ئەمما ئۇ ئەمەلىي مەۋجۇت، چۈنكى ئۇ بىر يارالمىش، رېئال شەكىلنىڭ ئەسلى ئەندىزىسى. ئىدىئاللار دۇنياسى رېئال ۋە ئەبەدىيلىك دۇنيا، ئۇ ۋەيران بولىدىغان، يوقىلىدىغان، ئۆلىدىغان بۇ دۇنياغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ بىز دەيدىغان ياش ۋە ئۆمۈر چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كەتكەن. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئىدىئال ھەرگىز خىيالىي نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي مەۋجۇت ئەبەدىي شەيئى، ئۇ سەزگىلى بولىدىغان ئەمەلىي نەرسىلەر مەنبەسىنىڭ ئۈستىخىنى ۋە ئەندىزىسى، دەپ قارايدۇ.

ئىدىئالنى ئاسانلا تۇركۈمگە ئايرىغىلى بولىدۇ، بىر تۈرنى باشقا بىر تۈر ئۈستىگە قويغىلى بولىدۇ. بۇ دېگەنلىك ئىدىئال بىرمۇنچە دەرىجىلەرگە بۆلۈنىدۇ، يۇقىرى دەرىجە بىلەن تۆۋەن دەرىجە ئوخشىمايدۇ، ئەڭ ئالىي ئىدىئال ئاللا بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىدىغان بۈيۈك ئىدىئال، دېگەنلىكتۇر. ئىدىئالپەرەسلىك تەلىماتى دەيدۇكى: بىز پەقەت سەزگىلى بولىدىغان نەرسىلەرنى چۈشىنىشنى ئويلايمىز، لېكىن ھەقىقىي بىلىمگە جىسىمدىن ئايرىم تۇرىدىغان ئىدىئال ئاساسىدا ئاندىن ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىلىمنىڭ نىشانى دەل ئىدىئالغا ئىشىنىش، ئۇنى چۈشىنىش ۋە تونۇشتۇر. ھەقىقىي پەيلاسوپ تۇرلۇك - تۈمەن ئۆزگىرىش ۋە مۇرەككەپ ھادىسىلەر تېگىدىكى مەۋجۇت تۇرغان ئىدىئالنى بىلەلەيدۇ، ئۇ ئىگە بولىدىغان ئەمەلىي ئىنئام ئۇنىڭ ئەڭ ئۇچۇق، ئەڭ بۈيۈك ئىدىئالنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغانلىقىدۇر.

بۇ، بىز ئۇزۇندە قىلغان ئەپلاتون ئىدىئالپەرەسلىكىنىڭ مەزمۇنى. ئارىستوتېلغا كەلسەك، ئۇ رەھىمسىز رەددىيە ۋە ئوچۇق ئىنكار بىلەن بۇ نەزەرىيىنى تىلغا ئالىدۇ ھەم پەلسەپىدە ئۇنى



ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ ئادەتتىكى پەلسەپىۋى تەنقىدتىن ھالقىپ شەخسىينى زاڭلىق قىلىشقا يېتىپ بارىدۇ. ئۇ: «بۇ نۇقتىدىن ئويلىغاندا، ئەپلاتون خۇددى سانىنى تۈزۈك بىلمەيدىغان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ھېسابلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ئۇ ھەسسىلەپ ئۈستىگە قوشىدۇ» دەيدۇ. ناۋادا كىشىلەر بۇ ئادەمنى مازاق قىلغانلىقىڭ، دەپ ئەيىبلىسە، ئۇ بىر مەشھۇر ئەقلىيە سۆز بىلەن ئۇلارغا جاۋابەن: «ئەپلاتون ئىشەنچلىك بولسا ھەقىقەتمۇ ئىشەنچلىك بولىدۇ، بىراق مەن ئۈچۈن ھەقىقەت ئەڭ ئىشەنچلىك» دەيدۇ.

بۇنداق چوڭ زىددىيەت ئالدىدا فارابىنىڭ ئىككىسىنى مۇرەسسەلەشتۈرمەكچى تەس ئىدى، بىراق، ناھايىتى تېزلا «مېتافىزىكا» ناملىق كىتابتىن ئەڭ ياخشى ياردەمچى تاپىدۇ. مەزكۇر كىتابتا «بىرىنچى ئۇستاز» مەنىۋى شەكىلگە ئىشىنەتتى، ئۇنىڭ ئاللانىڭ دەرگاھىدا تۇرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى، دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئارىستوتېلنىڭ بۇ يەردە دېگەن گېپى بىلەن باشقا كىتابلاردا دېگەن گېپى پەرقلىق بولۇپ، فارابى بۇنى ھېس قىلغان، شۇڭا ئۇ ئارىستوتېلنىڭ ئىدىئالپەرەسلىكنى ئىنكار قىلىشىنى ئاقلىغان ۋە مۇشۇ شەرھىي ئىككى پەيلاسوپنى مۇرەسسەلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنى جۇلالاندۇرغان.

## 3. «ئېسىلبالىق (پەزىلەتلىك شەھەر) ئاھالىسى توغرىسىدىكى قاراشلار»

«ئېسىلبالىق ئاھالىسى توغرىسىدىكى قاراشلار» فارابىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭدىن بىز فارابىنىڭ پىكىر دۇردانىلىرىنى ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرىنى كۆرەلەيمىز. كىمكى فارابى قاراشلىرىنى بىلمەكچى بولسا، پەقەت

مەزكۇر كىتابنى ئوبدان ئوقۇپ كۆرسە بولىدۇ. مەزكۇر كىتاب 37 باب بولۇپ، پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلىدۇ. ئىككىنچى قىسمى بىرىنچى قىسمىنىڭ داۋامى.

كىتاب باشلىنىشىدىلا «ئىلاھىيەت»نى تەتقىق قىلىدۇ. فارابى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەپ ئولتۇرمايدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەبىئىيلا ئېتىراپ قىلىدۇ ھەم ئۇنى بۈيۈك «ۋاجىد (بىرىنچى مەۋجۇتلۇق)» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ دەيدۇكى:

بىرىنچى مەۋجۇتلۇق بارلىق شەيئىلەر مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەسلەپكى سەۋەبى، ئۇنىڭدا ھېچقايسى جەھەتتىن كەمتۈكلۈك يوق، ئۇ ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئۇلۇغ مەۋجۇتلۇق، ئۇنىڭدىن مۇكەممەل، ئۇنىڭدىن بۈيۈك مەۋجۇتلۇقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مەۋجۇتلۇقنىڭ مۇكەممەللىكى جەھەتتە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق؛ مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۇلۇغلۇقى جەھەتتە ئۇنىڭ دەرىجىسى ئەڭ ئۈستۈن. شۇڭا، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەرگىز باشقا ھېچقانداق مەۋجۇتلۇقتا بولۇپ قالمايدۇ.

بىرىنچى مەۋجۇتلۇق ماھىيەت ۋە ئەسلى زات جەھەتتە ئىپتىداسىمۇ يوق، ئۇ مەڭگۈلۈك، باشقا ھەر قانداق شەيئىنىڭ شاپائىتىگە موھتاج ئەمەس، ئۇ ئۆز ماھىيىتى ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەم ئەبەدىي مەۋجۇت بولىدۇ. باشقا ھەر قانداق مەۋجۇتلۇق ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ يىلتىزى بولمايدۇ، ماددىسىمۇ، شەكلىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى، شەكىل پەقەت جىسىم دۇنياسىدىلا مەۋجۇت.

بىرىنچى مەۋجۇتلۇق باشقا ھەر قانداق مەۋجۇتلۇققا ئوخشىمايدۇ، ھەرقانداق شەيئى ئۇنىڭغا تەڭداش بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بىرىنچى مەۋجۇتلۇقتا قانۇنىيەتچانلىق بولمايدۇ، يەنى



ماھىيەتلىك ئېنىقلىمىسىنى ئىپادە قىلمايدۇ. چۈنكى قانۇنىيەتچانلىق، ئېنىقلىما بىرىنى ئويلىشىۋاتقان شەيئىنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ قىسمىتى، ناۋادا بىز ئاشۇ قىسىملارنى بىلسەك، ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ بىلەلەيمىز. بىرىنچى مەۋجۇتلۇق ھەر قايسى تەرەپلەردىن ئېيتقاندا، بىر پۈتۈنلۈك بولغانلىقتىن، ئۇنى قىسىمغا بۆلۈشكە بولمايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا قانۇنىيەتچانلىقنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

بىرىنچى مەۋجۇتلۇق ھېچقانداق مەۋجۇتلۇققا ئوخشىمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە پەقەت ئۇنىڭ زاتىغا مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ يەككە تېنى دەل ئۇنىڭ زاتى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدۇر.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا يا ماددا، يا شەكىل بولمىغاچقا، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېكمەتتۇر. چۈنكى، ھېكمەت ماددا ياكى شەكىلگە ئېھتىياجلىق بولمايدىغان بىردىنبىر مەۋجۇتلۇق.

ئۇ ھەممىدىن بۈيۈك بولغانلىقتىن، باشقا ھەر قانداق شەيئىگە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا باشقا مەۋجۇتلۇقلارمۇ ئۇنى بىلەلمەيدۇ. ئەمما ئىنسان بىرىنچى مەۋجۇتلۇقنى چالا ـ بۇلا ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئەقىل كۈچىمۇ ئاجىز بولىدۇ. ھەر قېتىم روھ تەن ئىسكەنجىسىدىن بوشىنىپ ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا، بىزنىڭ بىرىنچى مەۋجۇتلۇققا بولغان تونۇشىمىز تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدۇ.

ئاللانىڭ بۈيۈكلۈكىگە، ھەيۋىتىگە، يۈكسەكلىكىگە ھەر قانداق ئادەم شېرىك بولالمايدۇ. بەلكىم، بۇ بىرىنچى مەۋجۇتلۇق ئۆز ـ ئۆزىدىن مەمنۇن بولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىدىن سۆيۈنۈپ تۇرىدىغاندۇ، چۈنكى، ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئەڭ مۇكەممەل تونۇشتۇر.

مانا بۇ فارابىنىڭ «ئېسىلبالىق ئاھالىسى توغرىسىدىكى

قاراشلار» ناملىق كىتابىنىڭ بىرىنچى بابىدىن يەتتىنچى بابىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاۋلىنىپ كېلگەن ئىدىيە دۇردانىلىرىدۇر. كىتابىنىڭ 7 - بابىدىن 20- بابىغىچە بولغان ئارىلىقتا فارابى ئۆزىنىڭ «ئايىنىپ كېلىش پەلسەپىسى» نى بايان قىلغان.

## 4. فارابىنىڭ «ئايىنىپ كېلىش پەلسەپىسى»

فارابى ئۆز پەلسەپىسىنى مۇنداق ئەقىدە ئۈستىگە قۇرغان، يەنى: ئايىنىپ كەلگەن بارلىق ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇقلار ئىچىدىن بىر چوقۇم زۆرۈر بىر مەۋجۇتلۇقنى تاپالايمىزكى، ئۇ ئۆز زاتى تۈپەيلى ئۆز - ئۆزىدىن مەۋجۇتتۇر، بارلىق شەيئىلەرنىڭ پىلتىرىدۇر. چۈنكى يارالمىشلاردا باغلىنىشنىڭ بولۇشى ناتايىن. ناۋادا بىز لوگىكا جەھەتتىن بۇ بىردىنبىر يېگانە، مۇتلەق، مۇكەممەل زۆرۈر مەۋجۇتلۇقنى يەنى بىز ئاتاۋاتقان ئاللانى ئېتىراپ قىلساق، ئۇنداقتا بىز پەقەت بولۇش ئېھتىماللىقى بار باشقا مەۋجۇتلۇقنىڭكى سەۋەبنى چۈشەندۈرسەكلا بولىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئالغان «مېتافىزىكا» ناملىق كىتابتا كىشىلەر خاتا ھالدا ئارىستوتىل ئوتتۇرىغا قويغان دەپ قارىغان قاراشلار ئەسلى ئەپلاتونىزمچى پەيلاسوپلار بازارغا سالغان دۇنيا مەۋجۇتلۇقلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى لوگىكىغا ئۇيغۇن قاراشلار ئىدى.

ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، يوقتىن بار قىلىنىدىغان گەپلەر ئەقىلنىڭ قوبۇل قىلىشى تەس گەپلەردۇر، شەيئى قانداق قىلىپ يوقتىن بار بولىدۇ؟ بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، «يوق» تىن شەيئىلەر يارىتىلىدۇ دەيدىغان تەلىمات، يوقتىن بار بولۇشنى ئېتىراپ قىلمايدىغان گرېك ئىدېئولوگىيىسىگە ھېچقانداق تەسىر بېرەلمىگەن. بەلكى بۇ گرېك پەيلاسوپلىرىنى دۇنيانىڭ ئەزەلدىن



بارلىقىغا ياكى دۇنيا ماددىسىنىڭ ئەزەلدىن بارلىقىغا ۋە دۇنيا سىستېمىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىگە تېخىمۇ ئىشەنچ قىلدۇرۇۋەتكەن.

شۇڭا، بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ يەنە بىر مەۋجۇتلۇقتىن ئايىنىپ كېلىش قانۇنىيىتى قوبۇل قىلغىلى بولىدىغان، لوگىكىغا ئۇيغۇن بىر پرىنسىپقا ئايلانغان. ۋەھالەنكى، بۇ خىل ئايىنىپ كېلىش پەلسەپىسى ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا يولۇقتى. يەنى بىرسىدىن پەقەت بىرسىنىلا چىقارغىلى بولۇۋاتسا، ئەمدى بىرسىدىن قانداق قىلىپ نۇرغۇننى چىقارغىلى بولىدۇ. ئەمما بىز ئۇچى يوق ئاشۇ زاماندىن تارتىپ ئاللانىڭ بىلىشىدىن باشقا بىر ساددا مەۋجۇتلۇق يەنى «مەرىپەت» ئايىنىپ كەلگەن، دەپ سۆزلەپ كەلسەك، قىيىنچىلىق ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ. بۇ مەرىپەت «بىرىنچى مەۋجۇتلۇق» تىن كەلگەچكە، ئۇ يارالمىش بولىدۇ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئۇ بىرىنچى مەۋجۇتلۇققا مەنسۇپ قىلىنىپ «بىرىنچى مەرىپەت» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىككىنچى مەۋجۇتلۇق ئېھتىمالدىكى بىر خىل مەۋجۇتلۇق، ئەمما بىرىنچى مەۋجۇتلۇق بولمىش رەئىس ياراتقۇچى زۆرۈر مەۋجۇتلۇق. بىرىنچى مەرىپەت ئۇنىڭدىن كېيىن پەيدا بولغان مەرىپەتلەردىن مۇكەممەل بولىدۇ، ئەمما ئۇ رەئىس ياراتقۇچىغا يەتمەيدۇ. مۇشۇ بىرىنچى مەرىپەتتىن ئىككىنچى مەرىپەت چىقىپ، ئەڭ دەسلەپكى سەييارە پەيدا بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچى مەرىپەتتىن ئۈچىنچى مەرىپەت چىقىپ، تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسى پەيدا بولىدۇ. ئۈچىنچى مەرىپەتتىن تۆتىنچى مەرىپەت چىقىپ، مېركۇرى پەيدا بولىدۇ. تۆتىنچى مەرىپەتتىن بەشىنچى مەرىپەت چىقىپ، ۋېنىرا پەيدا بولدى. بەشىنچى مەرىپەتتىن ئالتىنچى مەرىپەت چىقىپ، مارس پەيدا بولدى. ئالتىنچى مەرىپەتتىن يەتتىنچى مەرىپەت چىقىپ، قۇياش پەيدا بولدى. يەتتىنچى

مەرىپەتتىن سەككىزىنچى مەرىپەت چىقىپ، يۇپىتېر پەيدا بولدى. سەككىزىنچى مەرىپەتتىن توققۇزىنچى مەرىپەت چىقىپ، ساتۇرن پەيدا بولدى. ئاخىردا توققۇزىنچى مەرىپەتتىن ئونىنچى مەرىپەت چىقىپ، ئاي پەيدا بولدى. ئونىنچى مەرىپەت يەنە پائالىيەتچان مەرىپەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇ يەنە دۇنيا ۋە شەيئىلەرنى پەيدا قىلدى.

پائالىيەتچان مەرىپەت ماددىي دۇنياغا تۆرلۈك تاشقى شەكىللەرنى بەردى، بۇنىڭدىن نۇرلىنىپ رەت بويىچە ئانىئورگانىك ماددا، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات ۋە ئادەم پەيدا بولدى. شۇڭا مۇشۇ مەرىپەت تاشقى شەكىلنىڭ ساخاۋەتچىسى دەپمۇ ئاتالدى، يەنى ئاللا ئۇنىڭغا شەيئىلەرگە شەكىل بېرىش بۇرچىنى ئاتا قىلدى. پائالىيەتچان مەرىپەتتىن تەننى تاشقى شەكىل قىلغان روھ پەيدا بولىدى. بۇ روھلار، پائالىيەتچان مەرىپەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ چىنلىق دەرىجىسىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇنىڭدىن مەڭگۈلۈكلۈكىنى ئىزدىدى.

روھ مەڭگۈلۈككە ئېرىشكەندە تەنگە ھاجىتى قالمايدۇ، تەندىن خالىي مەرىپەت دۇنياسىدا مەڭگۈ تۇرىدۇ. تەن ماددىي دۇنياغا مەنسۇپ، ئۇ ماددىي دۇنيادىلا مەۋجۇت بولىدۇ.

ئارقىدىنلا فارابى دەيدۇكى، پائالىيەتچان مەرىپەت دائىم ئۆزۈپ قويماي دۇنيادىكى بارلىق رېئال مەۋجۇتلۇقنى يورۇتىدۇ، ئەمما مۇشۇنداق نەرسىنىڭ بارلىقىنى قوبۇل كۆرگەن ھەم ئىنسانىي تىل بىلەن ئىپادىلىگىنى، روشەن، ساپ تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە روھتۇر. بۇ خىل تىل شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنسانىنىڭ سەزگۈسى ۋە تەسەۋۋۇر كۈچى ئىچىگە جايلاشتۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەللەرگە يېنىك ئىنكاستا بولىدۇ. بۇ خىل تەللەرنىڭ (مەۋجۇتلۇق) نىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇ ماددىنىڭ سەزگىلى بولىدىغان دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنكى، بۇ يەردە



مېنىڭ كۆرسىتىدىغىنىم، شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئاشۇ خىل تىلدۇر.

پەقەت پەيلاسوپلارلا لوگىكىلىق ۋە پەلسەپىۋى ئويلىنىشتىن شەيئىلەرنىڭ مەنبەسى ـ پائالىيەتچان مەرىپەتكە كۆتۈرۈلەلەيدۇ ھەم ئۇنى ئېنىق بىلەلەيدۇ. بۇ يەنە شۇنداق دېگەنلىككى، پەيلاسوپ پائالىيەتچان مەرىپەتتە بولىدىغان بارلىق «شەكىل» لەرنى چۈشىنەلەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ فارابى پەيلاسوپلارنى پەيغەمبەرلەر بىلەن يۈكسەكلىكتە، بۈيۈكلۈكتە، دانىشلىقتا ئوخشاش ئورۇنغا قويىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇ خىل ئاينىپ كېلىش پەلسەپىسىنىڭ يەنە ئەمەلىيەتچانلىق تەرىپى بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەشكىللىنىشى ئادالەت ۋە پەزىلەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ياكى پەيلاسوپ بۇ شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆزىتەلەيدىغان بولغاچقا، پەقەت شۇلارلا ئىلاھىي دۇنيانىڭ ئىلھامى ۋە ۋەھيىسىنى تۇۋۇزۇك قىلغان «ئېسىلبالىق» نى بەرپا قىلىشنىڭ مۆتىۋەرلىرى بولالايدۇ. بۇ يەردە فارابى ئەپلاتوننىڭ پادىشاھ پەيلاسوپ تەلىماتىنى كۆرسەتكۈچ، پەيغەمبەر قارىشىنى يېڭى پىكىر قىلغان. ئەپلاتون پەيلاسوپ «ئىدېئال» نى چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ ۋە ئۇنى نىشان قىلىپ «غايىۋى دۆلەت» نى تەشكىللىشى، باشقۇرۇشى كېرەك، دەيدۇ. فارابى پەيلاسوپ يەنە خۇددى پەيغەمبەرلەرگە ئوخشاش بىر يەردىن كەلگەن ۋەھيىنى ھېس قىلغاندەك، پائالىيەتچان مەرىپەتتىن پەيدا بولغان بۇ خىل شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئوبدان ئويلاپ بېقىشى كېرەك. بۇنىڭ ئەكسىنى چىقىش قىلغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولىدۇ، شەھەر پۇقرالىرىنىڭ تەقدىرىگە گۇمراھلىق پۈتۈلىدۇ، دەيدۇ.

مانا بۇ، ئالەمدىكى ئەخلاقىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋە مەنىۋى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنغان ئايىنىپ كېلىش پەلسەپىسىنىڭ جەۋھىرى. بىز قىسقا ۋە يىغىنچاق قىلىپ بۇلارنى ئوقۇرمەنلەرگە مۇئەييەنلەشتۇردۇق. بۇنىڭدىكى مەقسەت، سىلەرنىڭ فارابىنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى ۋە ئىپتىداسى يوق دەيدىغان پەلسەپىۋى نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى «ئايىنىپ كېلىش پەلسەپىسى» نىڭ پرىنسىپلىرىنى ئاز - تولا چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈندۇر.

## 5. فارابىنىڭ « ئىسلىبالىق » پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى

بىز «پەزىلەتلىك شەھەر» ياكى «غايىۋى دۆلەت» ھەققىدە توختالدۇق. فارابى « پەزىلەتلىك شەھەر » نى يېزىش ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرقى ئۇن بابىنى مەخسۇس مۇشۇنىڭغا قاراتقان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

«پەزىلەتلىك شەھەر» ياكى «غايىۋى دۆلەت» ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەھسۇلى. بىر قىسىم دۆلەتلەر شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەرگە ئوخشىمايدۇكى، چۈنكى ئاشۇ دۆلەتلەرنى تەشكىل قىلغان جەمئىيەت ئوخشىمايدۇ. ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مۇكەممەللىكى نۇرغۇن نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەم بىر گەۋدىلەشكەن جەمئىيەتكە موھتاج، بۇنداق جەمئىيەتتىكى ھەر بىر ئادەم ئۆزى قىلىشقا ئېھتىياجلىق ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇڭا مۇكەممەللىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئادەملەر پەقەت كەڭ كۆلەمدە توپلىنىپ جەمئىيەتنى تەشكىل قىلىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ھەر بىر ئادەم باشقىلار ئۈچۈن



زورۇر ئىشلارنى قىلىپ بېرىشى كېرەك. بۇ خىل جەمئىيەت پۈتۈن ۋە قىسمەندىن ئىبارەت ئىككى خىللا بولىدۇ. پۈتۈن جەمئىيەت چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك ئۈچ خىل بولىدۇ. چوڭ پۈتۈن جەمئىيەت بارلىق مىللەتلەر ياشايدىغان دۇنيا مىقياسىدا بولىدۇ؛ ئوتتۇرا پۈتۈن جەمئىيەت بىر مىللەت ياشايدىغان جاھاننىڭ بىر قىسىم مىقياسىدا يەنى بىرەر پادىشاھلىقتا بولىدۇ؛ كىچىك پۈتۈن جەمئىيەت قايسىدۇر شەھەر ئاھالىلىرى ياشايدىغان خاندانلىقنىڭ بىر قىسىم مىقياسىدا يەنى شەھەرلەردە بولىدۇ. قىسمەن جەمئىيەت كەنتلەر ئاھالىلىرى توپى، شەھەر رايونى ئاھالىلىرى توپى، مەھەللە - كوچا ئاھالىلىرى توپىنى كۆرسىتىدۇ.

فارابىنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل يىغىلىشى قانچە كەڭ بولغانسېرى شۇنچە مۇكەممەللىككە يېقىنلىشىدۇ، ئەمما مۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشىمۇ مۇمكىن، يەنى بىر جەمئىيەتتىكى ئادەملەر بىرلىشىپ يامانلىق قىلىشىمۇ مۇمكىن. جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقى بىلەن ھەقىقىي بەختكە ئېرىشكەن شەھەر «پەزىلەتلىك شەھەر» بولىدۇ. بۇنداق شەھەرلەرنىڭ باشلىقى چوقۇم ئون ئىككى خىل خىسلەتنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ئادەم بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئۇ شەھەرلەردە ئورنى شەھەر باشلىقىغا يېقىنلىشىدىغان باشقا بىر مۇنچە ئادەملەر بولۇشى، ئۆز نۆۋىتىدە شەھەر باشلىقىنىڭ مەقسىتىنى يۈرگۈزۈشى لازىم. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنىڭ قول ئاستىدا يەنە ئۇلارنىڭ مەقسىتى بويىچە ئىش بېجىرىدىغان بىر بۆلەك ئادەم بولۇشى لازىم. بۇلارنىڭ قول ئاستىدىمۇ ئادەملەر بولۇشى، بۇ باشقىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان، ئەمما، ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئادەم قالمايدىغان ھالەتكىچە مۇشۇنداق بولۇشى لازىم. ئادەم باشلىقىغا يېقىنلاشقانسېرى شۇنچە ئالىيجاناب بولىدىغان بولۇشى كېرەك. «پەزىلەتلىك شەھەر» نىڭ

باشلىقلىقنى ھەرگىز خالىغان ئادەم ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ، باشلىقنىڭ ئۆزى چوقۇم مۇكەممەل ئادەم بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئەمەلىيەتتە مەرىپەت ۋە دانا ئەمەللەرنىڭ نەق زاتىغا ئايلىنىدۇ، پائالىيەتچان مەرىپەتتىن سىرغىپ كېلىپ ئاندىن يەنە ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كەلگەن نۇرغۇن شەيئىلەرنى ھەر قاچان قوبۇل قىلىدىغان بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ئادەم تەسەۋۋۇرىغا كەلگەن بارلىق نەرسىنى قولىغا ئالالايدۇ، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرەلەيدىغان خىزىر پىركالانغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەملەر ئىنسانىيەت ئىچىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ بەختلىك ئادەملەردۇر. چۈنكى ئۇنىڭ روھى پائالىيەتچان مەرىپەت بىلەن بىر گەۋدىلىشەلەيدۇ. فارابى ئېيتقان «پەزىلەتلىك شەھەر» باشلىقى توغرىسىدىكى ئەسلى گەپ ئومۇمەن مۇنداق: بۇ باشلىققا يەنە باشقا بىرسىنىڭ رەھبەرلىك قىلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، ئۇ شۇ شەھەرنىڭ ئىمامى، «پەزىلەتلىك شەھەر»نىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى، پەزىلەتلىك مىللەتنىڭ داھىيسى، پۈتكۈل يەر شارىدىكى ئادەم ماكانلاشقان دۇنيانىڭ باشلىقى. بۇنداق ئورۇنغا ئەلۋەتتە «ئون ئىككى خىل پەزىلىتى» تۇغما ئادەملەرلا مۇيەسسەر بولالايدۇ.

بۇ ئون ئىككى خىل پەزىلەت تۆۋەندىكىچە:

1. يەتتە ئەزاسى ساغلام، بەستلىك، يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالىغۇدەك بولۇشى كېرەك.

2. ئۆتكۈر پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر، باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى تولۇق چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

3. ئەستە ساقلىشى ئادەتتىكى ئادەملەردىن يۇقىرى، ئاڭلىغان، كۆرگەن، ئۇققان، بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇستەھكەم ئېسىدە تۇتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

4. تۇغما پاراسەتلىك، شەيئىلەرنىڭ نازۇك كۆرۈنۈشلىرىدىن



قارايلا مۇھىم تەرىپىنى چۈشىنەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

5. سۆزگە ماھىر، ئىپادىلەش كۈچى كۈچلۈك، كۆڭلىدە دېمەكچى بولغانلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك.

6. باشقىلارنى يېتەكلەشكە ماھىر، باشقىلارنى تەربىيىلەشنى خۇشاللىق دەپ بىلىدىغان، نەسىھەت قىلىشتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان بولۇشى كېرەك.

7. يەپ - ئىچىشكە، ھاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلمەيدىغان بولۇشى كېرەك.

8. باشقىلارغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، يالغانچىلىققا، يالغانچىغا ئۆچ بولۇشى كېرەك.

9. كۆڭلى - كۆكسى كەڭ، ئالىيجاناب، كەمتەر بولۇشى لازىم.

10. پاك، ئاۋامغا كۆيۈنىدىغان، مال - دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان بولۇشى لازىم.

11. ئادىللىقتا مۇستەھكەم، ھەممىگە تەڭ قارايدىغان، مۇستەبىتلىككە ۋە زالىملىققا قارشى تۇرىدىغان، ئۆزۈمنىڭلا توغرا دەپ تۇرۇۋالمايدىغان، قاتمال پىكىرلىرى يوق، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا قەددىنى رۇسلاپ ماڭالايدىغان، ئەلگە تۈۋرۈك بولالايدىغان بولۇشى كېرەك.

12. مۆرىتى كەلگەندە كەسكىن، قىلغان ئىشىغا ئىگە بولالايدىغان بولۇشى لازىم.

### 6. فارابىنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىدىن ئارىيە

1. يارالتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دەلىل

كىشىلەرنىڭ دەسلەپ قىلىدىغىنى، بارلىق شەيئىلەرنى

ئويلاپ، بۇلارنىڭ مەنبەسى بارمۇ - يوق تەپسىلىي كۆزىتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ بىر ياراتقۇچىسى بارلىقىنى ھېس قىلىدۇ. بۇلارنى خۇلاسىلىغاندا بولسا، ئۇ شەيئىلەرنىڭ بىر مەنبەسى بولىدىغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئاندىن، شەيئىلەرنىڭ يېقىنقى يىلتىزىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇلارنىڭ مەنبەسى بار- يوقلۇقىغا قارايدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مەنبەسىنى بايقايدۇ. ئارقىدىنلا بۇ مەنبەلەرنى چەكسىز سۈرۈشتۈرۈشكە بولامدۇ ياكى ئۇلار بىر ئاخىرقى نۇقتىدا توختامدۇ ۋە ياكى بىر قىسىم مەۋجۇتلۇقنىڭ ئايلانمىسى باشقا بىر قىسىم مەۋجۇتلۇقنىڭ مەنبەسىمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، مەنبەنى چەكسىز ئىزدەش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، ئىنسانلار چەكسىزنى بىلەلمەيدۇ. يەنە بايقايدۇكى، بىر قىسىم ئۆتۈشۈشنىڭ يەنە بىر قىسىمىنىڭ مەنبەسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، شۇنداق بولغاندا شەيئى ئۆزىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ، بۇ خۇددى A ناۋادا B نىڭ مەنبەسى بولسا، C B نىڭ مەنبەسى، A C نىڭ مەنبەسى بولۇپ، A ئاخىرى ئۆز- ئۆزىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغاندەك ئىش، مۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا پەقەت باش مەنبەلا ئۈچ پەيدا قىلىدۇ دەيدىغان چۈشەنچە پۇت تىرەپ تۇرىدۇ. «نۇرغۇن» نىڭ ئەڭ كىچىك چېكى «بىر» يەنى نۇرغۇن مەنبەلەرنىڭ بىر مەنبەسى بار، ئۇ بولسىمۇ «بىر»①.

2. پەلسەپىنىڭ مۇھىملىقى

ھەقىقەتنى سۆزلەشنىڭ ئۇسۇلى ۋە تەسەۋۋۇرى پەقەت

① ئۇ ئېھتىماللىقنى ئۈچ جەھەتكە خۇلاسىلىدى: 1. ئۆزلۈكسىزلىكتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى چەكسىز. 2. ئەڭ ئاخىرقىسى بىرىنچىسىنىڭ مەنبەسى. 3. ئەڭ ئاخىرقىسى چەك پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئالدىنقى ئىككى ئېھتىماللىق مۇمكىن بولمىغاچ، ئۇ ئاخىرقىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللىدى. شۇنداق قىلىپ جاھاننىڭ بىر مەنبەسى بولدى، ئۇ بولسىمۇ ياراتقۇچى ياكى ئاللا. مانا بۇ پەلسەپىۋى ئىندۇكسىيىنىڭ نەتىجىسى.



ئاۋامنى، ھەر قايسى مىللەتلەرنى ۋە شەھەر پۇقرالىرىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت. ئېنىق بولغان دەلىللەش ئۇسۇلى ئۆزگىچە تالانت ئىگىلىرى بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار ئادەملەرنى تەربىيىلەش. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ ئىلىم قەدىمدە جەلەدلەردە بولغانىكەن، كېيىن مىسىرلىقلارغا تارقىلىپتۇ، ئاندىن گرېكلەرگە تاراپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن قەدىمكى سۈرىيىلىكلەرگە تاراپتۇ، ئاندىن ئەرەبلەرگە تاراپتۇ. دەسلەپتە بۇ ئىلىم ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە نەرسە گرېك تىلىدا ئىپادىلىنەر ئىكەن، كېيىن قەدىمكى شام تىلى ئىشلىتىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرەب تىلى ئىشلىتىلىپتۇ. گرېكلەردىن كەلگەن بۇ ئىلىمنى ئىگىلىگەن كىشىلەر بۇ ئىلىمنى بىر تۇتاش «پەلسەپە» ياكى «ئەڭ ئالىي پەلسەپە»① دەپ ئاتاپتۇ.

3. شەيئىلەرنىڭ تۈرلىرى

شەيئىلەر ئىككى خىل بولىدۇ: بۇنىڭ بىرىنچىسى، زاتىدىن قارىغاندا مەۋجۇتلۇقى مۇقەررەرسىز بولغان شەيئىلەر بولۇپ، ئېھتىماللىقى مەۋجۇتلۇق ياكى پىنھان مەۋجۇتلۇق② دېيىلىدۇ. ئىككىنچىسى، زاتىدىن قارىغاندا مەۋجۇتلۇقى مۇقەررەر مەۋجۇتلۇقتۇر③. ئېھتىماللىقى مەۋجۇتلۇق ئۆز زاتى سەۋەبلىك مەيلى يىلتىزى ياكى نەتىجىسى بولسۇن «چەكسىز» بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دەۋر قىلىپ قايتىلىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەڭ ئاخىرىدا چوقۇم مۇقەررەر مەۋجۇتلۇققا باغلانماي قالمايدۇ. ئەنە ئاشۇ مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق «بىرىنچى مەۋجۇتلۇق».

4. سەييارىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى

ئاللادىن كەلگەن تۇنجى يارىتىلمىشنىڭ سانى بىر، ئۇ

① «بەختىيارنامە» ناملىق ماقالىغا قارالسۇن.
② ئېھتىماللىقى مەۋجۇتلۇق زاتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىمۇ - مەۋجۇت بولماسلىقىمۇ مۇمكىنلىكى تۇپەيلىدىندۇر، چۈنكى ئۇنىڭ زاتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى چوقۇم ئىللىتىنىڭ ھاجىتى يوق.
③ مۇقەررەر مەۋجۇتلۇقنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ زاتىدا، چۈنكى ئۇنىڭ زاتى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

بولىسمۇ تۈنجى مەرىپەت. ئۇ ئۆزىنى تەپەككۇر قىلىدۇ، شۇنداقلا يارىتىقۇچىنى تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر مەرىپەت تۇغۇلىدۇ، يەنە مۇشۇ تەرتىپ بويىچە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن «نۇرغۇن» مەرىپەتلەر[①] پەيدا بولىدۇ. ئۇ ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇق بولۇپ ئەسلى زاتىنى بىلەلەيدۇ[②].

### 5. ئىنسانلار روھىنىڭ ماھىيىتى ۋە قۇۋۋىتى[③]

ھايۋانلار تۈرىگە مەنسۇپ ئىنساندا ئۆزگىچە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكلەر بار، يەنى ئۇنىڭدا روھ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۈچ بالقىيدۇ. روھ مۇشۇ كۈچ بىلەن تەننى ئىشلىتىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەردە بولىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە باشقىچە كۈچلەرمۇ بار، يەنى ئۇ تەن ئەزالىرىنى ئىشلەتمەيمۇ ھەرىكەت پەيدا قىلالايدۇ، مانا بۇ مەرىپەت كۈچىدۇر. بۇ خىل كۈچ ئىچىدە تەربىيىلەش ۋە كۆپەيتىش كۈچى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر كۈچتە باشقا بىر كۈچكە خىزمەت قىلىدىغان كۈچ بولىدۇ. چۈشىنىش كۈچىدە سىرتقى ھېس قىلىش كۈچى، ئىچكى كۈچ (تەسەۋۋۇر ۋە خىيال كۈچى) ۋە ئەسلەش، تەپەككۇر قىلىش، ھەۋەس، غەزەپ ئىمپۇلس كۈچى دېگەندەك كۈچلەر بولىدۇ. بۇ كۈچلەرنىڭ ھەممىسى ماددىي كۈچتىن ئەمەس مەرىپەت كۈچىدۇر. روھتىكى ئەقىل تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ، يەنى پىنھان ئەقىل، ئەمەلىي ئەقىل، ئىگىلەنگەن ئەقىل ۋە پائالىيەتچان ئەقىل. ماددىنى چۈشىنەلەيدىغان بۇ روھ كۈچلىرى بىر خىل ساددا ئەقىلدۇر. ئۇ ماددىدىن خالىي يەنى تەن ئۆلگەندىن كېيىن ئۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ ئۆلۈمنى قوبۇل قىلمايدىغان يالغۇز ماھىيەت.

① «نۇرغۇن» بىرىنچى مەرىپەتتىن كەلگەن، ئۇ ئوخشاشمىغان شەكىلدىكى نۇرغۇن. بۇ مۇتلەق مەۋجۇتلۇقتىن ئىبارەت بىرىنچى يارانقۇچى سەۋەبىدىندۇر، ئۇ مۇقەررەر مەۋجۇتلۇقكى، زاتى تۈپەيلى يەنە ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇق بولۇپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا «نۇرغۇن» بىرىنچى يارالمىش پەيدا قىلالمايدۇ، بەلكى بىرىنچى يارانقۇچىغا تەۋە بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ مەنبەسى مۇقەررەر مەۋجۇت بولغان بىرىنچى يارانقۇچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇقتىكى زاتى.

② فارابى: «كلاسسىك پەلسەپە پرىنسىپلىرى».

③ فارابى: «كلاسسىك پەلسەپە پرىنسىپلىرى».



ئۇنىڭدا ئەسلى زاتتىن بالقىپ، ئەزالارغا ماكانلاشقان كۈچ بار. ئۇ ماددىنى قوبۇل قىلىپ، يەنى تەننى قوبۇل كۆرۈپ ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئەسلى زات سىرتقى شەكىلنىڭ ساخاۋەتچىسىدىن يېڭى ھاياتقا ئېرىشىدۇ.

ئىنسان روھىنىڭ بەش خىل فۇنكسىيىسى بار، يەنى ئوزۇقلىنىش فۇنكسىيىسى، سېزىش فۇنكسىيىسى، خاھىش فۇنكسىيىسى، تەسەۋۋۇر فۇنكسىيىسى، تەپەككۇر فۇنكسىيىسى. بۇ فۇنكسىيىلەر ھەرگىز بىر دەرىجىدە ئەمەس. روھ پەقەت تەن بىلەن يۇغۇرۇلغاندا ئاندىن بۇ فۇنكسىيىلەرنى جارى قىلدۇرىدۇ.

روھ ــ ئەپلاتون دېگەندەك تەندىن بۇرۇن مەۋجۇت ئەمەس، «روھ كۆچىدۇ تەلىماتى» دىكىلەر دېگەندەك بىر تەندىن يەنە بىر تەنگە ئۆتىدىغان، تەن ئۆلگەندىن كېيىن بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغان مەۋجۇتلۇقمۇ ئەمەس. روھ ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنىڭ دەرىجىسى پەرقلىق، دېمىسىمۇ بۇ شۇنداق بولىدۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا مۇقەررەر، ئادىل بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شەيئىلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنى بۈيۈك ئاللا قولىدا تۇتىدۇ، شەيئىلەر پەيدا بولۇشىدىلا ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلىپ كەلگەن. بۈيۈك ئاللانىڭ غەمخورلۇقى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەم ھەر بىر شەيئىگە تۇتىشىدۇ. شەيئىلەرنىڭ تەقدىرى ئاللا تەرىپىدىن پۈتۈلگەن، جۈملىدىن يامان تەقدىرمۇ ئاللا تەرىپىدىن پۈتۈلگەن. تەۋەللۇت نۇقتىسىدىن ئويلىغاندا، يامانلىق جەزىمكى، جىنايەت بۇلغىغان ئىشلارغا مەنسۇپ، يامانلىق چىرىگەن شەيئىلەرگە چېتىلىدۇ. ئاشۇ يامانلىقلار ئاشكارىلىنىشى بىلەن ياخشى ئىشقا ئايلىنىدۇ. چۈنكى، يامانلىق بولمىغاندا ئىدى، نۇرغۇن ــ نۇرغۇن ياخشىلىقلار ھەر قاچان مەيدانغا كېلىپ تۇرغان بولار ئىدى.

# يەتتىنچى باب سادىق قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى

## 1. سادىق قىرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەر

مىلادىيە X ئەسىر ئەرەب تارىخى ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئەڭ خۇنۇك مەزگىللەرنىڭ بىرى. بۇ، زۇلمەتنىڭ تىرناقلىرى ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ ھاكىمىيىتىگە قامال سېلىۋالغان، خەلىپىلىك زېمىنى ئەمىرلەر ۋە كىچىك پادىشاھلىقلار تەرىپىدىن پارچىلىنىۋېتىلگەن بىر مەزگىل بولۇپ، ئەخلاق ۋە سىياسىينىڭ چۈشكۈنلىشىشى دەل بۇ ئىسلام ئىمپېرىيىسىنىڭ پارچە - پارچە بولۇپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۆلگۈنچىلەر ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى رايونلىرىنى ئىگىلىدى. بۇئىلار پارس، ئىسفاھاننى ئىگىلىدى، ھەمەدانلىقلار موسۇل، دىيارىبەكىر، لىۋىيىلەرنى ئىگىلىدى، فاتىمەلەر ماراكەش، تۇنىسنى ئىگىلىدى، ئۇمەييەلىكلەر ئاناتولىيىسىنى ئىگىلىدى، كارماتلار بەھرەيىن قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ خەلىپە ئوتتۇرىغا چىقتى: ئۇلارنىڭ بىرسى ئىراقتا، يەنە بىرسى شىمالىي ئافرىقىدا، ئۈچىنچى بىرسى ئىسپانىيىدە ئىدى. ھەر قايسى كىچىك پادىشاھلىقلار مۇشۇ ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈردى، ساداقەت بىلەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىدى.

شۇنداق قىلىپ سىياسىي ۋە ئىدېئولوگىيە توقۇنۇشىنىڭ ئۆتكۈرلىشىشى تەبىئىي بىر ئىش بولۇپ قالدى. زور كۆپچىلىك



دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى مۇسۇلمانلارنى ئۆزئارا ئۇرۇش قىلدۇرغان، مۇنازىرە جېڭى ئېلىپ بارىدىغان تۈرلۈك مەزھەپلەرگە ئاجراتقۇچى دىنىي تەشۋىقاتلار ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئەينى چاغدا ئۇلار پۇلنى پاخالدەك بۇزۇپ چېچىپ، توختاۋسىز تۈردە بۇ تەشۋىقاتلارنى ئېلىپ باردى، توپىلاڭچىلارنى قورال ۋە پۇل بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ تېگىشلىك نەتىجىسى بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى كۆتۈرۈلگەن خەلىپىلىككە قارشى توپىلاڭ بولدى. ئىش تېرىغۇچىلار ئۈچمەنلىك ئامىللىرىنى يوقىتىپ ۋە چېرىكلەشكەن ئاشۇ تۈزۈلمىلەرگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە خاندانلىق قان ئىچىگە پېتىپ قالدى. ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق شەھەر ۋە يېزىلاردىكى ئەمگەكچىلەر ئىچىدىكى نۇرغۇن ئەرەب ۋە غەيرىي ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىردى. ھاكىمىيەت پەزىلىتىنى يوقاتقان بىر ئۈچۈم چىرىك ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇلار ھەدەپ زۇلۇم سېلىشىنى، ئاجىزلارنى بوزەك قىلىشنى، ئۇچىغا چىققان ھالاۋەتلىك تۇرمۇشنى ئۆز ھاياتىنىڭ ئەڭ ئالىي نىشانى قىلىۋالدى. ئابباسىيلار سۇلالىسىدىن تارتىپ ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق تىنجىمىدى. پارسلار گورۇھى ۋە بۇ گورۇھقا كىرگەن قىساسچىلار، باستۇرۇلغان ئۇنسۇرلار باش كۆتۈردى، ئۇلارنىڭ ئۆچ ئېلىشى بابەك غولام باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭدا ئىپادىلەندى. بۇ قوزغىلاڭ ھىجرىيە 223 - يىلى خەلىپە مۇتئەسۇم تەرىپىدىن باستۇرۇلدى.

يۇقىرىدا دېيىلگەن گورۇھلار قوراللىق ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان ئورتاق نىشان مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار نىيەتكە يېتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى مەخپىي تەشۋىقاتقا تايىنىش، غەلىبىلىك بولغان ئەمەلىي ئىنقىلابنى يېتەكچى قىلغان ئىدىيە ئىنقىلابى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى تونۇپ

يەتتى. ئۈچ ئېلىش ئوخشاشمىغان شەكىلدە، ئوخشاشمىغان نامدا ئىپادىسىنى تاپتى، بىراق، بۇ ئۇسۇل ۋە ناملار بىرمۇنچە ئورتاق تەرەپ ئارقىلىق باغلىناتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نۇقتا مېتروپولىيە (مۇستەملىكىچى دۆلەت) دۆلەت ئۈستىدىن ئىنقىلاب قوزغاپ، ئىجتىمائىي تەبىقە تۈزۈمىنى تەڭشەشكە كۆچەش، تۆۋەن، ئوتتۇرا دېھقان ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى كۆتۈرۈش، ئاندىن دىنىي جەھەتتە مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان خەلىپىنىڭ ئورنىنى چۆكۈرۈش ھەمدە ئۇنى بىردەك چىرىك فېئوداللار ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ئۇنۇملۇك ۋاستە دەپ ھېسابلاشتۇر.

ھىجرىيە IV ئەسىرنىڭ بېشىدا يەنى مىلادىيە 929 - يىلى بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھنىڭ قىساس ئوتى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۇ گۇرۇھتىكى ئادەملەر ھەج تاۋاب مەزگىلىدە مەككىگە كېلىپ ھەج قىلغۇچىلارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلىدى، بىر قىسىم ئادەملەرنى ئۆلتۈردى، جەسەتلەرنى زەمزەم بۇلاققا تاشلىدى، كەبە تېمىدىكى قارا تاشنى ئېلىپ كەتتى، خۇدانىڭ ئۆيى ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقنى تارتىپ ئېلىپ، پارچە - پارچە يىرتىپ سوۋغا قاتارىدا ئۆزئارا ئۈلەشتۈردى.[1]

ئەينى ۋاقىتتا جانلىنىۋاتقان ئەڭ داڭدار بىر مەخپىي تەشكىلات — سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئىدى. بۇ تەشكىلات قوللىغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرگەن، دىنىي پەلسەپۋى ئەسەرلەرنى يازغان ھەم ئۆز پەلسەپۋى قائىدىلىرىنى ئەزالار ئىچىدە تارقىتىپ، ئەزالارنىڭ ئىسلام قانۇنى تەتقىق قىلىدىغان نۇرغۇن تېمىلارنى چۈشىنىشىگە شارائىت ياراتقانىدى. بۇ گۇرۇھنىڭ « سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ماقالىلەر

① مۇنداق ناپاك ئىشنى كارماتلارنىڭ باشلىقى ئەبۇ تاھىر جانابى قىلغان. شىمالىي ئافرىقىدىكى فاتىمەلەر خاندانلىقىدىكى ماھىد ئۇبەيدى بۇ ئىشنى ئۇققاندىن كېيىن ئۇنى ئەيىبلىگەن، شۇنداق قىلىپ جانابى قارا تاشنى ئۆز جايىغا قويۇپ قويغان.



تۇپلىمى » ناملىق ئەسىرى بار. بۇ ئەسەر يۇكسەك ئابرويغا ئىگە، چۈنكى ئۇ شەرقتىكى ئەڭ مۇھىم پەلسەپە دەۋرى — ئىسلام دەۋرىدىكى ئىدېئولوگىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ تەشكىلات قوللانغان پەلسەپىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە روشەن تەسىرگە ئىگە. شېئىرىيەت ئۇسلۇبى بۇ ئىدىيىلەرنى باشقا دۆلەتلەرگە تاراتتى.

1. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى

بۇ ئۇيۇشما مىلادىيە X ئەسىردە پەيدا بولغان. باش لاگېرى بەسرەدە[1] بولۇپ، باغدادتا تارمىقى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەزالىرىدىن ھەممىگە تونۇشلۇق بولغىنى پەقەت بەش ئادەم، بىراق ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىزگە ھازىرغىچە ئېنىق ئەمەس. بۇ بەش ئادەم: مۇھەممەد بىننى مائاكىر باستى، ئەلى بىننى ھارۇن زەنجانى، ئەبۇ ئەھمەد ماشلاگىن، ئەبۇ ھەسەن ئوبىي، ئەڭ ئاخىرقىسى سەئىد بىننى لىۋايى. بۇلاردىن سەئىدنىڭ تەلىماتى ئادەمنى گۇمانغا سالىدۇ. ئەبۇ ھايان تۇسىدى ئۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «سەئىد بىننى لىۋايىنىڭ سۆزلىرى مېنى قاتتىق گۇمانغا سالدى. مەن ئاڭلاۋاتىمەن، ئۇنىڭ دېگەنلىرى ماڭا تامامەن ناتونۇش سۆزلەر ئىدى» .

ناۋادا ئەبۇ ھايان بۇ گۇرۇھنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەزاغا زەربە بەرمەكچى دېيىلسە، ئۇ ھەرگىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇيۇشما ئەزالارنىڭ بۇرادەرلىشىشى بىلەن تەشكىللەنگەن، دوستلۇق، سەممىيلىك، مۇقەددەسلىك، پاكلىق ۋە سادىقلىق ئاساسىدا ئۆزئارا باغلانغان ھەم ئۆز بۇرادەرلىرى ئارىسىدا بىر خىل تەلىماتنى تىكلەپ

① بەسرە بۇ ئۇيۇشما ئوتتۇرىغا چىقىشنىڭ ئالدىدىكى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى بىرمۇنچە ھەرىكەتلەرنىڭ ئانا ماكانى. بۇنىڭ ئىچىدە شىباۋى باشچىلىقىدىكى تىل ھەرىكىتى، ۋاسىل بىننى ئاتا باشلىغان ئىدىيىۋى ھەرىكەت، ھەسەن بەسرى قوزغىغان سوپىلارنىڭ مەنىۋى پائالىيەتلىرى ۋە ئىسمائىلىيە تەرەپدارلىرى كۆتۈرگەن سىياسىي ھەرىكەتلەر بار.

چىققان. ئۇلار كېسىپ ئېيتقانكى، بۇ تەلىمات ئارقىلىق ئاللانىڭ رىزاسىدىكى يولغا ئۆتكىلى بولىدۇ. ئۇلار شەرىئەت نادانلىق بىلەن بۇلغىنىۋېتىلدى، ئازغۇنلۇق بىلەن قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى، پەقەت پەلسەپە بىلەن ئۇنى پاكلاشتۇرغىلى بولىدۇ. چۈنكى، پەلسەپە ئېتىقادنىڭ پەلسەپىۋى ھەقىقىتىنى ۋە قانۇن ئىلمىنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدۇ. ئۇلار قاچانكى گرېك پەلسەپىسى بىلەن شەرىئەت ئۇچرىشىپ قول تۇتۇشقان كۈنى مۇكەممەللىك تەجەللى بولىدۇ① دەپ جاكارلىغان».

## 2. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ دەرىجىسى

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى تۆت دەرىجىدىن تەشكىل تاپىدۇ. بىرىنچى دەرىجە ياخشىلىقچىلار دەرىجىسى، ئۇلار 15 ياشتىن 30 ياشقىچە بولغان ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي ماھىيىتى ساپ، قوبۇل قىلىش كۈچى كۈچلۈك، ئىدىيىسى سەزگۈر كېلىدۇ. بۇ ياشلار ساپ ۋە سەبىي قېرىنداشلار دېيىلىدۇ. ئىككىنچى دەرىجە سىياسىي تالانتلىق كاتتىۋاشلار دەرىجىسى، ئۇلار 30 ياشتىن 40 ياشقىچە بولغان قۇرامىغا يەتكەن، پەلسەپە ھەقىقەتلىرىگە، ئەقلىگە پىششىقلىقى بىلەن نام چىقارغانلاردۇر. بۇلار ئاق كۆڭۈل ۋە مۇنەۋۋەر قېرىنداشلار دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى دەرىجە 40 ياشتىن 50 ياشقىچە بولغان پىشقەدەملەر بولۇپ، ئۇلار قانۇننى قوغداش مەسئۇلىيىتى بىلەن مەشھۇر. ئۇلار ئېسىل، مۇنەۋۋەر قېرىنداشلار دېيىلىدۇ. تۆتىنچى دەرىجە ئەڭ ئالىي دەرىجە، ئۇلار 50 ياشقا توشقانلار بولۇپ، ئۇلار ھەقىقەتنى پەرىشتىلەردەك دەڭسەيدۇ، باقىي ئالەمدىكى ئەھۋاللارنى پەرىشتىلەردەك بىلىدۇ.

بۇ تۆت دەرىجە بىرگە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى قاتلاملار ئارىسىدا ئۆز تەۋسىيىلىرىنى

① «خۇشلۇق ۋە تەسەللى» 2 ـ باب، 87 ـ بەت.



تارقىتىش، ئۆز قاراشلىرىنى، ئەقىدىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتلەردىكى نەزەرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يىراقنى كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. بىرىنچى دەرىجىدە قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ياشلارغا تايىنىدۇ، بۇ ئاساسلىقى ياشلارنىڭ تېگىدىن سەمىمىي، كاللىسى قۇرۇق، تېخى ئېتىقاد ۋە دۇنيا قاراش شەكىللەندۇرمىگەنلىكىدە، ئۇلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، «ياشلار خەت يېزىلمىغان بىر پارچە ئاق قەغەزگە ئوخشايدۇ»، بۇنداق مەزگىلدە ناھايىتى ئاسانلا ماسلىشىدۇ ۋە يېڭى ئادەتنى شەكىللەندۇرۇۋالىدۇ①. بۇندىن باشقا ئۇلار يىگىتلىكنى تەلىماتلارنىڭ ئىنسان قەلبىگە كىرىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتىشىنىڭ تۈپ شەرتى دەپ ھېسابلىغان. بۇ نۇقتىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئۇلار « ئاللا ئەۋلىيا ياكى پەيغەمبەرلەرنى ئۇلار ياش ۋاقىتلىرىدا ئەۋەتكەن » دەيدىغان ئېيتىشلارنى شىپى كەلتۈرىدۇ. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى ۋەتەننىڭ چەت ـ ياقا رايونلىرىدا يەنە قېرىنداشلىرى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ كېيىنكىلەرنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىشىدۇ. ئۇلار: «ئېسىل ۋە مۇنەۋۋەر كىشىلەر ئارىسىدىمۇ قېرىنداشلىرىمىز، دوستلىرىمىز بار، ئۇلار زېمىننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە سۇلتان ــ پادىشاھ، ۋەزىر، ئەمىر، ئاقسۆڭەك، بايۋەچچى، قوماندان، سودىگەرلەرنىڭ ئوغۇللىرى بار، يەنە قول سانائەت خوجايىنلىرى، چوڭ جازانە سودىگەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرى، مۇھىم يەرلىك بەگزادىلەر قاتارلىقلار بار. بىز ھەر بىر تۈركۈمدىكى كىشىلەرگە بىردىن بۇرادەر ئەۋەتىپ، ئۇنى بىزنىڭ مەخسۇس ئۇلار ئۈچۈن قىلىدىغان خىزمىتىمىزنىڭ ۋەكىلى قىلىمىز» دەيدۇ.

① «ماقالىلەر توپلىمى» IV توم، 114 ـ بەت.

ئىشىنىشكە بولىدۇكى، بۇ گۇرۇھنىڭ ھەر قايسى تەدەرىجىلىرىنىڭ مەخسۇس يىغىلىشلىرى بولاتتى، چاقىرىلمىغانلار كىرگۈزۈلمەيتتى. بۇ ئۇيۇشما ئەزالىرىنىڭ بەلگىلەنگەن يىغىلىشلارغا بېرىشىنى، يىغىنىنىڭ كۆپچىلىككە ئۇقتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئېچىلىشىنى، ئەزالارنىڭ ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئۆز مەسىلىلىرىنى، ئىلىملىرىنى مۇزاكىرە قىلىشىنى بەلگىلىگەنىدى. جەزىملەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، ھەر بىر دەرىجىنىڭ ئۆزىگە خاس تەتقىق قىلىدىغان تۇتقىسى ۋە مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلىلىرى بار ئىدى. بىرىنچى دەرىجىدىكى ياشلارنىڭ ئاساسلىق تالىشىدىغان تېمىسى روھ ئىلمى، ئەقلىيلىق، ئىلاھىيەت ۋە پەيغەمبىرىمىز سۈننىتىنىڭ سىر ـ ئەسرالىرى[①] ئىدى. يەنە ئارفمېتىكا، گېئومېتىرىيە ۋە ئاسترونومىيە مەشىقلىرىمۇ بولاتتى. باشقا دەرىجىلەرنىڭ يىغىلىشىغا كەلسەك، شەك ـ شۈبھىسىزكى، تەلقىقات تېمىسىنىڭ ئەھمىيىتى بۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن ۋە چوڭقۇر ئىدى. ئادەتتىكى ئادەملەر ۋە يېڭى كىرگەن مۇرتلار ئۇچۇن يېزىلغان ئەسلى ئەسەرلەردىن بىز بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى ئۇچرىتالمايمىز. بىراق، ئۇلارنىڭ «ماقالىلەر توپلىمى» نىڭ بېشىدا بىر نەچچە قۇرنى تاپقىلى بولىدۇكى، ئۇنىڭدا بۇ يىغىلىشلارنىڭ تۈزۈمى، مەقسىتى ۋە يىغىن رەئىسىنىڭ ۋەزىپىسى بايان قىلىنغان ھەم ئۇلارنىڭ يىغىلىش ۋە ئايەملەردە دۇئا قىلغان، ناماز ئوقۇغان ۋە ئىستىقامەتتە ئولتۇرغاندىكى ئەھۋالى چالا ـ بۇلا خاتىرىلەنگەن.

ئۇلارنىڭ تۈزۈمىدە بەلگىلەنگەنكى، كۆپچىلىك قوشۇلغان ھەم بىخەتەرلىك تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلگەن شارائىتتا ھەر 20 كۈندە بىر قېتىم يىغىلىش قىلىش، غۇسلا ـ تاھارەت ئېلىپ،

① «ماقالىلەر توپلىمى» IV توم، 41 ـ بەت.



ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ياخشى كىيىنىپ يىغىن مەيدانىغا بېرىش كېرەك. مەلۇم سەۋەب بىلەن ئۆزرە ئېيتىپ رۇخسەت سورىغانلاردىن باشقا ھەر بىر ئەزا چوقۇم يىغىنغا قاتنىشىشى، كېچىكمەسلىكى لازىم. رەئىس چوقۇم ئۇلارنىڭ ئالدىغا سۇرلۇك قىياپەتتە چىقىشى، ئۇلارغا روبىرو تۇرۇپ ئۆزىنىڭ پەلسەپە ھەقىقىتىنى سۆزلىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئورنى قوبۇل قىلالايدىغان ۋە كاللىسى سىغدۇرالايدىغان دەرىجىدە پەندى ـ نەسىھەتلەرنى ئېيتىشى كېرەك. بۇ يىغىلىشلاردا مەشھۇر ماقالىلەر ئوقۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى مۇجمەل مەسىلىلەر شەرھىلىنەتتى ھەم «ماقالىلەر توپلىمى» دىكى شەرھىي ياكى «يەتتە توم» ، «جىفۇلىت» ۋە «25 پارچە ماقالە»[①] دىكى ئەسلى تېكىست بويىچە ئۇنىڭغا باھا بېرىلەتتى.

3. ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرى

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ئەزالىرى دەيدۇكى: «ئومۇمەن، بىز بۇيۇك ئاللانىڭ پاناھىدىكى قېرىنداشلارمىز، ھەر قانداق ئىلىمنى كەمسىتمەسلىكىمىز ياكى ھەرقانداق كىتابنى چەتكە قاقماسلىقىمىز ۋە يەنە ھەر قانداق تەلىماتقا قارىغۇلارچە ئىشەنمەسلىكىمىز كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ نەزەرىيىمىز ۋە تەلىماتلىرىمىز بارلىق ئىلىملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بارلىق ئىلىملەر ئۇنىڭغا مۇجەسسەملەشكەن. بۇ يەنى، بۇ تەلىمات ھەقىقىي نەزەر بىلەن بارلىق سەزگىلى بولىدىغان، ئەقلىي شەيئىلەرگە، روشەن ياكى خىرە تەسۋىرگە باشتىن ـ ئاخىر تېشىدىن تارتىپ ئىچىگىچە تەپسىلىي قارايدۇ، ئۇلارنىڭ ئورتاق بىر چىقىش نۇقتىسى، ئورتاق بىر مەنبەسى، ئورتاق بىر دۇنياسى، ئورتاق بىر مەنىۋىيىتى بارلىقىنى كۆرىدۇ.»

① ئاخىرقى ئۈچ پارچە ئەسەرنىڭ مەزمۇنى نامەلۇم. «ماقالىلەر توپلىمى»دا ئۇلار ئىسىر نامىنىلا تىلغا ئالغان.

«سىز رامىزاننىڭ شۇۋى قەدىر كېچىسى بىر كېچە تۈنەپ تاڭ ئالدىدا رەسۇلۇللانىڭ مىراج سەپىرىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرۈشكە ئاسانلىق يارىتالامسىز. ئۇ چاغدا رەسۇلۇللا گۈزەل زېمىندا بولىدۇ، مۇشۇ پەيتتە قانداق تىلەكلىرىڭىز بولسا تىلىسىڭىز بولىدۇ، ئۇ ھەرگىز رەت قىلىنمايدۇ ھەم يەردە قالمايدۇ. چۈنكى سىز روسۇلۇللانىڭ يېقىنىغا ئايلاندىڭىز. ئى پاك، بايقۇش بۇرادەرلەر، ئۇيۇشمىمىزدىكى قېرىنداشلار، ئاللا سىلەرنىڭ بۇنىڭدىكى بېشارەتنى ۋە ئىرادىنى چۈشىنىشىڭلارغا يار ـ يۆلەك بولسۇن!»

«قېرىندىشىم، سىز باشقىلار قىلغان ئىشنى قىلالامسىز؟ شۇنداق قىلىپ سىزگە جان كىرگۈزۈلدى، دېمەك، سىز ئەيىبلىنىشكە ئۇچرىمايسىز، ئەيسانىڭ ئاللانىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغىنىنى كۆرىسىز، ئۇنىڭ خۇددى ئاللانىڭ ئوغلىدەك ئاللانىڭ دەرگاھىغا يېقىنلاشقانلىقىنى كۆرىسىز، سىز يەنە ئاللانىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارنىمۇ كۆرىسىز.»

«سىز ئىقلىمىنىڭ زۇلمىتىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، ئاسىنى كۆرەلەمسىز؟ ئۇنىڭ نۇرى ئەفرىمۇن بوشلۇقىنى يورۇتتى.»

«سىز ئادىمىن ساقرامىغا بېرىپ ئەپلاتون تۇققۇغان سەييارىلەرنى كۆرەلەمسىز؟ ئۇ ھەرگىز ئاسترونوملار كۆزدە تۇتىدىغان ئاشۇ سەييارىلەر ئەمەس، بەلكى مەنىۋى سەييارىلەردۇر. بۇ بۈيۈك ئاللانىڭ بىلىمىدە بار نەرسە بولغاچ، مەرىپەت ئۆزىگە ئالالايدىغان ئەقلىي شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەرىپەت روھ ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان تاشقى شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، روھ تەبىئەت ئۆز قوينىغا ئالالايدىغان شەيئىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ،



تەبىئەت بىرىنچى ماددا ئۆز قوينىغا ئالالايدىغان يارالمىشتۇر. شۇڭا ئۇلار بىر ـ بىرىنى ئايلىنىپ تۇرىدىغان مەنىۋى سەييارىلەردۇر.»①

خوش، ئەمدى ئۇلار كۆرسەتكەن شەرتلىك بەلگە ۋە تەسەۋۋۇر نېمە مەنىدە؟ مىراج ۋاقتىدىكى مۇھەممەد بىلەن بۈيۈك ئاللانىڭ ئوغلى بولمىش خرىستوس ئەيسانىڭ تۆت ئەتراپقا نۇر تارالتقۇچى ئاسىد، ئادىمىن ساقراملىرى ئارىسىدىكى مۇرەسسەلىشىشى زادى قانچىلىك دەرىجىدە؟ قېرىنداشلار نەقىل كەلتۈرگەن ئىسلام دىنى، خرىستىئان دىنى، ئاتەش دىنى ۋە كۆپ خۇدالىق دىن ئەقىدىلىرىنىڭ ئاساسلىرىنى چۈشەندۈرىدىغان بۇ جۈملىلەر زادى نېمە؟ ئاندىن ئۆزئارا توقۇنۇشلۇق بۇ ئەقىدىلەرنى قانداق قىلىپ بىر يەرگە ئەكەلگىلى بولىدۇ؟

دۇرۇس، سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ناۋادا پەيغەمبەرلەرنىڭ قانۇنى ئوخشاشمىغان ۋاقىتلاردا ئوخشىمايدۇ دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ، قانۇنچىلار ـ ئىنسانلار روھىنىڭ دوختۇرلىرى ـ نىڭ ھەر قايسى مىللەتتىكى كېسەللىكنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ دورا ئىشلەتكەندە، بۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ قانۇنى ۋە تەلىمى دوختۇرنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ۋاقىت، كېلىمات، يېمەكلىك ئۆزگىچىلىكى سەۋەبلىك كېسەللىك ئوخشىمىغانلىقتىن ئوخشىمىغانغا ئوخشاش پەرقلىق بولغانلا بىر ئىش، دەيدۇ. دېمەك، سادىق قېرىنداشلارنىڭ نەزەرىدە گەرچە دىنىنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق دىن يەنىلا بىر دىندۇر. دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىش پەقەت چوڭقۇر پىكىرلىك تەتقىقاتچى ئاندىن چۈشىنەلەيدىغان بىر خىل ئۇچۇق پەلسەپىۋى ھەقىقەتتۇر.

① 44 ـ ماقالىغا قارالسۇن.

بۇ ئۇيۇشما تەلىماتىنىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى گەپكە كەلسەك، ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى ئابزاسىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە ئەرزىيدۇ:

«ئىككىنچى ماقالىدىن روشەنكى، بىزنىڭ تەلىماتلىرىمىز تۆت خىل كىتابتىن بالقىيدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، پەيلاسوپلار ۋە پەيلاسەپچىلەر تۈزگەن ماتېماتىكا، فىزىكا توغرىسىدىكى كىتابلار. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەرلەرگە نازىل بولغان «تەۋرات»، «ئىنجىل»، «قۇرئان كەرىم» ۋە تولۇق پاكلاندۇرۇلغان پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى. ئۈچىنچىسى، ئاسمان – زېمىن شەيئىلىرى توغرىسىدىكى كىتابلار، ئۇ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىنىڭ تاشقى شەكلى بولۇپ، سەييارىلەر تۈزۈلۈشى، 12 مۆچەل، پىلانېتلارنىڭ ئايلىنىشى، يۇلتۇزلارنىڭ سانى، مەدەنلەر، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈك قاتارلىق مەۋجۇتلۇقلارنىڭ تۈرلىرى ھەمدە ئىنسانلار ئىككى قولى بىلەن ئىجاد قىلغان تۈرلۈك ياسالمىلارنىڭ تۈرلەرگە ئايرىلىشى دېگەندەك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ[1]. بۇلارنىڭ ھەممىسى توغرا مەنە ۋە سىرلارغا يول ياساپ تۇرغان تاشقى شەكىل ھەم بەلگىلەردۇر، كىشىلەر پەقەت ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى كۆرەلەيدۇ، ياراتقۇچىنىڭ ماھارىتى ۋە ئۇستىلىقى سەۋەبلىك ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى بىلگىلى بولمايدۇ. تۆتىنچىسى، ئىلاھىيەت كىتابلىرى، ئۇنىڭدىن پەقەت ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارلا نەپ ئالالايدۇ. ئىلاھىيەت كىتابلىرى روھنىڭ ماھىيىتى، تۈرلىرى ۋە روھنىڭ تەنگە تۇرتكە بولۇشى، ئۇنى تەڭشىشى، ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە باشقۇرۇشى ... ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزى روھلار بەزى چاغلاردا تەننىڭ تۆۋىنىگە چۈشۈپ قالىدۇ، بەزى روھلار بەزىدە

① بەلكىم ئۇلار بۇ گەپنى «يارىلىش خاتىرىسى» گە يەنى جاھان ۋە جاھاندىكى ئاتوم ۋە شەيئىلەرگە قارىتىپ ئېيتقان بولۇشى مۇمكىن.



جەسەتنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدىن يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، بىپەرۋا ۋە ئۇنتۇغاق ئۇزاق ئۇيقۇ ئىچىدىن تىرىلىپ ئاخىرەت كۈنىگە يېتىدۇ...»[1]

### 4. قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئىلمىنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرى

قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ماقالىلەر توپلىمى بىر پەلسەپە قامۇسىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار بۇنىڭغا ئەينى دەۋردىكى زور كۆپچىلىك ئىلىملەرنى توپلىغان. بەلكىم قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئەسەرلىرىنى يازغاندا فارابىنىڭ «پەن تەرتىپى» ناملىق كىتابىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق ماقالىلەر توپلىمى يەنە بىر مۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ مەسىلىلەر ئۇلارنىڭ ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى تۈرلۈك تەلىماتلارنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئەسلى نىيىتىنى ئىپادىلىدى.

بۇ مەسىلىلەر ئىچىدىكى بىرىنچى مەسىلە دۇنيادىكى شەيئىلەرگە سىڭىشىپ كىرىش ۋە ئۇلارنىڭ بىر مەنبە، بىر چىقىش نۇقتىدىن قانداق پەيدا بولغانلىقىغا باش قاتۇرۇش. ئاندىن پىفاگور ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئۇسۇلى بويىچە گېئومېتىرىيىلىك دەلىللەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىسپاتلاش ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. شۇڭا كۆرىمىزكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئارىفمېتىكا ئاجايىپ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، «چۈنكى ئارىفمېتىكا تۈرلۈك ئىلىملەرنىڭ ئاساسى، پەلسەپىۋى ھەقىقەتنىڭ ئاملى، بىلىمنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە پەزىلەتنىڭ خۇرۇچى، بىرىنچى خىمىيە ۋە بىرىنچى ‹ئالتۇن تاۋلاش سەنئىتى› دۇر». ئۇلارنىڭ كېيىنچە بولغاندا،

① «ماقالىلەر توپلىمى» IV توم، 42 ـ بەت.

شەيئى دېمەك سان دېمەكتۇر، پۈتكۈل دۇنيا ساندىن تەشكىل تاپقاندۇر، خۇددى «بىر»[①] سانىنىڭ بېشى ۋە تېگى بولغانغا «نۇقتا» گېئومېترىيىلىك شەكىلنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ماكانى بولغانغا ئوخشاش. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلمىنى تۈرلەرگە بۆلگەندە ئارفمېتىكىنى باش ئورۇنغا قويۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

سادىق قېرىنداشلارنىڭ نەزەرىدە ئىلىم تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، يەنى ماتېماتىكا، لوگىكا، فىزىكا، ئىلاھىيەت. ماتېماتىكىغا ئارىفمېتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە ۋە مۇزىكا كىرىدۇ. لوگىكىغا شېئىرىيەت، نۇتۇق، دىئالېكتىكا، دەلىللەش ۋە مۇنازىرە قاتارلىقلار كىرىدۇ. فىزىكىغا جىسىم پرىنسىپلىرى ئىلمى، پلانېتلار ۋە ئالەم ئىلمى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ئىلمى، ھاۋا رايى ئىلمى، مىنېرالوگىيە، زوئولوگىيە كىرىدۇ.

ئىلاھىيەتكە كەلسەك بۇ بەش پەننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يەنى (1) ياراتقۇچىنى تونۇش؛ (2) مەرىپەت يەنى ئىلاھىي ھېكمەتنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىدىغان ئىلىم؛ (3) روھىيەت يەنى تەبىئەت سەييارىلىرى ئارىسىدا يۈرگەن روھ ۋە مەنىۋىيەتنى چۈشىنىدىغان ئىلىم؛ (4) سىياسىي، ئۇ پەيغەمبەرلەر سىياسىيسى، خانلار سىياسىيسى، ئاۋام سىياسىيسى، شەخس سىياسىيسى ۋە تارىخانلىق سىياسىيسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ (5) باقىي ئالەم ئىلمى يەنى باشقا بىر مەيىنەنى تونۇش ئىلمى.

بۇ خىل تۈرگە ئايرىشتىن بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز شۇكى، ئۇلار فارابى، ئىبن سىنا ۋە باشقا مۇسۇلمان پەيلاسوپلاردەك پەلسەپىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىمىدى، بەلكى بارلىق ئەمەلىيەتنىڭ بىر قىسمىنى ئىلاھىيەت ئىچىگە

① «ماقالىلەر توپلىمى» IV توم، 42 ـ بەت.



كىرگۈزدى. بۇندىن باشقا يەنە بايقايمىزكى، ئۇلار لوگىكىنى پەلسەپىگە مەنسۇپ دەپ جاكارلىدى. ئۇلارنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدا «لوگىكىنىڭ پەيلاسوپلارنىڭ قورالى ئىكەنلىكى توغرىسىدا» ماۋزۇلۇق مەخسۇس بىر باب بار. بۇ ئۇلارنىڭ لوگىكىنى پەيلاسوپلارنىڭ قورالى ھەم ئۇنى پەلسەپىگە يول ئاچىدىغان ئىلىم دەپ قارىغىنىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكىنى دېمىگەندە پەلسەپە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئالىي ئىجادىيىتى، شۇڭا ئۇنىڭ تارازىسى ئەڭ توغرا، بارلىق قوراللاردىنمۇ ئۇلۇغ. ئەمما پەلسەپىنى ھەرقايسى تارماقلارغا بۆلۈش، ھەرگىز ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى يوقاتقانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، چۈنكى سادىق قېرىنداشلارنىڭ قارىشىچە، ھادىسە تۈرلۈك ـ تۈمەن بولسىمۇ، ھەقىقەت پەقەت بىر بولىدۇ.

ناۋادا بەزىلەر ئۇلارغا ھەقىقەت كۆز قاراش ۋە تەلىماتلارنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ھەر خىل بولىدۇ دېسە، ئۇلار چوقۇم كۆز قاراش ۋە تەلىمات تەسەۋۋۇر تۈپەيلىدىن ھەر خىل بولىدۇ، ئەمما تەسەۋۋۇرنىڭ مەزمۇنى يەنىلا ئوخشاش بولىدۇ. شۇغۇنىسى ئىچكى مەنىنى پەقەت ئىلىمدە توشقان پەيلاسوپلارلا بىلەلەيدۇ. ناۋادا نىيەت ۋە مەقسەتلىرى ئوخشاش ئالىملارنىڭ بايان ۋە ئۇقۇملىرىدا زىددىيەت كۆرۈلسە، ئۇنداقتا بۇ ئۇلارنىڭ مەسىلىنى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىن كۆزىتىۋاتقانلىقىنىڭ بەلگىسى، دەيدۇ.

## 2. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

### 1. جەمئىيەت ۋە دۆلەت توغرىسىدا

سادىق قېرىنداشلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم تۇغۇلغاندىن تارتىپ يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقىلىق بولىدۇ. ئۇلار تەبىقىلەر پەرقىدە بىر

پەلسەپۋى ھەقىقەت بولىدۇ. چۈنكى ئادەم جەمئىيەتتىكى بارلىق خىزمەتلەرگە قاتنىشىپ كېتەلمەيدۇ، ئادەملەر ئۆزلىرى تەۋە بولغان تەبىقىلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىغا بىقىپ ئۆزىگە بەلگىلەنگەن خىزمەتتە بولىدۇ، ئاندىن بارلىق تەبىقىلەر بىرلىكتە جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدۇ[1]. جەمئىيەتتىكى ئادەملەرگە چوقۇم بىر پادىشاھ چىقىپ شەرىئەتنى تىكلىشى، سىياسىي بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ بېرىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت پەيدا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، دىن بىلەن دۆلەتنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، پەقەت دىن دۆلەتتىن كۆپ مۇكەممەل بولىدۇ، چۈنكى دۆلەت شەرىئەتنى تىكلەش ئۈچۈن قۇرۇلىدۇ.

سادىق قېرىنداشلار دۆلەتنىڭ بەلگىلىك ئۆمرى ۋە ئۆزگىرىش دەۋرى بولىدۇ، ياخشى ئادەملەرنىڭ دۆلىتى ئالىملاردىن، پەيلاسوپلاردىن، ئېسىل ئادەملەردىن تەشكىللىنىدۇ. ھەممەيلەننىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقىدۇ، يەنى بىر دىننى قۇۋۋەتلەيدۇ، ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا تالاش - تارتىش قىلماسلىقتا، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئۆزئارا ياردەملىشىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان مۇكەممەل بىتىملەرنى تۈزىدۇ. بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشىدۇ، بارلىق ئورۇنلاشتۇرۇشلاردا، دىننى قۇۋۋەتلەش ۋە ئاخىرەتلىك تىلاۋەتلەردە قەلبداش بولىدۇ. ئۇلار پەقەت ئاللادىن ۋەدىسىدە راستچىل بولۇشنى تىلەيدۇ، ھەرگىز مۇكاپات بېرىشنى، رەھمەت ئېيتىشنى تەلەپ قىلمايدۇ، دەيدۇ.[2]

2. مائارىپ ۋە ئىنسان خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى

ئادەمنىڭ مىجەزى ئانىنىڭ قورسىقىدىن تارتىپ شەكىللىنىشكە باشلايدۇ، ئەمما تۇغۇلۇپ تۆت يىلدىن كېيىن ئاندىن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. مۇھىت مائارىپقا ناھايىتى زور

① بۇ جەھەتتە سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى فارابىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان.
② «ماقالىلەر توپلىمى» I توم، 181 - بەت.



تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى يېتىلىۋاتقان بالا ئەتراپىدىكى ئادەملەر قىلغان بارلىق ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ ھەممىنى دورايدۇ. بالا دەسلەپتە ئۆز ئاتىسى ۋە ئۇستازىنى ئۈلگە قىلىدۇ، كېيىن ئۇلار ئادەت قىلغان يېمەكلىك، كىيىنىش، ئۇلارنىڭ ئاۋازى ۋە قاراشلىرىغا ئادەتلىنىشكە باشلايدۇ. شۇڭا ناۋادا بالا ئاتا كەسپىنى تۇتسا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىمالى تېخىمۇ زور بولىدۇ.

سادىق قېرىنداشلارنىڭ قارىشىچە بولغاندا، ئادەم خاراكتېرى ئىككى خىل بولىدۇ. يەنى تۇغما خاراكتېر ۋە يېتىلگەن خاراكتېر. تۇغما خاراكتېر تۇغۇلۇشىدىنلا بولىدۇ. يېتىلگەن خاراكتېر ھاياتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا تۇغما خاراكتېرگە قونىدۇ. تۇغما خاراكتېر ئۈچ تۈپ ئامىل تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ: (1) تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن يۇلتۇزلارنىڭ تۆرەلمىگە بولغان تەسىرى؛ (2) بەدەن سۇيۇقلۇقى ۋە ئۇنىڭ نىسبىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىنىڭ تەسىرى، يەنى ئادەم تېنى ئوخشاشمىغان نىسبەتتىكى تۆت تادۇدىن تۈزۈلىدۇ. كىمنىڭ خاراكتېرىدە ئوتنىڭ ئامىلى بولمىش ئىسسىقلىق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، ئۇ باتۇر، ساغلام، جاسارەتلىك، قەھرلىك، كاللىسى ئۆتكۈر بولىدۇ. كىمنىڭ خاراكتېرىدە تۇپراقنىڭ ئامىلى بولمىش قۇرۇقلۇق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە، ئۇ قەيسەر، چىداملىق، پۇختا ئادەم بولىدۇ؛ (3) يۇرت يەنى «تەبىئىي مۇھىت» نىڭ تەسىرى. «ئىنسان خاراكتېرى شەرقتە ياكى غەربتە، تۈزلەڭلىكتە، تاغلاردا ياكى دېڭىز بويىدا ئولتۇراقلاشقانلىق بىلەن پەرقلىق بولىدۇ». تۇغما خاراكتېر ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇقىم تەرەپ، يېتىلگەن خاراكتېر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. «ئىنسان خاراكتېرى ئۆزگىرىشچان كېلىدۇ، بىر خىل ئەھۋالدا مۇقىم تۇرۇشى تەس، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ناھايىتى ئاز ئادەم

ئەھۋال ئۆزگەرگەندىن كېيىن (مەسىلەن، بايلار نامراتلاشقان ۋە ياكى ئېسىلزادە پەسكەشكە ئايلانغان ياكى ساغلام كىشى بىمار بولۇپ قالغاندىن كېيىن) يېڭى مىجەز ۋە غەيرى خۇلقلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ»①. ئادەم ئەسكى مىجەزنى ياخشى مىجەزگە ئۆزگەرتەلەيدۇ ياكى ياخشى مىجەزنى ئەسكى مىجەزگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. تۇغما مىجەزنىڭ ئۆزگىرىشى يېتىلگەن مىجەزلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە قارىغاندا تېخىمۇ تەس. ناۋادا مەلۇم بىر يېتىلگەن مىجەز ئۇزاق بىر مەزگىلنىڭ نەتىجىسى بولسا، ئۇنداقتا ئۇنى ئۆزگەرتىشمۇ تەس بولىدۇ. چۈنكى يېتىلگەن خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتى ئۇزاق بولسا، ئۇ تۇغما خاراكتېردەكلا بولۇپ كېتىدۇ. ئادەت ماھىيەتنىڭ تۈۋرۈكى، ماھىيەت ئاسان ئۆزگەرمەيدۇ. ئەسكى مىجەز ئۇنىڭ ئەكسى بولمىش ياخشى مىجەزنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. جۇدۇنى تۇتۇش كەڭ قورساقلىق بىلەن بېسىلىدۇ، ئالدىراقسانلىق تەمكىنلىك بىلەن چەكلىنىدۇ. ناۋادا ئالدىراقسانلىق ئۇزاق مەزگىل تەمكىنلىك بىلەن بېسىلسا، ئۇنداقتا مىجەزدىكى ئالدىراقسانلىق تەمكىنلىككە ئالمىشىدۇ.

بەلكىم كىشىلەر تەپەككۇر قىلىش بىلەن ئەسكى مىجەزلىرىنى ئوڭشىيالىشى مۇمكىن، بىراق بۇنى قىلىش ئاسان ئەمەس. ئۇ ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئىنسان تەبىئىتى پەقەت يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىدۇ ۋە ھازىرلا كۆرگىلى بولمايدىغان بىر چاغلاردىكى مەنپەئەتنى قوغلايدۇ.

① «ماقالىلەر توپلىمى» IV توم، 111 ـ بەت.



سادىق قېرىنداشلار بەزى ئادەملەردە ئەقىل بولۇشى مۇمكىن، ئۇ شۇ ئارقىلىق رەزىللىكنى چۈشىنىدۇ، شۇندىن ئېتىبارەن رەزىل ئىشلارنى قىلمايدۇ؛ گۈزەللىكنى چۈشىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گۈزەللىكنى تەقلىد قىلىدۇ، دەيدۇ. بۇ سوقراتنىڭ قارىشى. ئۇ «خاراكتېرنى ئەقىل بىلەن چۈشەنگىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

سادىق قېرىنداشلار ھازىرقى ۋە كەلگۈسىدىكى بارلىق مەنپەئەتدارلىقتىن ۋاز كەچكەن نەزەر بىلەن ياخشىلىققا مۇئامىلە قىلىدۇ، يەنى ئۆز دۈشمىنىگىمۇ چوقۇم ياخشىلىق ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدۇ. «ياخشى ئادەملەرگە كەلسەك، ئۇلار ئاللانىڭ قانۇنىدا بۇيرۇلغان ئىشلارنى، ساغلام ئەقىل ئۆزلىرىگە مەجبۇرىيەت قىلغان ئىشلارنى قىلىشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىش ئۆزىگە مەنپەئەت بېرەمدۇ ـ بەرمەمدۇ، ئويلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئىنسان شۇ چاغدىلا ياخشى ئادەم بولالايدۇ»①.

سادىق قېرىنداشلار قەتئىي ھالدا شۇنداق قارايدۇكى، ياخشى ئادەملەرنىڭ ئەمىلىي ئۇلارنىڭ ئىلمىگە ماس كېلىشى لازىم، بولمىسا ئىلىمنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدۇ، ئۇلارنى ياخشى ئادەم دېگەن گۈزەل ناملار بىلەنمۇ چاقىرىشقا بولمايدۇ. «بايقىدۇقكى، بەزىلەر ئۆزىنى پەلسەپىنى تەتقىق قىلغان ھەم ئىلىمدار دەيدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ئەڭ ناچار. بىز يەنە كۆردۇقكى، يەنە بەزىلەرنىڭ ئانچە بەك بىلىمى يوق، ئەمما ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى ياخشى.»

ئۇلارنىڭ دۇنيانىڭ ئاينىپ كېلىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا، ياخشى مىجەزلەر ئاللانىڭ پەزلى، پەرىشتىلەرنىڭ خىسلىتى، ئۇ ئىنسانلار ئارىسىغا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدىغان خۇلاسە چىقىدۇ.

① «ماقالىلەر توپلىمى» IV توم، 297 ـ بەت.

«بىلىش كېرەككى، ئىنساننىڭ بارلىق ئارتۇقچىلىقى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ھەممىسى ئاللانىڭ دەرگاھىدىن سىرغىپ كەلگەن، ئالدى بىلەن ئاللانىڭ نۇرى بىر پۈتۈن ئەقىلنى يورۇتقان، ئاندىن ئۇ بىر پۈتۈن روھ ۋە بىرىنچى ماددىنى يورۇتقان. بىرىنچى ماددا دەل شەكىل بولۇپ، ئۇ تەن ۋە جىسىمنىڭ سىرتقى شەكلى بويىچە مەۋجۇت تۇرغان رېئال دۇنيادىكى يەككە روھلارنى كۆرەلىگەن».

3. بىلىش نەزەرىيىسى

سادىق قېرىنداشلار دەيدۇكى: ئەقلىي شەيئى مەنىۋىيەتنىڭ شەكلى، روھ سېزىمچانلىق بىلەن بىرىنچى ماددىنى كۆرگەندىن كېيىن روھىي شەكىلنىڭ ئۆزىنى كۆرەلەيدۇ. ئاللا بارلىق نەقتەللىك، ھېسسىي شەيئىلەرنى مەنىۋىيەتنى، ئەقلىيلىقنى ئىپادىلەيدىغان شەيئىنىڭ مودېلى ۋە بەلگىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ھېس قىلىشنى ئەقلىي شەيئىلەرنى چۈشىنىشكە يەتكۈزىدىغان شوتىغا ئايلاندۇردى. بۇ دېگەنلىك، سېزىم بارلىق بىلىشلەرنىڭ بېشى، ھېسسىيلىق ھېچقايسى تەرەپتىن بىلەلمىگەن شەيئىنى، خىيالىي تۈيغۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان شەيئىنى ئەقلىيلىقمۇ بىلەلمەيدۇ ۋە تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، شەيئىنىڭ ھالىتى پەقەت ئەقلىيلىق پرىنسىپىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاندىن مەنىۋى شەكىلگە ئايلىنىدۇ. بۇ خىل ئەقلىيلىق پرىنسىپى شەيئىلەرنىڭ سانى، سۈپىتى، خاسلىقى، پايدىسى، زىيىنى بىلەن بىلىمنى بىرىنچى ماددىدىن ئايرىۋالىدۇ. روھ ئۆتكۈرلۈك بىلەن ئەقىلنىڭ نۇرىنى ئىشلەتمىگەن ھەم ئاللادىن ئۇنىڭدىن چىققان نۇرنىڭ گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇكەممەللىشىشىگە، بىرىنچى ماددىدىن قۇتۇلۇپ زاتىنى قانائەتلەندۇرۇشكە ، شۇنداقلا باشقا نەقتەللەرنىڭ سىرتقى شەكلىنىڭ ھەقىقىي ئەقلىيلىقىغا ئېھتىياجلىق ئەمەسلىكىگە ياردەم تىلىمىگەنلا بولسا، روھ مۇنداق



ئابستراكت دەرىجىگە يېتىپ بارالمايدۇ.

بىلىش جەريانىغا بېرىلگەن بۇ شەرھى سادىق قېرىنداشلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئارىستوتىلنىڭ قارىشى ئارىسىدا ئوخشىماسلىق بارلىقى توغرۇلۇق ھەرقانداق بىر گەپ - سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، پەقەت ئۇلار بىر قىسىم ئىسلام پەلسەپە پېشىۋالىرىغا تەقلىد قىلىپ «نەقتەلنىڭ بىر ئىلاھىي مەنبەسى بولىدۇ»، دېگەن. ئاشۇ پېشىۋالارنىڭ دېگىنى پەقەت ئارىستوتىلنىڭ قاراشلىرىغا يېڭى پلاتونىزمچىلارنىڭ مەسلەكلىرىنى قىستۇرۇپ قويغان، خالاس.

4. روھ ھەققىدە

سادىق قېرىنداشلار بىر دەم ئارىستوتىلغا تايانسا، يەنە بىر دەم ئەپلاتونغا ئىلتىجا قىلىپ، روھ، زېھىن ۋە تەبىقىلەرنى تەتقىق قىلدى. ئەمما ئۇلارنىڭ يازمىلىرىدا ئەپلاتوننىڭ تامغىسى تېخىمۇ روشەن. سادىق قېرىنداشلارنىڭ نەزەرىدە، روھ خۇددى سامادىكى مەنىۋىي ھېسسىي ۋە ئەقلىي شەيئىلەرنىڭ تاشقى شەكلىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئەينەكتەك مەنىۋى جەۋھەر. روھ تەبىئەتتىن شەيئىلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ زېھنىنى ئىشلىتىپ كەلسە، بىلمەيدىغىنى يوق ھەم ئاسان تەربىيە يۇقىدۇ. يەككە روھ بىر پۈتۈن روھتىن كېلىدۇ، ئاندىن تەننىڭ قېتىغا ۋە تەبىئەت قوينىغا چۈشىدۇ. لېكىن ئۇ ھامىنى تەندىن قۇتۇلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماكانىغا ۋە دەسلەپكى مەنبەسىگە قايتىدۇ.

سادىق قېرىنداشلارنىڭ قارىشىچە، گەرچە روھنىڭ زېھنى ئۆزگىرىشچان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىرلا بولىدۇ. سەييارىلەردىكى مەرىپەتتىن سىرغىپ چىقىپ تەنگە كىرگەن يەككە روھ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن مەنىۋى مەنبەگە قايتىدۇ. ئۆلۈم «كىچىك ئاخىرەت»، چۈنكى، تەن ئۆلۈمى ماددىي ئاسارەتتىن بوشانغان

روھىنىڭ تۇغۇلۇشىدۇر. ئۆلگەندىن كېيىن پاكلارنىڭ روھى شانلىق مەنىۋىيەت ئاسمىنىدا ئاخىرەت كۈنى كەلگۈچە ئۇچۇپ يۈرىدۇ. ئەمما جىسمانىي لەززەتكە بېرىلىپ ناچار ئەمەللەردە بولۇپ چىرىكلەشكەنلەرنىڭ روھى بوشلۇقتا مەھكۇملىنىدۇ، يەنە يەرگە تاشلىنىپ يەر يۈزىدىكى جىنلار تەرىپىدىن تىتما - تىتما قىلىنىدۇ، قىيىن قىستاقتا ئېلىنىدۇ، بىسەرەمجانلىقتا قالىدۇ، كۈنى تەسلىشىدۇ، سەييارىلەر دۇنياسىغا قايتا چىقىشقا تەقەززا بولىدۇ، ئەمما جاھاننىڭ ئىشىكى ئۇنىڭغا مەھكەم تاقىلىپ، ئۇ يا ئۆلۈك ئەمەس، يا تىرىك ئەمەس ھالەتتە قالدۇرۇلىدۇ.

پۈتۈن ئالەمنىڭ ئاخىرەت كۈنىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا مەرىپەت ئالەمدىن بوشىنىدۇ، سەييارىلەر دۇنياسىدىن ئايرىلىدۇ، تەبىئەت ئەسلىدىكى ھەقىقىي بوشلۇققا قايتىدۇ، بارلىق ھەرىكەتلەر توختايدۇ، تىرىكلىك ئۆلىدۇ، ئاندىن ساپ مەنىۋى ھايات باشلىنىدۇ. خۇددى مەنىۋى شەيئى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولغاندەك، روھتىكى بىر نەرسە بىلەن يەنە بىر نەرسە ئۆزئارا باغلىنىدۇ، بەختلىك روھ تېخىمۇ بەختلىك بولىدۇ، بەختسىز روھ تېخىمۇ بەختسىز بولىدۇ. «مەرىپەت ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسىغا ۋە شانلىق ماكانىغا قايتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رېئال ئالەم (سۇبىستانسىيە ئالىمى) يوقايدۇ. بۇ خۇددى ھەر كۈنى ئۆلۈم بولۇپ ئاخىرەتنىڭ كېلىشى ھەممىنىڭ ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرغاندەك بىر ئىش».

5. بۈيۈك ئاللا ھەققىدە

سادىق قېرىنداشلار تۈرلۈك ئەھۋاللارنى سۆزلەپ شۇنداق دەلىللەيدۇكى، بۈيۈك ئاللا ھەقىقەتەن مەۋجۇت، بۇ ئۇنىڭ ئالەم سىستېمىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇشىدىكى مۆجىزىۋى ماھارىتى ۋە سىممېترىك گۈزەللىكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بارلىق مۇكەممەل ۋە مۇپەسسەل ئىشلارنىڭ ھەممىسى پەقەت بۇ دانا



ياراتقۇچىنىڭ قولىدىن چىقىدۇ. پىلانېتلار ئاجايىپ تەرتىپلىك ئايلىنىدۇكى، ئۇنىڭ تەشكىللىنىشى ئاجايىپ مۇكەممەل ۋە زىل. بۇ ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ چوقۇم ئاجايىپ دانالىقىنى دەلىللەيدۇ.

بۇندىن باشقا، ئاللا ئىنسانلارنىڭ چىدامىغا يەنە ئۆزىگە بولغان سېغىنىشنى ھەمدە بىۋاسىتە ۋە تەبىئىي بولغان ئۆز زاتىغا بولغان تۈيغۇنى① ئورۇنلاشتۇردىكى، بارلىق ئادەملەر مەيلى ئۇ ئەھلى ئىلىم ياكى بىلىمسىز بولسۇن، ھەممىسى ئۆز - ئۆزىدىن ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، تىلاۋەتلىرى بىلەن ئاللادىن ياردەم سورايدۇ.

بۇ خىل ئىسپاتلاش ئۇسۇلى ئادەتتىكىچە ئۇسۇل. ئالاھىدە ئۇسۇلغا كەلسەك، ئۇنىڭدا ئابستراكتلاش، ئىلاھلاشتۇرۇش، مۇنازىرىلىك دەلىللەش بىلەن بۈيۈك ئاللا تونۇلىدۇ، مانا بۇ پەيلاسوپلارنىڭ تەرىقىتى. پەيلاسوپلار تەپەككۇرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە ماھىرلىشىشى پىلانېتلار ۋە روھنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ئاللانىڭ بىردىنبىرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئاشۇ تەسەۋۋۇر ۋە ئىرادىدە بولىدۇ.

دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەيدۇ. ئوخشاشلا شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئاللانىڭ بىردىنبىرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئاللانىڭ دائىملىقىنى بىلدۈرىدۇ، شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشى ئاللانىڭ ئەبەدىيلىكىنى بىلدۈرىدۇ، شەيئىلەرنىڭ قادىرسىزلىقى ئاللانىڭ قادىرلىقىنى بىلدۈرىدۇ، شەيئىلەرنىڭ ئاجىزلىقى ئاللانىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلدۈرىدۇ.

① 700 يىلدىن كېيىن دىكارت يەنە مۇشۇ تەرىزدە ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىغا دەلىل كەلتۈردى.

## 3. سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈندە

1. شەيئىلەرنىڭ تۈرلىرى ھەققىدە

«بۇرادەرلەر، بىلىشىڭلار كېرەككى، پۈتكۈل شەيئىلەر ماددا ۋە مەنىۋى دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ماددىلارنى سېزىم بىلەن بىلگىلى بولىدۇ. مەنىۋىلەرنى ئەقىل بىلەن تونۇغىلى بولىدۇ، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ماددىلار ئۈچكە بۆلۈنىدۇ، يەنى، پىلانىتلار دۇنياسى، تەبىئەت ئېلېمېنتى ۋە يەر يۈزىدىكى شەكىللەنمە جىسىملار. مەنىۋىلەرمۇ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچىسى، خالىغان تاشقى شەكىلنى قوبۇل قىلالايدىغان ساپ ماھىيەتلىك جىسىم تۈرى؛ ئىككىنچىسى، پائالىيەتچان رولغا ئىگە، ھەممىنى بىلىدىغان ساپ ماھىيەتلىك روھ تىپى؛ ئۈچىنچىسى، شەيئىلەرنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان ساپ ماھىيەتلىك ئەقىل تىپى.

بۇيۇك ياراتقۇچىغا كەلسەك، ئۇنى ماددا تۈرىدىكى شەيئى ياكى مەنىۋىيەت تۈرىدىكى شەيئى بىلەن سېلىشتۇرىشقا بولمايدۇ، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى، بۇ خۇددى بىرنى ھەرقانداق سان بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدىغان بىلەن ئۇ بارلىق جۈپ سان ۋە تاق سانلارنىڭ مەنبەسى بولغانغا ئوخشاش بىر ئىش.[1].

«روھ – دەل مەنىۋىيەت»[2]. ئۇ شەيئىلەرنى بىلەلەيدىغان كۆكتىكى جاۋاھىر، ئۇ ئۆلمەيدۇ ھەم يوقالمايدۇ، مەڭگۈ تۇرىدۇ، بىراق ئۇ خۇشاللانمىسىلا چوقۇم ئازابلىنىدۇ.

ئاللاغا سادىق بەندىچىلىك قىلىدىغان مۆمىنلەرنىڭ روھىغا

① «ماقالىلەر توپلىمى» II توم، 337 – بەت.
② «ماقالىلەر توپلىمى» II توم، 290 – بەت.



كەلسەك، ئۇ تەن ئۆلگەندىن كېيىن جەننەت ۋە پىلانىتلار ئارىسىدا بوشلۇقتا كۆتۈرۈلىدۇ، ئاخىرەت كەلگۈچە شۇ يەردە تۇرىدۇ. تەن قۇچىقىنى ئاچسا يەنە تەنگە كىرىپ، ئىنئامغا ۋە خالاس بولۇشقا ئېرىشىدۇ.

كۇففارلار، دىنسىزلار ۋە پاسىقلارنىڭ روھىغا كەلسەك، باشتىن – ئاخىر ئازغۇنلۇق ۋە گۇمراھلىق ئىچىدە تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇ قىيىن قىستاقتا ئېلىنىپ ئازابلىنىدۇ، ئارامسىزلىنىدۇ، ۋەھىمىسىرەيدۇ، قورقىدۇ، ئاخىرەت كۈنىگىچە مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. ئاندىن ئۇ يەنە ئۆزى چىققان تەنگە قايتىدۇ، ھېساب بېرىپ جازالىنىدۇ. دېگەنلىرىمىزنىڭ توغرىلىقىغا ۋە سۆپەتلىگەنلىرىمىزنىڭ يالغان يېرى يوق ئىكەنلىكىگە ئاللانىڭ «ئۇلار ھامىنى دوزاخ ئوتى بىلەن ئازابلىنىدۇ، قىيامەت كۈنى فىرئەۋىن قەۋمى ئەڭ ئېغىر كۈلپەتكە قالىدۇ» دېگەن سۆزىنى دەلىل كەلتۈرىمىز.

2. تىرىلىش كۈنى ۋە ئاخىرەت كۈنى ھەققىدە

«ئى قېرىنداشلار، بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاخىرەتكە قارىتا كىشىلەردە ئىككى خىل قاراش، ئىككى خىل تەۋسىيە بولىدۇ. بىر تەرەپ تەستىق قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپ ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلاردىن بىر تەرەپ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن دەرەخلەردەك، ھايۋانلاردەك بولىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ ئۇ ئىككى تەرەپلىك ئىشنى ئوبدان ئويلىمىغانلىقىدىندۇر. ئۇلار ئۆسۈملۈكنىڭ ئۈنۈپ، ئۆسۈپ، چوڭلاپ بەلگىلىك چەككە يەتكەندىن كېيىن باشقا بىر نەرسىگە ئايلانغانلىقىنى، ئاندىن سېسىغىنىنى كۆرگەن. ھايۋاننىڭ ئەھۋالىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش، كۆپىيىدۇ، چوڭىيىدۇ، بەلگىلىك چەككە بېرىپ ئۆلىدۇ، سېسىيدۇ، مۇشۇنداق قىلىپ ئۇ يەنە باشقا بىر نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلار ھايۋان بىلەن ئۆسۈملۈكنىڭ ھۆكۈمى بىز بايان

قىلغانىدەك ئىكەنلىكىنى كۆرگەچكە، مۇشۇنىڭدىن ئادەمگە ھۆكۈم چىقىرىپ، ‹بىز ياشايمىز، كېيىن ئۆلىمىز، بىزنى يوقىتىدىغىنى ۋاقىت› دەيدۇ. بۈيۈك ئاللا ‹ئۇلار بۇ ھەقتە ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ› دەيدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن نېمىنىڭ ۋاقىت ئىكەنلىكى سورالغاندا، ئۇلار نېمىنىڭ ۋاقىت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىيەلمەي قالىدۇ، ۋاقىتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. بۇرادەرلەر، بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاخىرەتنى تەستىقلىغۇچىلارمۇ ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى ئويلانمايلا ئېغىزىدىلا ئېتىراپ قىلىدۇ، ئۇلار قەلبىدە ئاخىرەتنى ئويلايدۇ، بىراق ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئەقلەن بىلمەيدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئېتىراپ قىلغىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ گېپىگە بولغان ئەقىدە ۋە تەستىق خالاس. يەنە بىر خىلدىكىلەر ئاخىرەتكە ئىشىنىش، پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىش بىلەن بىرگە، ئاخىرەت توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزىدۇ ھەم ئەقىل ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى بىلەن تونۇشىدۇ. بۈيۈك ئاللا بۇ ئىككى خىل ئادەمگىلا ھىدايەت بېرىدۇ. ئاللا ئۇلارنى ماختاپ: ‹مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئېتىقادچىلارنى ۋە بىلىم ئەھلىگۈچىلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىمەن› دەيدۇ. بىراق، ئاللا بۇ ئىككى خىل ئادەملەر ئارىسىدىن پەقەت بىر خىلىنىلا خالاپراق تۇرىدۇ. ئۇ: ئەجەبا ئەھلى ئىلىم بىلەن بىلمىسىز تەڭ بولالامدۇ؟ دەيدۇ.

3. ئاشىقلىقنىڭ ماھىيىتى

بۇ ماقالىدا، پەيلاسوپلار ۋە پەلسەپىچىلەر ئېيتقان ئاشىقلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە ئۇنىڭ تۈرى، ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ جەريانى ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى دېگەندەك مەسىلىلەرنى تىلغا ئالىمىز. بۇ خىل ئاشىقلىق دۇنيادا روھنىڭ تەبىئىتىگە يوشۇرۇنغان مەۋجۇتلۇق ئىكەن، پەقەت شەيئىلەر مەۋجۇتلا بولسا ئۇ چوقۇم مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نىشانى نېمە؟



بۇرادەرلەر، بىلىشىڭلار كېرەككى، پەلسەپىچىلەر ئىچىدە بەزىلەر ئاشىقلىقنى ئەيىبلەيدۇ ھەم پەزىلەتسىزلىك دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ؛ بەزىلەر ئاشىقلىق روھنىڭ گۈزەل پەزىلىتى دەپ ماختايدۇ ھەم ئاشىقلارنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ؛ بەزىلەر ئۇنى بىر خىل روھىي ساغلامسىزلىق دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ؛ بەزىلەر ئۇنى ئاللاغا بولغان بىر تەرەپلىمە كۆيەك ساراڭلىقى دەيدۇ؛ بەزىلەر ئۇنى روھىي پۇچەكلىك ۋە ئىرادىسى يوق چۈشكۈنلەرنىڭ ئىشى . . . ۋەھاكازا دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ[1].

پەلسەپىچىلەر ئارىسىدا بەزىلەر ئاشىقلىق مەلۇم خىل شەيئى، مەلۇم بىر ئادەم ياكى مەلۇم بىر ئىشقا بولغان ھەددىدىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈش دەيدۇ. ناۋادا ئاشىقلىق دېگەن ھەقىقەتەن شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئادەمدە ئۇنىڭ بولماسلىقى ناتايىن. چۈنكى، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ياخشى كۆرىدىغان، قىزىقىدىغان ئىشى بولماي قالمايدۇ. ئاز بولمىغان پەيلاسوپلار ۋە تېۋىپلار بۇ ھادىسىنى غەم كېسىلى دەپ ئاتايدۇ. بۇ خىل كېسەل ھەققىدە تېۋىپلار تولا تالاش - تارتىش قىلىدۇ، لېكىن ئۇنى بىردەك ساقايتالمايدۇ.

پەلسەپىچىلەر ئارىسىدىكى بەزىلەر ئاشىقلىق روھتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىگەن ھاۋايى - ھەۋەس، ئۇ تەندىكى ئۆزىگە ئوخشاش خاراكتېر ياكى ئۆز خىللىرى ئىچىدىكى ئوخشىشىپ كېتىدىغان سىرتقى شەكىلگە يۈزلەنگەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئاشىقلىق كۆچلۈك تەلپۈنۈش، تەقەززالىق جۇغلانمىسى، بۇ ھەقتە بىر شائىر[2] مۇنداق دەپ يېزىپتىكەن، دەيدۇ:

«قۇچاقلاپ تۇرسامۇ سېغىنىمەن ئۇنى،
يېقىنمىدۇ سۆيۈشتىن كېيىن ئۇ ماڭا؟

① «ماقالىلەر توپلىمى» II توم، 269 - ، 272 - بەتلەر.
② ئابباسىيلار دەۋرىدىكى مەشھۇر شائىر ئىبنى رۇمىنى كۆرسىتىدۇ.

سۆيمەن لېۋىڭگە ھېسنى يوقىتىشقا
ۋە لېكىن شەيدالىق كۆچىيدۇ ئاڭا.
كۆرمىگەچكە ئىككى ھايات يۇغۇرۇلمىسىنى
بېرەلمەيمەن كۆڭلىڭگە رازىلىق گويا.»

يۇغۇرۇلۇش مەنىۋى شەيئى ۋە پسىخىك ھالەتكە خاس، چۈنكى رېئال شەيئىلەر يۇغۇرۇلالمايدۇ، پەقەت تېگىشەلەيدۇ، ئارىلىشالايدۇ، تۇتىشالايدۇ. يۇغۇرۇلۇشقا كەلسەك، ئۇ پەقەت مەنىۋى شەيئىلەر ئىچىدە بولىدۇ.

بۇرادەرلەر، بىلىشىڭلار كېرەككى، ئاۋادا پەلسەپىچىلەر، پەيلاسوپلار كونكرېتلاشتۇرۇلغان روھ ئۈچ خىل دېسە، ئۇنداقتا ئاشىقلىقمۇ ئۈچ خىل، يەنى نەپس كويىدىكى ئۆسۈملۈك خاراكتېرىدىكى روھ، مەشۇقى يەپ - ئىچىش ۋە ئاياللاردۇر؛ ھايۋانىي روھ، مەشۇقى بويسۇندۇرۇش، غەلىبە، ئەمەلدۇر؛ ئىنسانىي روھ، مەشۇقى بىلىم ۋە پەزىلەتتۇر.

بۇرادەرلەر، بىلىشىڭلار كېرەككى، ئىلاھىي پەلسەپىۋى ھەقىقەت ۋە ئاللانىڭ غەمخورلۇقى شەيئىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئارا باغلىۋەتكەن. . . ئۇ شەكىللەندۇرگۈچى تۈپ تەركىبتە مەنبەگە يۈزلىنىش خاھىشىغا ئىگە قىلىنغان، يەنە كېلىش مەنبەسىنىڭ تۈپ تەركىبىدە خۇددى ئاتا- ئانا پەرزەنتلىرىگە مېھرىبان، چوڭلار كىچىكلەرگە كۆيۈمچان ۋە كۈچلۈكلەر ئارىسىدا ئاجىزلارنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا ھېسداشلىق بولغانغا ئوخشاش، ھاسىل بولغان ماددىغا نىسبەتەن مېھىر- مۇھەببەت، كۆيۈنۈش ۋە ھېسداشلىق بولىدۇ. ئوخشاشلا، قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ۋە پەلسەپىچىنىڭ پېرسىيە پادىشاھىغا «سەن ئۈچۈن ئاشۇ بالاڭ تېخىمۇ سۆيۈملۈك» دېگەن گېپى ئەنە شۇ مەنىدىكى جاۋابتۇر. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى چوڭ بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىمارى ساقىيىدۇ؛ ئۇلارنىڭ



ئارىسىدا يوقى كېلىدۇ» دەيدۇ.

ۋەھالەنكى، بىلىشىڭلار كېرەككى، روھنىڭ تۈپ تەركىبىدە مەۋجۇت ئاشىقلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى پەقەت قاتتىق ئۇيقۇ ۋە نادانلىقنىڭ ئۇزاق ئۇيقۇسىدىن روھنى ئويغىتىش، ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، جانلاندۇرۇش ھەم ئۇنى سەزگۈلۈ بولىدىغان، جىسمىي (نەق تەللىك) شەيئىلەر ئارىسىدىن چۈشەنگىلى بولىدىغان مەنىۋى شەيئى قاتارىغا كۆتۈرۈشتۇر. بىلىشىڭلار كېرەككى، پەلسەپىچىلەرنىڭ روھى ئەمەل، بىلىم ۋە پەزىلەت جەھەتتە كۈچىنىڭ بارىچە سەييارىدىكى مەرتىۋىنى دورايدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بۇ مەرتىۋەتمۇ ئاللانى تەقلىد قىلىپ پلانېتلار ۋە يارالمىشلارنى ئايلىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ياراتقۇچىغا بولغان ئىنتائەت، چوقۇنۇش ۋە سېغىنىشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا پەلسەپىچىلەر مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا بىرىنچى سۆيۈلگۈچى، پلانېتلار پەقەت ھېلىقى ئەھۋالى كۆڭۈلدىكىدەك، مەقسىتى بەك مۇكەممەل ۋە ئاقىۋىتى ئەڭ گۈزەل (ئەبەدىي مەۋجۇتلۇق) قا كۆيگەنلىكى، سېغىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئايلىنىدۇ. شەيئىلەر ئۇنى (ئاللانى) سېغىنىدۇ، ۋۇجۇدى ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ، پۈتۈن ئىشتا ئۇنىڭغا تايىنىدۇ. چۈنكى، شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى، كۆتۈرۈلۈشى، دائىملىقى، مەڭگۈلۈكلۈكى ۋە مۇكەممەللىكى ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇ رېئال مەۋجۇتلۇق، ئۇ دائىملىق، مەڭگۈلۈك، قادىر ۋە باشتىن - ئاخىر مۇكەممەل.»

# سەككىزىنچى باب ئىبن سىنا

## 1. ئىبن سىنا ۋە سىنا تەلىماتى

پەلسەپە تارىخچىلىرى بىردەك ئىلىم ساھەسىدە ئىبن سىنانىڭ نامىنى ئەڭ شانلىق ھېسابلايدۇ. ئىبن سىنانىڭ پەلسەپە، فىزىكا ۋە تېبابەت ساھەسىدىكى نەتىجىسى ئەڭ چېلىقىشلىق بولۇپ، ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ بىرى، ئۇ ئىدىيە ۋە ئىلىمنىڭ گىگانت چاقىنى تېز ئايلاندۇرغان ئۇلۇغ ئىنسان، ئۇنىڭ نامى پۈتۈن دۇنياغا تارالغان بولۇپ، شەرق ۋە غەربلەرگە تەسىرى يەتكەن. پەلسەپە ۋە تېبابەت ساھەسىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى لاتىن تىلى ۋە باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. تاكى يېقىنقى زامانلارغىچە ئۇنىڭ تېبابەت نەزەرىيىسى ۋە پەلسەپىۋى پىكرى ياۋروپا ئىلىم ـ پېنى ۋە پەلسەپە ساھەسىدە ناھايىتى يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭ «تېبابەت قانۇنى» ناملىق گىگانت ئەسىرى XIX ئەسىرگىچە يەنىلا ياۋروپادىكى ھەرقايسى چوڭ تېببىي ئىنستىتۇتلاردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى بولۇپ كەلدى.

ئىبن سىنانىڭ پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئەينى ۋە كېيىنكى چاغلاردا بارلىق مۇتەپەككۇرلارغا، پەيلاسوپلارغا تۈرتكە بولۇپ كەلدى، بۇ ئەھۋالنى توماس ئاكۋىناغىچە تۇتاشتۇرۇش مۇمكىن. بەزى تەتقىقاتچىلار ئاكۋىنا پەلسەپىسى پەقەت ئىبن سىنا ئىدىيە مىراسىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. ئىبن سىنا تەلىماتلىرى باشقا مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارغا قارىغاندا بەك كۆپ



تەتقىق قىلىنغان. بۇ تەتقىقاتلار ئۇنىڭ ئەسىرىنى، قاراشلىرىنى، تەلىماتلىرىنى ۋە كېيىنكى پەيلاسوپلارغا بولغان تەسىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلغان.

ئىبن سىناغا باشقا ئىلىم گىگانتلىرىدىن ناھايىتى ئاز تېپىلىدىغان ياكى ئاشۇ ئاز تېپىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئوخشاپ كېتىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر مۇجەسسەملەنگەن. ئۇ ئۆزگىچە بىر پەيلاسوپ، روشەن نەزەرىيىسى بار پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ئاتامىنى، يەنە تېبابەتتە بىر مۇنچە ئىلىم ساھەسىنى ئاچقان تالانتلىق تېۋىپ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئارىستوتېلنىڭ لوگىكا قارىشىغا كۆرسەتمە ۋە تۈزىتىش بەرگەن چوڭ لوگىكچى. ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ساھەسىدىمۇ ئۇنىڭ بىر ئۇلۇش ھەسسىسى بار، ئۇ يەنە نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان. بۇنىدىن باشقا ئىبن سىنا يەنە سىياسىيئون. شەمسۇل دەۋلە دەۋرىدە ئۇ ئىككى قېتىم باش ۋەزىر بولغان ۋە ئىككى قېتىم تۈرمىگە كىرگەن.

ناۋادا بىز ئىبن سىنا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئەگرى ـ توقاي ۋە غەم ـ غۇسسىلىق ھاياتىنى ئوبدانراق ئويلاپ باقساق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە، چېتىلىشقان دائىرىسىنىڭ كەڭلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇماي قالمايمىز. ئۇ ئىنسانلار ئۈچۈن 276 پارچە كىتاب ۋە ماقالە يېزىپ قالدۇردى[1]. شۇڭا مونسارتىن «ئىبن سىنادىن كېيىنكى ئالىملارنى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تىلغا ئېلىشقا بولمايدۇ» دېگەندەك گەپ بىلەن ئىبن سىنانى سۈپەتلىگەندە، بىز بۇنىڭدىن ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ. تەلەيگە يارىشا ئىبن سىنا باشقا داڭلىق مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تەرجىمىھال قالدۇرغان. چۈنكى بۇ تەرجىمىھالنى پەيلاسوپنىڭ ئۆزى

① «پەلسەپىۋى ئەقىدە» نىڭ ئىككى نەپەر ئاپتورى ئىبن سىنا ئەسەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاز ھېسابلانغاندىكى سانىنى كۆرسەتتى، بۇ ساننى يوپ ئاۋاد ساناپ چىققان، بۇ ماتېرىيالنى ئەھمەد ئەمىن ۋە ئىبراھىم مەددىكىر تەمىنلىدى.

ئوقۇغۇچىسى جۈزەينىگە ئاغزاكى بايان قىلىپ يازدۇرغان. شەرقتە ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ تەرجىمىھال يېزىشى بىر يېڭىلىق. ھالبۇكى، تەرجىمىھالدا ئىبن سىنا شەخسىي تۇرمۇشى توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىگەن، پەقەت ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزىنىڭ بىلىم ئېلىش تۇرمۇشى، كلاسسىك ئەسەرلەر، ئۆزى بىلەن پادىشاھ- ئەمىرلەرنىڭ قىلغان سۆھبىتى، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ ھايات مەزگىلىدە بۇ تەرجىمىھالنى پۈتتۈرەلمىگەن، ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى جۈزەيلى ئۇنى داۋاملىق يېزىپ، «ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بۈزرۈكنىڭ ھاياتىدىكى مەشھۇر سۆزلەر»① نامىدا بىر كىتاب قىلغان. بارلىق تارىخچىلار مۇشۇ تەرجىمىھال ئاساسىدا ئىبن سىنا ھەققىدە ئەسەر يېزىپ كەلدى.

ھىجرىيە 370- يىلى 2- ئايدا يەنى مىلادىيە 980- يىلى 8- ئايدا ئەبۇ ئەلى ھۇسەيىن ئىبن ئابدۇللا ئىبن سىنا بۇخارا ئەتراپىدىكى بىر كىچىك كەنتتە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى سامانىيلار خاندانلىقىدا ئەمەلدار ئىدى②. ئىبن سىنا ئېچى بالا چاغلىرىدىلا زېرەكلىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى. 17 يېشىغا

① مەزكۇر ماقالە جۈزجانىنىڭ «تېبابەت پېشۋالىرىنىڭ ئىشلىرى تەزكىرىسى» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

② ئىبن سىنا بىزگە مۇنداق ئېيتىدۇ: ئاتام بەلخلىق. ئۇ نوھ بىننى مەنسۇر مەزگىلىدە بەلختىن بۇخاراغا كۆچۈپ كېلىپ، يەرلىك مەمۇرىيەتتە ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە بۇخارا شەھەر ئەتراپىدىكى خەير مەنىس دېيىلىدىغان كەنتتە ياشىغان، بۇ بۇخارا شەھىرى ئەتراپىدىكى ئەڭ مۇھىم كەنتلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ يېقىنىدىلا ئافىنشانە دېيىلىدىغان بىر كەنت بار. مۇشۇ كەنتتە ئاتام ئاپامنى نىكاھىغا ئېلىپ تۇرۇپ قاپتۇ، مەنمۇ شۇ يەردە تۇغۇلۇپتىمەن. كېيىن بىز ئائىلە بويىچە بۇخاراغا كۆچتۇق. ئاتام ماڭا «قۇرئان كەرىم» ۋە ئەدەبىيات ئۇستازلىرى تەكلىپ قىلىپ بەردى. 10 يېشىمدا «قۇرئان كەرىم» ۋە نۇرغۇن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يادلاپ تۈگەتتىم. كىشىلەر مېنىڭ زېھنىمگە ھەيران قېلىشتى. ئاتام مىسىرلىقلارغا مايىل بولۇپ، ئىسمائىلىيە مۇرىتى ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئېيتىشلىرى ۋە بىلىشلىرى ئارىسىدا روھ ۋە ئەقىل توغرىسىدا دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلىغانىدى، ئاكاممۇ ئاڭلىغانىدى. بىر كۈنى ئۇلار يەنە مۇنازىرە قىلىشتى، مەن بىر چەتتە ئاڭلاپ تۇردۇم. گەپلىرىنىڭ مەنىسىنى ئۇقتۇم. ئەمما قەلبىم ئۇنى قوبۇل كۆرمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار مېنى مۇنازىرىگە تەكلىپ قىلدى. كېيىن ئەبۇ ئابدۇللا نايىل بۇخاراغا كەلدى، ئۇ ئۆزىنى پەلسەپىگە پىششىق دەيتتى. ئاتام ئۇنى ئۆيىمىزدە تۇرغۇزدى، مېنىڭ ئۇنىڭدىن تەلىم ئېلىشىمنى ئۈمىد قىلدى، ئۇ كېلىشتىن بۇرۇن مەن فىقھ ئۆگىنىۋاتاتتىم، شۇڭا دائىم تەرىقەتچى ئىسمائىللار يېنىغا بېرىپ بىلىم ئالاتتىم. مەن خۇلقى مىجەزدە ئەڭ ئالدىدىكىلەردىن ئىدىم. ئادەتلەنگەن ئۇسۇلدا دېگەندە، جاۋاب بەرگۈچىگە تەلىپىنى دېيىشنىڭ ئۇسۇللىرىغا پىشقان ۋە مۇنازىرىلىك مەسىلىلەرنى بىلگەنىدىم.



بارمايلا تېبابەتلىق نامى تەرەپ- تەرەپكە تارالدى①. شۇ چاغدا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ② سۇلتانى نوھ بىننى مەنسۇر ئۇنى چاقىرتىپ كەتتى. بۇ سۇلتان شۇ چاغدا داۋالاش تەس بولغان ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئىبن سىنا ئۇنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇردى③. 18 يېشىدا ئەينى چاغدىكى ھەرقايسى ئىلىملەرنى پىششىق ئوقۇدى. ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭدا كەم قالغىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئىدى. ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ خوراساننىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ساياھەتتە بولدى. باشتا جۇرجاندا تۇردى. ئۇ يەردە ئۇ ئەمىر ئەبۇ مۇھەممەد شىرازى بىلەن تونۇشتى، بۇ ئۇنىڭغا مەكتەپ ئېچىش پۇرسىتى ئېلىپ كەلدى ۋە مەزكۇر مەكتەپتە مۇدەررىسلىك قىلدى. كېيىن ئۆزىنىڭ «تېبابەت قانۇنى» نى يېزىشقا كىرىشتى.

① كېيىن تېبابەتنى ياقتۇرۇپ قالدىم، مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەرنى ئوقۇدۇم، تېبابەت ھەرگىز قىيىن ئەمەس ئىدى، شۇڭا قىسقىلا ۋاقىتتا كىرىشىپ كەتتىم. شۇنىڭ بىلەن تېبابەت ساھەسىدىكى نامدارلار ماڭا تېبابەتتىن تەلىم بېرىشكە باشلىدى، مەن نۇرغۇن كېسەللەرنى كۆردۈم، كېسەل كۆرۈپ نۇرغۇن تەدبىرلەرنى ئىگىلىدىم، شۇنداقتىمۇ مەن يەنە دائىم فىقھە ئۆگەندىم ھەم مەجلىسلەردە بولدۇم، ئۇ چاغدا 16 ياش ئىدىم. كېيىن پۈتۈن ئىسى يادىم بىلەن يېرىم يىلدىن ئارتۇقراق ئۆگەندىم. بۇ جەرياندا ئىلمىي مەنتىقە ۋە پۈتكۈل پەلسەپىنى قايتا ئوقۇدۇم. بۇ مەزگىللەردە بىر كېچىمۇ ئۇخلىيالمىدىم، بىر كۈندۈزمۇ ئارام ئالمىدىم، ھەر قېتىم بىرەر مەسىلىگە ئاقاشقاندا مەسچىتكە بېرىپ ئاللادىن تىلىدىم. بۇ مۇشكۈللەر كاللامدا ئايدىڭلاشقۇچە شۇنداق قىلدىم، كېچىلەردە ئۆيۈمگە قايتتىم، چىن چىراغ يورۇقىدا ئوقۇدۇم ۋە يازدىم. ھارغىنلىق يەتكەندە ئىچىملىك بىلەن ئۇيقۇنى باستىم، زېھنىم ئەسلىگە كەلگەندە يەنە ئوقۇدۇم. قانداقلا ئۇخلاپ كەتمەي ئاشۇ مەسىلىلەرنى چۈشىدىم. شۇنداقلا نۇرغۇن مەسىلىلەر چۈشۈمدە ئايان بولدى.

② سامانىيلارنىڭ نەسەبى بەلخ ئاقسۆڭەكى سامانىيغا تۇتىشىدۇ. بۇ خاندانلىقنى قۇرغۇچى ناسىر ئىبن ئەھمەد. ئاساسچىسى ناسىرنىڭ ئىنىسى ئىسمائىل. ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى مىلادىيە 874- يىلىدىن 999- يىلىغىچە بولدى. سامانىيلار داغىستان، كىرمان، جۇرجان ۋە سىر دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى خوراسانلارنى بويسۇندۇردى. گەرچە ئۇلار باغداد خەلىپىسىگە سادىقلىقىنى بىلدۈرسىمۇ ئەمما يەنىلا ئۆز ئالدىغا دۆلەت ئىدى.

③ ئىبن سىنا ئېيتىدۇكى: دەل شۇ چاغدا بۇخارا سۇلتانى نوھ بىننى مەنسۇر كېسەل بولۇپ قالىدۇ، تېۋىپلار بۇنىڭغا ئامالسىز قالىدۇ. ئىلىم ئېلىش ۋە ئوقۇشتا يەكدىل بولغانلىقىم ئۈچۈن نام- ئاتىقىم ئۇلارغا مەلۇم ئىكەن. ئۇلار سۇلتان ئالدىدا مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئاپتۇ، سۇلتان مېنى ئوردىغا چاقىرتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىلەن بىللە سۇلتاننىڭ كېسىلىنى داۋالىدىم، ناھايىتى سەگەكلىك بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلدىم. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن خانلىق كۇتۇپخانىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدىم، ئۇ ئىجازەت قىلدى. مەن بىر نەچچە ئېغىز ئۆيى بار كىتاب ئامبىرىغا كىردىم. ھەر بىر ئۆيدە بىر مۇنچە كىتاب ساندۇقلىرى بولۇپ، ساندۇقلار بىر- بىرى ئۈستىگە تىزىلغانىدى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئۆيدە ئەرەب تىلى ۋە شېئىر كىتابلىرى، يەنە بىر ئۆيدە ئىسلام فىقھە كىتابلىرى بار ئىدى. بۇندىن باشقا ھەر بىر ئۆيدە مەخسۇس بىر پەنگە دائىر كىتابلار بار ئىدى. مەن كلاسسىك ئەسەرلەر مۇندەرىجىسىنى كۆردۈم. ئىچىدە بىر مۇنچە كىتابلار نامىنىڭ جەلپ قىلارلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغىنىمنى بايقىدىم ۋە كېيىنمۇ كۆرمىدىم. مەن ئۇ كىتابلارنى ئوقۇدۇم، پايدىسى كۆپ بولدى، ھەممە ئادەم ئىلمىنىڭ دەرىجىسىنى كۆرۈپ يەتتىم. 18 يېشىمدا بۇ ئىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىپ بولدۇم. بۇ چاغدا مەن ھەممە ئىلىمدە پىشقانىدىم. بۈگۈنكىچە ئۇلارغا تېخىمۇ پىشىلدىم. مانا ھازىر ئەشۇ بىلىملەر يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا بىرەر نېمە قوشۇلۇپمۇ قالمىدى.

سۇلتاننىڭ خانىشى سەبدى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مەجىد دەۋلەنىڭ كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن ئىبن سىنا جۇرجاندىن ئايرىلىپ رەيگە ماڭدى.

بىراق، ئۇ رەيدە ئۇزاق تۇرمىدى، بۇ يەردىن ئايرىلىپ ھەمەدانغا كەتتى. ئۇ يەردە ئۇ ھەمەدان پادىشاھى شەمسۇل دەۋلەنى قىيناۋاتقان غەيرىي كېسەلنى داۋالىدى. كېيىن شەمسۇل دەۋلە ئۇنى خاس ھاجىبلىققا تەيىنلىدى. بىراق بۇ پەيلاسوپ پادىشاھ ۋە ئەمىرلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشقاندا قىيىنچىلىققا يولۇقتى، شۇنىڭ بىلەن پېشىنى قېقىپ خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى. لېكىن زىندانغا تاشلاندى، مال - مۈلكىنى لەشكەرلەر تالان - تاراج قىلىپ تۈگەتتى. بۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كېسىلى قايتا قوزغالدى. ئۇ يەنە ئىبن سىنانى زىنداندىن بوشاتتى. ئۇنىڭغا يەتكەن زەرەر ئۈچۈن پادىشاھ ئۆزرە سورىدى، شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ بۇ پەيلاسوپىمىز پادىشاھنىڭ كېسىلىنى يەنە بىر قېتىم داۋالىدى ھەم ئەمەلىنى يەنە قولىغا ئالدى. بۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى جۇزەينى ئۇنىڭدىن ئارىستوتېل پەلسەپىسى توغرۇلۇق مۇكەممەل ئەسەر يېزىشنى ئۆتۈندى، شۇنداق قىلىپ ئۇ «ئەششىفا» ناملىق بىر ئەسەر يازدى. كۈندۈزلىرى ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن يۈردى، كەچلىرى ئەسەر يېزىپ تەلىماتلىرىنى تىكلەش بىلەن بولدى. بۇ چاغدا جۇزەينى «ئەششىفا» دىكى فىزىكا بىلىملىرىنى سېلىشتۇرۇش، بېكىتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولدى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئوقۇغۇچىسى «تېبابەت قانۇنى» نى تەھرىرلىدى ھەم ئۇنى تولۇقلىدى ۋە رەسمىيلەشتۈردى.

شەمسۇل دەۋلە ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئىبن سىنا ئىسفاھان ئەمىرى ئەلائۇد دەۋلەگە خىزمەت قىلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ، ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا قايتا زىندانغا چۈشۈپ، تۆت ئاي ياتىدۇ. تەقىپلەنگەن



شۇ مەزگىللەردە ئۇ تەسەۋۋۇپ تەلىماتىدىكى تۈنجى ماقالە «ھەييە بىننى يەقزان» (ئويغاق ئوغلى تىرىك) نى يېزىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە باشقا بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازدى، بۇنىڭ ئىچىدە «ئەششىفا» ناملىق ئەسەرنىڭ لوگىكا ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك قىسمى بار.

ئىبن سىنا پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسفاھانغا قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئەمىر ئەلائۇد دەۋلەنىڭ قارشى ئېلىنىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ ۋە 13 يىلدىن ئارتۇقراق ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلىدۇ.

ھىجرىيە 421 - يىلى يەنى مىلادىيە 1030 - يىلى مەسئۇد غەزنەۋى ئىسفاھاننى ئىگىلەپ، ئىبن سىنانىڭ تۇرالغۇسىنى ئاختۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ «ئادىللىق دەستۇرى» نامىدىكى زور ھەجىملىك ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى يوقاپ كېتىدۇ . بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئەسەر 20 توم بولۇپ، جەمئىي 2800 پەلسەپە تېرمىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە «شەرق پەلسەپىسى» دەپ ئاتالغان ئۆزىنىڭ پەلسەپىسى بار ئىدى. بۇ ئېنسىكلوپېدىك ئەسەرنىڭ پەقەت بەزى قىسىم - پارچىلىرىلا ساقلىنىپ قالغان. بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغىنى ئەمەس، بەلكى ئىبن سىنا قايتا يازغان پارچە ئىدى. ئىبن سىنا ئارىستوتېلنىڭ ئىلاھىيەت ھەققىدىكى شەرھلىرىدىن خاتالىقلارنى چىقىرىپ تاشلىغان. يەنە ئۇنىڭ «مېتافىزىكا» ناملىق ئەسىرىگە ئىزاھ بەرگەن ھەم ئۇنىڭ «روھ ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىگە باھا ۋە قىستۇرما ئىشلىگەن. ئىبن سىنا ئەلا ئۇد دەۋلەگە ھەمراھ بولۇپ ھەمەدانغا يۈرۈش قىلغاندا ئەجەللىك كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ھىجرىيە 428 - يىلى يەنى مىلادىيە 1037 - يىلى ھەمەدانغا يېقىن بىر يەردە ئالەمدىن ئۆتتى، كېيىن ئۇ ھەمەدان شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگە دەپنە قىلىندى.

جۇزەينى: ئىبن سىنا ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەندىن

كېيىن، ئۆز كېسىلىنى داۋالاشنى ۋاز كەچتى. ئۇ: «تېنىمنى سەرەمجانلاشتۇرىدىغانلار يەنە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، ئەمدى داۋا كار قىلمايدۇ» دېدى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

## 2. ئىبن سىنانىڭ پسىخولوگىيىسى (قەلبلوگىيىسى)

ئىبن سىنا پسىخولوگىيە (قەلبلوگىيە)گە بەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ قەدىمدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پسىخولوگىيە مەسىلىلىرى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئالدى.

روشەنكى، ئىبن سىنا ئارىستوتىلنىڭ پەلسەپە ئىلمىنى تۆرگە ئايرىشنىڭ كلاسسىك ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلغان، يەنى ئۇ پەلسەپە پېنى نەزەرىيە پېنى ۋە ئەمەلىيەت پېنى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە مېتافىزىكا نەزەرىيە پەنلىرىگە مەنسۇپ، سىياسىي، ئېتىكا ئەمەلىيەت پەنلىرىگە مەنسۇپ. پسىخولوگىيىگە كەلسەك، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ نەزەرىيە پەنلىرى ھەپىلىشىدىغان تۇتقۇلارغا باغلانغان دەپ قارايدۇ.

1. روھ مەۋجۇتلۇقىنىڭ دەلىلى

بەزى ھادىسىلەر كۆرسىتىدۇكى، پەقەت روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا بىز ئۇنى شەرھلىيەلەيمىز.[①] بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن مۇھىمى ھەرىكەت ۋە ئەقلىيلىق. ھەرىكەت يەنە ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىر خىلى مەجبۇرىي خاراكتېردىكى يەنى سىرتقى كۈچ جىسمغا تۈرتكە بولغانلىق بىلەن پەيدا بولغان ھەرىكەت. يەنە بىر خىلى، بىز بۇ يەردە مۇزاكىرە قىلماقچى بولغان غەيرى مەجبۇرىي خاراكتېردىكى ھەرىكەت. بۇ خىل ھەرىكەت يەنە بىر قانچە تۈرگە ئايرىلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە

① ئىبن سىنا: «روھ قۇۋۋىتى ھەققىدە» 20-، 21- بەتلەر.



ئەسلىگە چىپ ھەرىكەت بار، مەسىلەن، تاشنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە چۈشۈش ھەرىكىتى؛ يەنە ئەسلىگە يات ھەرىكەت بار، مەسىلەن، ئادەم تەن ئېغىرلىقى سەۋەبلىك ئەسلىدىن تىنچ تۇرىدۇ، ئەمما يەردە ماڭىدۇ. يەنە ئالايلۇق، قۇش ئاسماندا ئۇچىدۇ، يەرگە چۈشۈپ كەتمەيدۇ. بۇ خىل ئەسلىگە يات ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولۇشىدا چوقۇم ھەرىكەتتىكى جىسىم ئامىلىدىن ھالقىپ چۈشىدىغان ئۆزگىچە بىر ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بار، ئۇ بولسىمۇ روھتۇر.

ئەمما ئەقىل بولسا مەلۇم ھايۋانلارنى باشقا بىر قىسىم ھايۋانلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان ئالاھىدىلىك. دېمەك، ئەقلىي ھايۋاندا ئەقىلسىز ھايۋانلاردىن ئارتىپ چۈشىدىغان بىر خىل كۈچ بار.

كىشىلەر قايسىدۇر ئادەم توغرۇلۇق سۆزلەشكەندە كۆرسىتىدىغىنى پەقەت روھ، ھەرگىز تەن ئەمەس. ناۋادا سىز «مەن چىقىپ كېتەي» ياكى «مەن ئۇخلىدىم» دېسىڭىز، ھەرگىز ئىككى پۇتىڭىزنىڭ ھەرىكىتى ياكى ئىككى كۆزىڭىزنىڭ يۇمۇلغىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلمەيدۇ، بەلكى سىزنىڭ ئەسلىڭىز ۋە سىزنىڭ مۇكەممەل خاراكتېرىڭىز كېلىدۇ. «بىر ئادەم ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا بىر ئىشقا بەنت بولغاندا، ئۇ چوقۇم ئۆزىچىلا مەن ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىشنى قىلدىم دەيدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇ ئۆز تېنىنىڭ ھېچ پىرىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ھەرىكەتنىڭ ئىدراك قىلىنىشى نەزەرسىز قالدۇرۇلۇشقا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا ئادەمنىڭ ماھىيىتى (سۇبستانسىيىسى) تەندىن پەرقلىنىدۇ[①].

بۇ نەزەرىيە «روھ نەزەرىيىسى مەسىلىكى» دىكى پسىخولوگلار دائىم جاكارلاپ تۇرىدىغان ئاشۇ مەشھۇر دەلىلگە بەك ئوخشىشىدۇ.

① ئىبن سىنا: «ئىنسان روھىنى تونۇش ۋە ئەھۋاللار».

بۇ دەلىل مۇنداق خۇلاسىلىنىدۇ: ئادەمنىڭ تۈرلۈك روھىي ھالىتى، مەسىلەن، سۆيۈش ۋە ئۆچ كۆرۈش، خۇشاللىنىش ۋە ئازابلىنىش، ئاكتىپلىق ۋە پاسسىپلىقنىڭ ھەممىسى بىر مەنبەدىن ئايرىلالمايدۇ، بىر ئاساسقا تايىنىدۇ. تۈرلۈك ئوخشىمىغان روھىي ھالەتلەر بىر خىل ھايات ۋە بىر خىل ئۇلۇغ كۈچتىن بالقىيدۇ. بۇ كۈچ ئوخشىماسلىقنى ياراشتۇرىدۇ، ئوخشاشلىقنى باغلايدۇ. ناۋادا بۇ كۈچ مەۋجۇت بولمىسا، ئۇنداقتا ئادەمنىڭ تۈرلۈك روھىي ھالەتلىرى قالايمىقانلىشىدۇ، نورمالسىزلىق كۆرۈلىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى قىسىدۇ①.

بىزنىڭ بۈگۈنىمىز ئۆتمۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىزنىڭ بۈگۈنكى مەنىۋى تۇرمۇشىمىز تۈنۈگۈنكى ۋە بۇرناكۈنكى تۇرمۇش بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئىنساننىڭ ئۇيقۇسى ھەرگىز بۇ خىل تۇرمۇشنىڭ بوشلۇقىنى ياكى ئۈزلۈكسىز ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى پەيدا قىلمىدى. بۇ خىل ئۈزلۈكسىزلىك شۇنىڭ ئۈچۈن ساقلاندىكى، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئىنساننىڭ روھىي ھالىتى بىر مەنبەدىن توختاۋسىز ئېقىپ چىقىۋەردى، بىر نۇقتىنى چۆرىدەپ ئايلىنىۋەردى.

«ئەي ئاقىل، ئويدان ئويلاپ بېقىڭ، بۈگۈنكى قەلبىڭىزدىكى سىز سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىزدا مەۋجۇت تۇرىدۇ ھەم سىز ئەسلىيەلىگەن يۈز بەرگەن نۇرغۇن ئەھۋاللارغىچە ھەممىسى پۈتكۈل ھاياتىڭىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بۇ شۇنى شەك - شۈبھىسىز ئىسپاتلايدۇكى، سىز ئۆزگەرمەيسىز، ئەمما تېنىڭىزنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى ئۆزگەرمەس ئەمەستۇر، بەلكى ئۈزلۈكسىز قېرىش ۋە قورۇلۇش ئىچىدىدۇر. شۇڭا ناۋادا بىر ئادەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تاماق يېمىسە، بەدەن ئېغىرلىقى ئون

① دوكتور ئىبراھىم مەددىكىر: «ئىسلام پەلسەپە تېزىسلىرى ۋە ئۇنىڭ تەدبىقى» 140 - بەت.



ئۈلۈشكە يېقىن چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. مەسىلەن، سىز 20 يىل ئىچىدە بەدىنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ قايتا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسىڭىز، ئۇنداقتا بۇ جەرياندا، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە ئەسلى ئۆزىڭىزنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى ئەسلىڭىز بىلەن تاشقى قىسمىڭىز پەرقلىق كېلىدۇ.»①

ئىنسان ئەقلىي تۇرمۇشىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋىليام جامىس ۋە بېرگسون دەلىللىگەن بىر ئىدىيە. ئۇلار بۇنى پسىخىك تەسەۋۋۇرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا «مەن» ياكى خاراكتېر مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلى ھېسابلايدۇ. بۇ ئىككىيلەننىڭ نەزەرىدە ئىنساننىڭ تەپەككۇرى ئۆلۈك ئەمەس، ئۇنى يا ئاجراتقىلى بولمايدۇ، يا ئۈزۈپ قويغىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ. بېرگسوننىڭ نەزەرىدە مەنىۋى تۇرمۇش تۈرلۈك ئاۋازلاردىن قۇراشتۇرۇلغان مۇزىكىغا بەك ئوخشىشىدۇ. بۇ ئاۋازلار ئۆزئارا قاتلىنىپ كىرىشىپ تولىمۇ ماسلاشقان يېقىملىق مۇزىكىغا ئايلىنىدۇ. جامىس «رېئاللىقتىكى سېزىمدە بىز روھىي ھالەتنىڭ پەقەت ھازىر بىلەنلا چەكلىنىپ، ئاشۇ ھالغا يېقىن ئۆتمۈشنىڭ شانلىق نۇرىنى چاچمايدىغانلىرىنى ئاسان ئۇچراتمايمىز» دەيدۇ.

## 2. روھنىڭ ماھىيىتى

روھ مۇستەقىل مەۋجۇتلۇققا ئىگە بىر خىل ماھىيەت، ئۇ تەن بىلەن پەقەت ئوخشىمايدۇ②. روھ ئەقلىي شەيئىلەردىكى ئومۇمىي ئۇقۇملارنى بىلەلەيدۇ، بۇنداق ماھىيەت تەن بولۇشىمۇ، تەنگە تايىنىپ مەۋجۇت بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى روھ ئومۇمىيلىقنى سان، ماكان ۋە ھالەتتىن ئاجرىتىدۇ، ئۇنى ئايرىم

① ئىبن سىنا: «ئىنسان روھىنى تونۇش ۋە ئەھۋاللار» 9 - بەت.
② بۇ ئەپلاتون ۋە ئىسكەندەر مەدرىسى ئېقىمىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ قارىشى.

شەيئىلەردىن ئابستراكتلايدۇ، شۇڭا ئۇنى يېڭى بوشلۇققا قايتا قويۇشىمىز مۇمكىن ئەمەس. ئومۇمىيلىق ۋە ئەقلىيلىق ماددىنىڭ جۇپچانلىقىدىن ئايرىلغان بولمىسلا ئۆزىگە ئايلىنالمايدۇ[1].

ناۋادا بىز روھنىڭ ماددىيلىقىنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇنداقتا ئەقىلگە مەۋجۇتلۇق بوشلۇقى تېپىپ بېرىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى يوق. چۈنكى ئەقىل بىر بوشلۇقنى ئىگىلىۋالسا، ئۇنداقتا بۇ بوشلۇقنى بىر بولسا ئاجرىتىشقا بولىدۇ، بىر بولسا ئاجرىتىشقا بولمايدۇ. بۇ بوشلۇق قۇرۇلما سىزىقلىرىنىڭ گېئومېتىرىيىلىك نۇقتىسى، ئۇ ھەرگىز يېگانە مەۋجۇت بولالمايدۇ، شۇڭا، ئۇ مەلۇم شەيئىنىڭ بوشلۇقى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، ئەقىل پەقەت بۆلۈنمەس بوشلۇقتىكى بىر خىل ھالەت. بۇ خىل پەرەزدە يەنە يەڭگىلى بولمايدىغان زور قىيىنچىلىق ۋە چەتكە قېقىلمايدىغان بىر قىسىم زىددىيەتلەر بار. بۇنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، ئومۇمىيلىق ئەقلىي تەپەككۇرنى ئەمەس، دەسسەپ تۇرىدىغان بوشلۇقنى ئۆل قىلىپ ئاندىن ئاجراتقىلى بولۇش بىلەن بىر خىل گېئومېتىرىك شەكىل ياكى رەقەمگە ئايلىنالايدۇ. ناۋادا بىز ئۇنى ئاجراتقىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلىساق، ئۇنداقتا ئۇ ئوخشاش ياكى ئوخشىمايدىغان نۇرغۇن قاتلاڭ بۆلەكلەردىن تەشكىللەنگەنمۇ؟ ناۋادا بىز بىرىنچى خىل پىكىردە بولساق، ئۇنداقتا بۇ بىزنىڭ روشەن بىر بىمەنە خۇلاسىگە كېلىشىمىزنى يەنى ئوخشاشمىغان ئالاھىدىلىكتىكى ئومۇمىيلىق تەكرار ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بىر بۆلەكتىن تەشكىللىنىدۇ دېيىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناۋادا ئىككىنچى خىل پىكىردە بولساق، ئۇنداقتا ئومۇمىيلىق خۇددى ئىچىدىكى ماددىلارغا ئوخشاش چەكسىز كەسلەملىنىدۇ. بىزگە ئايانكى،



گەرچە ئومۇمىيلىقنى تۈرلۈك خىللارغا ئايرىغىلى بولسىمۇ، ئۇنداقتا ئۇنىڭمۇ چوقۇم چېكى بولۇشى كېرەك، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ئاخىرىغىچە بۆلۈشكە بولىدۇ، ئەمما ئىگىلەيدىغان بوشلۇقىغا باققاندا، نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى يەنە چەكسىز بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراش روشەن زىددىيەتلىك. ساپ ئەقىل بۆلۈنمەس بولغانىكەن، ئۇنداقتا بىز ئۇنىڭ قانداق قىلىپ بۆلگىلى بولىدىغان ماكاننى ئىگىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىمىز؟ ناۋادا بۇلارنىڭ ھەممىسى سەپسەتە بولسا، ئۇنداقتا ئەقىل ئىچىدىكى ماھىيەت مەنىۋى نەرسە بولۇپ، ئۇنى ماددىنىڭ خاسلىقى بىلەن سۈرەتلىگىلى بولمايدۇ. ئەنە ئاشۇ بىز دەۋاتقان روھتۇر.

تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئەقىل ماكانسىز دەيدىغان نەزەرىيە ھەرگىز يېڭى ئىجادىيەت ئەمەس. بۇ جەھەتتە گرېكلەر بولۇپمۇ ئارىستوتېل ئىبىن سىنادىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەچكە، ئارىستوتېل ئاددى، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئومۇمىيلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايان قىلغان. ئاندىن فارابى روھنىڭ ئابستراكتلىقىنى دەلىللىگەن. ئۇ ئەقىل ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا ماكان بىلەن ئۇدۇللانمايدۇ، ناۋادا روھ ئەقىلنى ھېس قىلالىغان ھەم ئۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالالىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ماددا بىلەن ئۆزئارا ئاجرىلىدىغان ماھىيەتتۇر[1] دەپ كۆرسىتىدۇ.

بىراق، ئىبىن سىنانىڭ يېڭى تۆھپىسى، ئۇنىڭ باغلىنىشچان كەلتۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇلى ئۇستىدىكى زىل دىئالېكتىكىنى تىكلەپ چىقىشتا قەتئىي تۇرغانلىقى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئىچىدىكى كېرەكلىك نەرسىلەرنى تېزلا قوبۇل قىلغانلىقىدا.[2]

① فارابى: «ساقىسىز ئاقىۋەت» 64 ـ بەت؛ «ماقالاتى بۆلۈنۈش» 7 ـ، 8 ـبەت.
② ئىبراھىم مەددىكىر: «ئىسلام پەلسەپىسى ھەققىدە» 162 ـ بەت.

بۇ دەلىلنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىكلىكىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسى ئېتىراپ قىلغان پرىنسىپقا ئاساسلانغان، ئۇ بولسىمۇ تەن تەسەۋۋۇرىنىڭ پسىخىك تەسەۋۋۇردىن پەرقلىنىدىغانلىقىدا. سەۋەبى ئالدىنقىسى بوشلۇقنى ئىگىلەيدۇ، كېيىنكىسى بوشلۇق ئىگىلىمەيدۇ، بۇ ئىككىسىنى دەڭسەيدىغان باردى يوق ئۆلچەم يۈز بېرىش ۋاقتى.

ئىبن سىنا تۆۋەندىكى مەزمۇن بىلەن بۇ نەزەرىيىنى مۇستەھكەملەيدۇ. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: بىز روھنىڭ ئۆزىنى كۆزىتىدىغان ئۇسۇلنى تېپىپ روھنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشەنمەكچى بولدۇق، بىراق، بۇنىڭغا ئامالىمىز بولمىدى، شۇنىڭ بىلەن روھنىڭ رولى ۋە ئىقتىدارىنىڭ ياردەم تىلىدۇق. چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقىقىي قىياپەتنى كۆرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ياخشى ياردەمچى چوقۇم بار ئىدى. تەسىر كۆپ ھاللاردا تەسىر بەرگۈچىنىڭ ئۆزىنى ئىسپاتلايدۇ.

روھنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ يېقىن رولى ياكى ئىقتىدارلىرىنىڭ بىرى دەل شەيئىلەرنى سېزىشتۇر. شەيئىلەرنى سېزىش جەھەتتە روھ سېزەيلا دېسە سېزىدۇ. بۇ يەردە چوقۇم ئىسپاتلىنىدۇكى، روھنىڭ سېزىمى ۋاستە ئارقىلىق ئەمەس، بىۋاستە كېلىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ناۋادا روھ تەن ئەزالىرى ئارقىلىق سېزىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇت بولمايدۇ، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى سېزەلمەيدۇ، ئۆزى ئىشلەتكەن ئەزانىمۇ سېزەلمەيدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئېنىق قىلىش ئۈچۈن پەقەت بۇ خىل ئەقلىي بىلىشنى ھېسسىي بىلىش بىلەن ياكى تەن بىلەن باغلانغان بىر قىسىم تونۇشلار بىلەن سېلىشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. روھنىڭ ئەسلى زاتىنى سېزىشنى ئادەملەرنىڭ سەزگۈلىرى قىلالمايدۇ، ئادەم تېنىنىڭ ئەزالىرىمۇ بۇ تونۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. روھ پەقەت ئەينەككە ئوخشاش



نەرسىنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىگە تايىنىدۇ، ئوخشاشلا، خىيال زاتتىن، ئەمەل ۋە ئەزالاردىن پەيدا بولمايدۇ، بەلكى مۇشۇلاردىن ئاجرالغان بارلىق سىرتقى شەيئىلەردىن پەيدا بولىدۇ. شۇڭا، ئەسلى ماھىيەتتىن ئالغاندا، زوۋانلىق روھ سېزىش قۇۋۋىتىدىن ئايرىمچە بولىدۇ[1].

بۇنىڭدىن باشقا، سېزىم ئىقتىدارى يەنە ئۆزىنىڭ تەسىرى خورىتىۋەتكەن كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. ناۋادا خوراش كۆپ، كەتكەن ۋاقىت ئۇزاق بولسا، ئۇنداقتا ئۇ ھالسىزلىنىدۇ، ئىقتىدارىنى جارىي قىلدۇرۇش تەسكە توختايدۇ. ناۋادا كىتاب كۆرۈش ۋاقتى ئۇزاق بولۇپ كەتسە، كۆزى تالغاندەك بولىدۇ. بەك يورۇق بولۇپ كەتسە كۆز نۇرى ئاجىزلايدۇ. چاقماق ئاۋازى قۇلاقنى يەيدۇ. بۇ كۈچلۈك سېزىمنىڭ تەسىرى ۋاقىت چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ، ھەتتا بىر مەزگىل قۇلاقتا تۇرىدۇ. كىمكى كۈچلۈك نۇرغا قارىغان بولسا، مۇشۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ياكى بىردەم ئۆتكەندىن كېيىن ئاجىز نۇرنى كۆرەلمەيدۇ. كىمكى كۈچلۈك ئاۋازنى ئاڭلىسا، شۇنىڭدىن كېيىن ياكى شۇ ۋاقىتتا بوش ئاۋازنى ئاڭلىمايدۇ. كىمكى تۇزلۇق تاماق يېسە، ئۇنىڭدىن كېيىن تۇزى كەم تاماقنى بىلەلمەيدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە، چوڭ مېڭە قانچە ئىشلىتىلگەنسېرى شۇنچە يېتىلىدۇ. ناۋادا چوڭ مېڭە مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ تېخىمۇ مۇرەككەپ مەسىلىنى ھەل قىلىشقا شارائىت ھازىرلايدۇ. دۇرۇس، بەزىدە بەلكىم چوڭ مېڭىگە ھارغىنلىق يېتىشىمۇ مۇمكىن، بىراق بۇ ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەزالارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بولمىغاندا يەنە ئادەم بەدىنىنىڭ سۈپىتى بىلەن

---

① ئىبن سىنا: «گەششىفا» 351 ـ بەت؛ «ماقالاتى ھايات» 294 ـ بەت.

مۇناسىۋەتلىك.

ئاخىردا، تەننىڭ بارلىق ئەزالىرى ياشنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئاجىزلىشىدۇ ۋە بۇ خىل ئاجىزلىق ئادەتتە 40 ياشتىن كېيىن يۈز بېرىدۇ. ئەقىل - پاراسەتكە كەلسەك، ئۇ بۇنىڭ بىلەن قارىمۇ قارشى، ئۇ پەقەت ئادەم 40 ياشتىن ئاشقاندىن كېيىن ئاندىن تولۇق يېتىلىدۇ.

ئىبنى سىنا دەيدۇكى: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئادەمنىڭ تېنى ۋە ئەزالىرى ئادەم ئەزالىرى تولۇق يېتىلىپ بولغان ياكى ئۆسۈشتىن توختىغان چاغدىن كېيىن يەنى 40 ياشتىن ئاشقاندا قورۇلۇشقا باشلايدۇ. مەسىلەن، ئەگەر بۇ زۇۋانلىق ئەقلىي كۈچ تەننىڭ بىر خىل قۇۋۋىتى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا چوڭ ياشلاردىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئەقلىي قۇۋۋىتى (زېھنى) چېكىنىشكە باشلايدۇ، بىراق زور كۆپچىلىك ئادەملەر ئۇچۇن ئېيتقاندا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئادەتتە بۇ ئادەملەر دەل پاراسەتنىڭ كۈچىنى كۆرىدىغان، شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىغا توشقان ھالەتتە تۇرىدۇ. شۇڭا ئەقلىي كۈچنىڭ زېھنىي تۈۋرۈكى ھەرگىز تەن ۋە تەن ئەزالىرى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ماھىيەت[1]. ئادەمنىڭ قېرىلىق يېتكەندىكى ئۇنۇتقاقلىقى، تەپەككۇرىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ھۆكۈم خاتالىقىغا كەلسەك، بۇ ھەرگىز ئەقىل - پاراسەتنىڭ ئاجىزلىغانلىقى ۋە قالايمىقانلاشقانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى تەن ئەزالىرىنىڭ تۈرلۈك تەسىرلىرى تۈپەيلىدىندۇر. بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرەلەيدىغىنى شۇكى، روھ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى دېگۈدەك ئىككى ئوخشاشمىغان مەجبۇرىيەتنى يۈرگۈزگەن: بۇنىڭ بىرسى تەننى باشقۇرۇش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش؛

① ئىبنى سىنا: «روھ ھەققىدە» 71 - بەت.



ئىككىنچىسى، تەپەككۇر قىلىش. روھ ئادەتتە بۇ ئىككى بۇرۇچنى ناھايىتى تەستە بىر يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ، شۇڭا روھ بولمىسا سېزىمگە ئېرىشكىلى ۋە سىستېمىلىق تەپەككۇر قىلغىلى بولمايدۇ. ئوخشاشلا، چوڭ مېڭىنى ئىشلىتىپ، مەسىلىلەرنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغاندا ۋاقىت ئۇزىراپ كەتمىگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا ئىشتەيسىزلىك ، ھالسىزلىق پەيدا قىلىدۇ، بىز ئادەتتە دەيدىغان قېرىلار ياكى بىمارلارنىڭ تەپەككۇرىنىڭ چېكىنىشى ياكى زېھنىنىڭ ئاجىزلىشىشىنىڭ سەۋەبى روھنىڭ تەنگە مەجبۇرىيەت ئۆتەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ تەپەككۇرغا يېتىشەلمەي قالغانلىقىدىندۇر[1]. بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، بىمار ساقايغاندىن كېيىن زېھنى ئەسلىگە كېلىدۇ.

3. روھ بىلەن تەننىڭ مۇناسىۋىتى

ماددىچىلارنىڭ نەزەرىدە روھ ـــ تەن ۋە ئەزالارنىڭ تۇغۇندىسى، چوڭ مېڭە ۋە نېرۋىنىڭ بىر خىل فۇنكسىيىسى. ئەمما ئۇچىغا چىققان ئىدېئالىزمچىلارنىڭ نەزەرىدە روھ پەقەت سىماھىسى ۋە سايىسىلا بار ھەق. بۇ ئىككى مەزھەپ كىشىلىرى بىردەك پەقەت بىر ماددىي ياكى مەنىۋى مەنبە بار دەپ قارايدۇ ھەم ئۇلار بارلىق شەرھىيسىنى مۇشۇ ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرىدۇ.

يەنە بىر مەزھەپ[2] روھ بىلەن تەن تەڭ مەۋجۇت بولىدۇ دېگەنگە ئەقىدە قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى شەرھىيلەيدۇ. ئىبنى سىنا مۇشۇ «ئىككى مەنبەچىلىك» نىڭ مۇرىتى، شۇڭا ئۇ چوقۇم بۇ ئىككىسىنى باغلايدۇ.

ئۇ، تەن بىلەن روھ زىچ مۇناسىۋەتلىك، ئۇزلۇكسىز ھالدا

① ئىبنى سىنا: «گەششىفا» 351 - بەت.
② سەدرىددىن شىرازى مۇشۇنداق ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى، ئۇ روھنىڭ شەكىللىنىشى تەننىڭ، مەۋجۇتلۇقى مەنىۋىيلىكنىڭ دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى بارلىق ئىسلام پەيلاسوپلىرى بۇ نەزەرىيىنى قوبۇل قىلغان.

ئۆز ئارا ماسلىشىدۇ. روھ بولمىسا تەن بولمايدۇ. چۈنكى روھ تەنىنىڭ ھاياتلىق مەنبەسى، تەن پائالىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغۇچىسى ۋە بەدەن كۈچىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى. ئەكسىچە، تەن بولمىسا روھمۇ بولمايدۇ. روھ پەيدا بولغان كۈندىن تارتىپ تەنگە سىڭىنىپ، تەنگە تايىنىپ كەلدى، ئۇ تەن ئۈچۈن يارىتىلغان[1] دەپ ھېسابلىندى.

### 4. روھنىڭ ئەبەدىيلىكى

ئىبن سىنا روھ مەڭگۈلۈكتۇر دەپ قارايدۇ ۋە بىر نەچچە تەرەپتىن بۇ پىكرىنى دەلىللەپ ئۆتىدۇ. ئەلۋەتتە، روھ مەڭگۇ مەۋجۇت بولىدۇ. بىراق ئۇ يەنىلا بىر يارالمىش بولۇپ، پەقەت تەن ئىچىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ، يەنى تەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ روھ يەنىلا مەۋجۇت، بىراق ئۇ تەندىن بۇرۇنقى مەۋجۇتلۇق ئەمەس، شۇڭا روھ ئەبەديي بولىدۇ، لېكىن ئىپتىداسىز ئەمەس. ئۇنىڭ يارىلىشى تەن ئارقىلىق ئاندىن ئالاھىدىلىككە، قانۇنىيەتچانلىققا ئىگە بولغان. شۇڭا تەندىن بۇرۇن روھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ناۋادا روھ تەندىن بۇرۇنقى مەۋجۇتلۇق بولسا، ئۇنداقتا بىز ئۇنى بارلىق تەنلەرنىڭ بىردىكى روھ دەيمىزمۇ ياكى روھلارنىڭ ھەممىسى دەيمىزمۇ. چۈنكى ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى پەقەت تەندىلا بولمايدۇ، روھتىمۇ بولىدۇ، روھ ئەسلى بىرلىكمۇ، كۆپلۈكمۇ يوق ماھىيەت، بىراق ئۇ شەخستە ئۆزگىچىلىكتىن بەلگىلىنىپ چىققان ساپ ماھىيەت بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس روھى بولىدۇ. بۇ ئىسپاتلايدۇكى، روھ يارالمىش، ئۇ تەن ئىچىدە تۇرىدۇ.

① ئەپلاتون يۇنان پەيلاسوپلىرى ئىچىدە تەن ۋە روھتىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىكنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى دەپ قارىلىدۇ. روشەنكى، ئەپلاتون بۇ جەھەتتە ئۇستازى سوقراتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.
ئارىستوتېلغا كەلسەك، ئۇ روھ تەننىڭ ماھىيىتى(Form)، شۇنداقلا ئۇ جىسىم بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك، ئۆزئارا قاتلىنىدۇ، شۇنداقلا بىر گەۋدە شەكىللەندۈرىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.



ئىبن سىنا روھنىڭ ئەبەدىيلىكىگە كەلتۈرگەن دەلىللەرگە كەلسەك، بۇنىڭ دەسلەپكىسى ئاتالمىش «بۆلەكلەپ دەلىللەش» تۇر. بۇ، روھ تەنىنىڭ پەسكويلۇقى بىلەن ئۆلمەيدۇ دېگەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى بىر شەيئى باشقا بىر شەيئىنىڭ يوقىلىشى بىلەن يوقالسا، بۇ ئۇلار ئارىسىدا بەلگىلىك تەقەززالىق مۇناسىۋىتىنىڭ بولغانلىقىدىن دەپ قارىلىدۇ. ئەمما روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەندىن پۈتۈنلەي ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بىز روھنىڭ بىر خىل مۇستەقىل مەۋجۇت ماھىيەتلىكىگە قول قويغان ئىكەنمىز، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ تەن بىلەن باغلىنىشى مۇمكىن ئەمەس، تەنگە تايىنىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بۇ خىل تايىنىش سەۋەبكە موھتاج، ئەمما يەنە ھەرقانداق بىر سەۋەبنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا روھ بىلەن تەنىنىڭ مۇناسىۋىتى پەقەت ئىلگىرى - كېيىنلىك مۇناسىۋەت، يەنى روھ ئالدىدا، تەن ئارقىدا. توغرىسىنى دېسەك، پەقەت تەن روھقا بويسۇنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، بۇ خىل مۇناسىۋەت روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى تەنگە تايىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، خالاس.

شۇڭا، مەيلى تەن مەۋجۇت بولسۇن، ياكى ئۆلسۇن بۇ روھ ئۈچۈن كاشىلا ئەمەس. چۈنكى روھ بىلەن تەنىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاجراتقىلى بولمايدىغان مۇناسىۋەت ئەمەس، بەلكى رەھبەرلىك قىلغۇچى ۋە رەھبەرلىك قىلىنغۇچى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، بۇيرۇش ۋە بۇيرۇلۇش ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت.

### 5. يېگانە دەلىل

بۇ دەلىل روھنىڭ يېگانە ماھىيەت ئىكەنلىكىنى خۇلاسىلەيدۇ. يېگانە نەرسە پەيدا بولىدىمۇ يوقالمايدۇ، چۈنكى ئۆلىدىغان شەيئىلەر ئىچىدە چوقۇم پائالىيەتچان بىر كۈچ بولىدۇ. يېگانە شەيئىلەردە ئۇنداق ئەمەس، چۈنكى ئۆزئارا ئالاقىسىز ئىككى نەرسىنىڭ يارىلىشى پەقەت ئۆزئارا ئالاقىسىز ئىككى دۇنيادا

ئەمەلىيلەشتىدۇ. ئىسپاتلانغانكى، روھ بىر خىل يېگانە ماھىيەت، شۇڭا ئۇ ئۆلۈمنى قوبۇل قىلالمايلا قالماستىن، يوقلىنىشنىمۇ سىغدۇرالمايدۇ.①

## 3. ئىبنى سىنانىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

1. شەيئىلەرنىڭ ئەزەلىيلىكى ۋە يېڭىدىن پەيدا بولۇشى

شەيئىلەر ئەزەلىي ئەزەلدىن بار دېگەندە، ياكى ماھىيەتكە ئاساسلىنىمىز ياكى ۋاقىتقا ئاساسلىنىمىز. شەيئىلەر ئەزەلىي ئەزەلدىن بار دېگىنىمىز ماھىيەتكە ئاساسلانغاندا، ماھىيەتنىڭ بىر مەۋجۇتلۇق مەنبەسى② بار دېگەنلىك ئەمەس. ئەزەلىي ئەزەلدىن بار دېگىنىمىز ۋاقىتقا ئاساسلانغاندا، مەۋجۇتلۇق ۋاقتىنىڭ بېشى يوق③ دېگىنىمىزدۇر. شەيئىلەرنىڭ يېڭىدىن پەيدا بولۇشىغا كەلسەك، ئۇ قانداقتۇر بىر پەيدا بولۇش ۋاقتىنىڭ بېشى④ بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

2. مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق ۋە ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇق

مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق بىر خىل بارلىق، يەنى قاچانلىكى ئۇنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى كاللىغا كەلتۈرسەك، شۇ ھامان ماكانىدىكى ئورنىنىڭ «بارلىقى» يوقايدۇ. ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇقمۇ بىر خىل بارلىق، يەنى بىز قاچانلىكى ئۇنىڭ مەۋجۇت ياكى ئەمەسلىكىنى كاللىغا كەلتۈرسەك، شۇ ھامان ماكاندىكى ئورنىنىڭ «بارلىقى» يوقايدۇ. مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق بىر خىل زۆرۈر مەۋجۇتلۇق، ئەمما ئېھتىمالدىكى مەۋجۇتلۇق

① ئىبنى سىنا: «ماقالاتى قۇنقۇزۇش» 306 ـ بەت.
② شەيئى مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەنبەسى باشقا بىر مەنبە ئەمەس، بەلكى ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.
③ شەيئىلەرنىڭ دەسلەپكى ھەم زامانىسىنىڭمۇ دەسلەپكى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئوخشاشلا بىرىنچى ماددىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا زامان ئۇقۇمى بېرىلىدۇ.
④ ئىبنى سىنا: «ماقالاتى قۇنقۇزۇش».



مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر خىل ئىككىلەمچى مەۋجۇتلۇق. بۇندىن باشقا، مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق چوقۇم ئەسلى زاتتا بولۇشى مۇمكىن، ئۇنىڭدا بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. ئەسلى زاتنىڭ مۇقەررەر مەۋجۇتلۇقى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى قىياس قىلىپ تۇرۇپمۇ يەنە ماكانىدىن ئايرىلالمايۋاتقان باشقا شەيئىگە نىسبەتەن ئەمەس، ئەسلى زات ئۈچۈن ئېيتىلغان. ئەسلى زاتسىز مۇقەررەر مەۋجۇتلۇققا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇكى، ناۋادا بىر نەرسە ئەسلىدىكى ئورنىغا قويۇلمىسا، ئۇنداقتا ئۇ باشقا بىر خىل مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق بولۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ساناق سان «4» ماھىيەتسىز مۇقەررەر مەۋجۇتلۇق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ 2 + 2 گە تەڭلىكى كاللىغا كەلگەن ھامان ئۇنىڭ ئەھۋالىدا زور ئۆزگىرىش بولىدۇ.

3. زۇۋانلىق روھ

زۇۋانلىق روھ يەنى ئىنسان روھىنىڭ كۈچى پائالىيەتچان كۈچ ۋە بىلىش كۈچى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەقلىيلىق دەپ ئاتىلىدىغان ئورتاق نامى بار.

پائالىيەتچان كۈچ تەننى قوزغاپ تەپەككۇر بىلەن مۇناسىۋەتلىك قىسمەن ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىدىغان دەسلەپكى مەنبە. مەسىلەن، كىشىلەر ئالدامچىلىقنى رەزىل قىلىق ھېسابلايدۇ، ۋەھشىيلىكمۇ رەزىللىك ھېسابلىنىدۇ.... باشتا تىلغا ئېلىنغان باشقا پائالىيەتچان كۈچلەرنىڭ پرىنسىپىنىڭ تەلىپى بويىچە بۇ خىل پائالىيەتچان كۈچ ئادەم تېنىنىڭ باشقا تۈرلۈك كۈچلىرىگە ياردەمدە بولىدۇ.

بىلىش كۈچى نەزەرىيىۋى بىلىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ماددىدىن خالىي ئومۇمىيلىقتا ئىگە. شۇڭا بۇ خىل نەزەرىيىۋى قۇۋۋەت بەزىدە بۇ خىل ئابستراكت فورماتسىيە بىلەن ئۆزئارا

مۇناسىۋەتلىك، مۇتلەق كۈچ بىلەنمۇ قانداقتۇر بىر باغلىنىشلاردا بولىدۇ، بۇ چاغدا ئۇ ماددىي پاراسەت دەپ ئاتىلىدۇ، ئەمما بەزىدە ئۇ يەنە تۇغما كۈچ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، بۇ دېگەنلىك، ماددىي كۈچ ئۆز مۇكەممەللىكىگە ۋە بىرىنچى مەرىپەتكە يەتتى دېگەنلىك. خۇددى بىز پۈتۈنلۈك قىسمەنلىكتىن چوڭ دەپ قارىغىنىمىزغا ئوخشاش، ئۇ پائالىيەتچان مەرىپەت دېيىلىدۇ.

بەزىدە، بۇ خىل كۈچنىڭ سەۋەبى مۇتلەق ئەقىلگە تەسىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدا بىر خىل ئەقلىي شەكىل بولىدۇ، ئەمەلىي كۆزىتىش ئېلىپ بارالايدۇ، تەپەككۇر قىلالايدۇ، شۇڭا ئۇ يەنە بىر خىل ئېرىشىلگەن پاراسەتتۇر. بۇ يەردە ئىنساننىڭ كۈچى پۈتكۈل مەۋجۇتلۇقنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئوخشىشىدۇ[1].

بىلىش كېرەككى، بىلىم ئېلىش مەيلى بىلىم ئالغۇچىنىڭ ئۆزىدىن ياكى غەيرى بىلىم ئالغۇچىنىڭ يېنىدىن بىلىم ئېلىشتا بولسۇن، تەدبىر جەھەتتە ئوخشىمايدۇ.[2]

بىلىم ئالغۇچىلار ئارىسىدا تەسەۋۋۇرغا ماھىر ئادەملەر بار، چۈنكى ئۇنىڭ بىلىم ئېلىش تەييارلىقى تېخىمۇ تولۇقكى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ ئۆز مۇكەممەللىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، بۇ خىل يېتەرلىك تەييارلىق بىۋاسىتە مەرىپەت دېيىلىدۇ[3].

يۇقىرىدا ئېيتىلغان بۇ خىل تەييارلىق بەزى ئادەملەردە بەلكىم ناھايىتى يېتەرلىك بولۇشى مۇمكىن ھەم ئۇنىڭ پائالىيەتچان ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشتە زور بەدەل تۆلىشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، تەربىيىلىنىش بىلەن مائارىپىنىڭمۇ ھاجىتى يوق، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزى ھەممىسى بىلەن پىششىق

① پاراسەتكە ئىگە بولغاندا يەككە ھالدا ھەقىقەتنى ئىگىلىگىلى، ئۇنىڭدا تەسىر قالدۇرغىلى بولىدۇ ھەم ئۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئەقلىي دۇنيانىڭ بىر شەكلىگە (Form) ئايلانغىلى بولىدۇ.

② ئالغ ۋە بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ ئىككى يولى بار، بىرى، بىرسىدىن ئۆگىنىش، يەنە بىرى، ئۆگەنگۈچىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىلھامىدىن ئېلىش.

③ بىۋاسىتە سېزىم ئىنسان پاراسىتىنىڭ ئادەتتىكى پرىنسىپلاردىن كونكرېت مەسىلىلەرگە ئۆتۈشتىكى ئىنچىكىلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى ئۇقۇم تەپەككۇر.



تونۇشتەكلا. بۇ بىر ئەڭ ئالىي ھازىرلىق، بۇ مۇقەددەس مەرىپەت دەپ ئاتىلىشى كېرەككى، ئۇ ئەڭ ئالىي بىۋاسىتە مەرىپەتتۇر.

روھ — ساغلام تەننىڭ يارىتىلىشىغا ئەگىشىپ يارىتىلىدۇ. يارالمىش تەن روھ پادىشاھلىقى، روھ مېخانىزمىدۇر.

روھ ھەقىقەتەن شەكىللىنىدۇ، ئۇ تەننىڭ ھازىرلىنىشىغا ئەگىشىپ ئاپىرىدە بولىدۇ، بىراق تەننىڭ ھازىرلىنىشى چوقۇم ئاجرالغان بىر مەنبەدە روھنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشى كېرەك ... بۇ ماسلىققا، تەلەيگە باقمايدۇ، چۈنكى ئادەمنىڭ ھەر بىر تېنى خاراكتېر شەكىللەندۇرۇۋاتقاندا، چوقۇم بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ماس روھ پەيدا بولىدۇ. بۇ يەردە تەن پەيدا بولۇشقا ئەرزىمدۇ - ئەرزىمەمدۇ مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس.

بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولۇشى بىلەن، ھەرگىز بىرسىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن يەنە بىرسى ئۆلىدىغان ئىش بولمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭ جىسمى بولۇپ، ئۇ مۇشۇ جىسمىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بېقىنىپ قالغان بولسىلا، ئاندىن يۇقىرىقى ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ.

شەيئى بېقىنىپ قالمىغاندا بەزى شەيئىلەر بەلكىم باشقا بىر شەيئىدىن پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئىلگىرىكى شەيئى يوقالسىلا، كېيىنكى شەيئىلەر يوقىلىدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

بۇ يەردە بىز ئىنسان روھىنىڭ تەندىن ئاجرىغاندىن كېيىنكى تۆرلۈك ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلماقچى. خوش، ئۇ قانداق شەكىلگە كىرەلەيدۇ؟ شۇنداق دېيەلەيمىزكى:

شەرىئەتتىن ئېيتقاندا، روھنىڭ قايتىپ كېلىشىنى دۇرۇس دېگىلى بولىدۇ، پەقەت ئىسلام شەرىئىتى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنچ قىلساقلا، روھنىڭ تىرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بۇ يەرگە يەنە ئەقلىيلىق ۋە دېدۇكسىيىلىك ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن بولىدىغان بىلىش ئارىلاشتى. يەنى

بۇگۈنگىچە بىز يەنىلا روھ ھەققىدىكى خىيال بىلەنلا چەكلىنىمىز، بىراق بۇ ئاللىبۇرۇن پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ سۆزلىرىدە ئىسپاتلانغان، يەنى روھ ئىنتايىن زور خۇشاللىق ۋە ئازابقا ئېرىشىدۇ.

ئىلاھىيەت پەيلاسوپلىرىنىڭ روھىي شادلىققا ئېرىشىش ئارزۇسى جىسمانىي لەززەتكە ئېرىشىش ئىستىكىدىن كۈچلۈك بولىدۇ، ھەتتا ئۇلار كېيىندىكىسىگە بىرەر قېتىم قاراپمۇ قويمايدۇ. ناۋادا ئۇلارغا كېيىندىكى لەززەت ئۇزىتىلسا، ئۇنداقتا ئۇلار ھەرگىز بۇ لەززەتنى قىممەتلىك دەپ قارىمايدۇ. بىز كېيىندىكى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ - قارشى بۇ خىل لەززەت ۋە ئازابنىڭ تۈرلۈك ئەھۋاللىرى بىلەن تونۇشۇشىمىز كېرەك. شەرىئەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەن روھ بولمىغان بىر قۇرۇق قاپ، ئەمما بىز لەززەت دەرىجىلىك بولىدۇ دەيمىز.

ھەر بىر خىل روھىي كۈچنىڭ ھەم ئۆزگىچە كەيپى ۋە پەزلى بولىدۇ ھەم يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يامان تەرىپى، رەزىللىكى بولىدۇ. كەيپ قايىنىغان چاغدا يەنە تاتلىق خىيال ۋە ئىستەكنىڭ ئۇيۇقىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەر بىر روھىي كۈچنىڭ يامان تەرىپى مۇشۇ چاغدا قارشى تەرەپتە ئوخشاشلا بولىدۇ. . .

روھ ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكى ئارقىلىق ئەقلىي دۇنياغا ئايلىنىدۇ، ۋەھدەتۇل (بىر پۈتۈن) شەكىل ۋە ۋەھدەتۇل سىستېمىنى سۈرەتلەيدۇ. بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تۇرغان مول گۈزەللىك بىر پۈتۈنلۈكنىڭ كېلىش مەنبەسىدىن چىقىپ، بۈيۈك ماھىيەت يەنى مۇتلەق مەنىۋىيەتكە[1] كىرىدۇ. ئاندىن تەن بىلەن بەلگىلىك بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بار روھقا كىرىدۇ، ئاندىن

① ۋەھدەتۇل شەكىل يەنى ئالىمى شەكىل، ۋەھدەتۇل ئەقلىي سىستېما يەنى ئالەم ئىنتىزامى. بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدىن چىققان گۈزەللىك يەنى ئالەمنىڭ ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلمىسى. روھنىڭ خۇشاللىقى روھ ئىچىدىكى بۇ چىن مەۋجۇتلۇقنى بىر قېتىم سۈرەتلەشتۇر.



شەكىل ۋە كۈچ بىلەن ئۆز ئارا باغلانغان ئەرىشتىكى سەييارىلەر[1] ئىچىگە كىرىدۇ. ئاخىرىدا روھ ۋۇجۇدۇل مەۋجۇتلۇق شەكلىنى ئالغۇچە داۋاملىق چۈشىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھازىرقى رېئال دۇنيا بىلەن پاراللېل بولغان ئەقلىي دۇنياغا ئايلىنىدۇ[2].

ناۋادا ئۇ باشقا كۈچلەر تەلپۈنىدىغان مۇكەممەللىك بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل، ناھايىتى گۈزەل بىر دەرىجىدە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ھەتتا مۇكەممەللىكنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن كېيىندىكىسىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە تىلغا ئېلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

سىزگە ئايانكى، كۆڭلىڭىزدە بار قىيىن ئىش بىلەن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئىستەكتىن بىرنى تاللاش توغرا كەلگەندە، ناۋادا روھىڭىز ۋەزنىلىك بولسا، ئۇنداقتا چوقۇم ئىستەكنى قايرىپ قويىسىز. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، روھ ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقلىي ئىستەكنىڭ نىشانى ئۇششاق ئىشلارغا قارىغاندا ئالىي كېلىدۇ، ئۇلۇغۋار ئىشلارغا كەلگەندە ئەمدى يەنە قانداق بولىدۇ؟[3]

ناۋادا بىزنىڭ روھىمىز تەندىن ئېنىق ئاجرىسا، ئۇ چوقۇم تەننىڭ ئاغرىق ئازابلىرىنى سەزمەس بولىدۇ. . . ئەقلىي كۈچ روھ تەندىن ئاجرىتىلغاندا ئاندىن تولۇق مۇكەممەللىككە يېتىدۇ. ئاشۇ ساپ روھقا كەلسەك، بۇ ئارزۇلۇق يارالمىشقا ھەرگىز ئىگە بولغىلى بولمايدۇ. ناۋادا بۇ روھ تەندىن ئاجراپ، تەندىن ئاجرىغاندىن كېيىنكى مۇكەممەللىك دەرىجىسىگە ئېرىشەلمىسە، ئۇنداقتا مەڭگۈلۈك ئازاب ئىچىگە پاتىدۇ، بۇلار بىر بولسا ھايات

① ئالەمنى سەرەمجانلاشتۇرغان ئەقلىيلىق تۇرغۇن يۇلتۇزلار ھەرىكىتىگە تۇرتكە ۋەھدەتۇل روھ ۋە سەييارىلار ھەرىكىتىگە تۇرتكە ئايرىم روھ. بۇ شەكىل ۋە كۈچكە ئىگە بىر قىسىم سەييارىلەر.

② تونۇش مۇكەممەللەشكەندە روھ مەۋجۇتلۇق شەكلى ۋە ماھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ، دۇنيادىكى تامامەن ئەقلىي بولغان بىر شەكىلگە ئايلىنىدۇ.

③ روھ يېتەلەيدىغان مۇكەممەللىك مۇقامى بىلەن تەننىڭ باشقا كۈچلىرى يېتەلەيدىغان مۇكەممەللىك مۇقامىنى سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ، مۇكەممەللىك جەھەتتىن سېلىشتۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار سۈپەت جەھەتتىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ.

مۇكەممەللىكى ئۇچۇن ئىزدەنمىگەن جاھانكەزدىلەر، يەنە بىر بولسا ئاشۇ پەسكەش، چىرىك پىكىرلىك قەيسەر بىدئەتچىلەرگە ئىشىنىشتە ئۇچىغا چىققانلاردىن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىدئەتچىلەرنىڭ ئاقىۋىتى مۇكەممەللىك ئىزدىمىگەن ئاشۇ ئادەملەرنىڭكىدىن چوقۇم بەتتەر.



# توققۇزىنچى باب غەززالى

## 1. غەززالى ۋە ئۇ ياشىغان جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىي تۇرمۇشى

### 1. غەززالى دەۋرىنىڭ سىياسىي، مەدەنىي تۇرمۇشى

غەززالى دەۋرىدىكى سىياسىي ھايات ۋە سىياسىي داۋالغۇش: بۇ دەۋردە ئاببىاسىيلار خەلىپىلىكى غۇلاپ چۈشتى. باغدادتىكى ئەرەب پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى زاۋاللىققا يۈزلەندى. ئىسپانىيىدە مۇسۇلمانلار ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ پارتلىدى. رىم پاپاسى ياۋروپالىقلارنى قۇترىتىپ، ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشىغا قاتنىشىشقا چاقىردى. مۇسۇلمانلار ئوخشاشمىغان ئەقىدە ۋە سىياسىي خاھىشتىكى بىر مۇنچە مەزھەپلەرگە بۆلۈندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەشئەرىي مەزھىپى سالجۇق تۈركلىرىنىڭ قوللىشى بىلەن مۇتئەزىلىيلەرگە جەڭ ئېلان قىلدى.

ئەينى چاغدا باغدادنىڭ سىياسىي تەرتىپى قالايمىقان ۋە مۇرەككەپ ئىدى. خەلىپە ھاكىمىيىتى پەقەت ئۆز نامىدا قۇتبە ئوقۇشتىلا ئىپادىلىنەتتى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئارمىيە ۋە سىياسىينى كونترول قىلىپ تۇرىدىغان سالجۇق تۈركلىرىدىن بولغان ۋەزىر ـ مەسلىھەتچىلەر بار ئىدى.

غەززالى ئىلگىرى كېيىن خەلىپە بولغان ھىجرىيە 487 ـ يىلىدىكى مۇقتەدىر ۋە ھىجرىيە 512 ـ يىلىدىكى مۇستەشىر بىلەن دەۋرداش. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئادۇد دەۋلە، ئىبنى ئەرسلان ۋە كېيىنكى جامالىدىن مالىك شاھ، مۇھەممەد بىنىى

مالىك شاھ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان.

غەززالى ۋەزىر نىزامۇل مۇلىك ( 1018 — 1092 ) بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە ئىدى. بۇ ۋەزىر ئۆز دۆلىتىنى 25 يىلغا يېقىن سورىدى، بىر مۇنچە داڭلىق خانلىق مەدرىسلەرنى سالدۇردى، دۆلەتنىڭ مەدەنىي ھاياتىدا زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نىزامۇل مۇلىك غەززالىنىڭ ساۋاقدىشى بولغان. مۇلكىنىڭ ئوغلى ۋەزىر فاھىر دەۋلە غەززالىنى نىشاپۇرغا بېرىپ خانلىق مەدرىستە مۇدەررىسلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلغان.

ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ باشقا زېمىنلىرىنىڭ ۋەزىيىتىگە كەلسەك، مەغرىبتە يۇسۇپ بىننى ناشفىن ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان مارىنىيىن پادىشاھلىقى ئوتتۇرىغا چىقتى. ئافرىقىدا زەلى جەمەتى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر پادىشاھ تەمىم بىننى بادىس ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى يەھيا بىننى جانام ئىدى.

فاتىمە خاندانلىقى مىسىرنى ئىدارە قىلدى، بۇ خاندانلىقنىڭ غەززالى دەۋرىدىكى خەلىپىلىرى مۇستەشىر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئەلى مەنسۇر ئىدى.

غەززالى ياشانغاندا ياۋروپا ئەھلى سەلىپ قوشۇنى بۇ ئىسلام ئىمپېرىيىسىگە تاجاۋۇز قىلىشقا ئاتلاندى. ئەھلى سەلىپ ئۆز نىيەتلىرىدە بىرمۇنچە كىچىك پادىشاھلىقلارنى قۇردى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ھىجرىيە 490 ـ يىلى فراد دەرياسى ۋادىسىدا قۇرغان رۇخ پادىشاھلىقى ۋە ھىجرىيە 491 ـ يىلى قۇرغان ئانتاجىيە پادىشاھلىقى بار. كېيىن ئۇلار ھىجرىيە 492 ـ يىلى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، قۇددۇس ۋە باشقا بىر قانچە شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى. غەززالى ئىسلام دۇنياسى ئۇچرىغان بۇ بىر مەيدان ئاپەت توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىماي قالمىدى.

بىراق غەززالى بۇ بالايىئاپەتكە ھېچقانداق ئىپادىدە بولمىدى.



ئۇ يا قوزغىلىپ تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرمىدى، يا بىرەر ئەسىرىدە ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ قويمىدى. شۇڭا بىر قىسىم باھالىغۇچىلار[①] ئۇنىڭ بۇ مەيدانىنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. ئەمما يەنە بىر بۆلەك ئادەم سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇنى ئاقلايدۇ، ئۇلار ئۇ شەرقنىڭ خوراسان دېگەن يېرىدە يېگانە ياشىغان، ئۇرۇش مەيدانىدىن يىراق ئىدى. ناۋادا ئۇ سۇرىيىدە ياشىغان بولسا چوقۇم باشقىچە پوزىتسىيىدە بولاتتى. يەنە ئەينى چاغدا بۇ ئىسلام ئىمپېرىيىسى قالايمىقانچىلىق ئىچىگە پاتقان بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردا خەلىپە تۈزۈمىگە قارشى سۇيىقەست ۋە ئۇرۇشلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر قانداق بىر دۆلەتتە ياشىغان مۇسۇلمان باشقا دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىغا غەمخورلۇق قىلىشقا يېتىشەلمەيتتى، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىدۇ.

ئەينى چاغدا ئىسلامدىكى باتىنىيلەرنىڭ خەتىرى يېقىنلاپ كەلدى. ھەم ئۇلار ئىلگىرى ـ كېيىن يەنى ھىجرىيە 485 ـ يىلى ۋە 500 ـ يىلى ۋەزىر نىزامۇلمۇل مۇلكىنىڭ ئوغلى فاھىر دەۋلەنى ئۆلتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ شەرقىنى تىررورلۇق ۋەھىمىسىدە قويدى.

بۇ چاغدا باتىنىيلەر مەزھىپىنىڭ ئىككىنچى داھىيسى ھەسەن بىننى ساباھ سۈرگۈندىن قايتىپ كېلىپ، «ئۆلۈك قەلئە» نى ئىگىلىدى. ۋەزىر نىزامۇل مۇلىك قوشۇن باشلاپ ئۇنى قورشاۋغا ئالدى. قورشاۋ غەلىبىلىك بولۇۋاتقاندا، ساباھ ئادەم ئەۋەتىپ مۇلكىنى ئۆلتۈرۈپ ئەبۇخان قەلئەسىنى ئىگىلىدى.

باتىنىيە مەزھىپى مۇسۇلمانلار پارچىلىنىشىنىڭ زەھەرلىك شولىسىنى پەيدا قىلدى. كىشىلەر ئۇلارغا بولغان پوزىتسىيىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن ئىككى مەزھەپكە ئايرىلدى. بۇلارنىڭ

① زاجى مۇبارەك: «غەززالىنىڭ پەزىلىتى» 15 ـ بەت.

ئىچىدە بىر تەرەپ ئۇلارغا ئوچۇق ـ ئاشكارا دۈشمەنلىكىنى كۆرسەتتى، يەنە بىر تەرەپ ئۇلار بىلەن مۇرەسسە قىلىشنى تەۋسىيە قىلدى. باتىنىيلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەر ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇلار بىلەن مۇرەسسەلەشكەنلەر يەنە باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى باتىنىيە مەزھىپىدە دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ، بىرى بىرىدىن كېلىدىغان خەۋپنىڭ ۋەسۋەسىسىدە قالدى.

غەززالى ئۆز ئەسرىدە باتىنىيە مەزھىپى بىلەن بىر نەچچە مەرتەم ئىدىيىۋى كۈرەشتە بولدى. ئۇ خەلىپە مۇستەشىرنىڭ ھاۋالىسى بىلەن مەخسۇس قىلىپ « مۇستەشىرنامە » ناملىق ئەسەر يېزىپ ئۇلارغا رەددىيە بەردى. ئۇ بۇ ئەسىرىدە « ئىمام مەھدى » ئىدىيىسىنى كەسكىن رەت قىلدى. بۇ ئىدىيە باتىنىيلەرنىڭ ئېتىقادى ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، دىن مەسىلىسىدە پەقەت ئاللادىن بىۋاستە ۋەھيي ئالالايدىغان ئىمام مەھدىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەقىقىي جاۋابقا ئىگە بولغىلى بولاتتى.

غەززالىنىڭ ئىجتىمائى مەدەنىي ھاياتىغا كەلسەك، ئەينى چاغ ئىسلام دۇنياسى ھەر خىل ئىدىيىۋى مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان، شۇنداقلا يەنە «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس» ۋە شەرىئەتشۇناسلارنىڭ قاراشلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئورتودوكسال ئىسلام ئاملىلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان مەزگىل ئىدى. ئەينى چاغدا دۇنيادا ئوخشاشمىغان مەدەنىيەت ئېقىملىرى مەۋجۇت ئىدى، ئۇلار ئىسلام ئىدىيىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشاتتى. بەلكىم گرېك مەدەنىيىتى بۇنىڭ ئىچىدىكى تەسىرى ئەڭ زور ئېقىم بولسا كېرەك، ئۇ ئەينى چاغدىكى ئىسلام شەرقىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. بۇ مەدەنىيەت ئېقىمى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىلەن باشلانغان بولۇپ،



ھەرگىز ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلگەن، بەلكى ئوخشاشمىغان دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان نەرسىلەر قوشۇلۇپ كەلگەن. گەرچە بۇ ئېقىم ھىندىستان، پېرسىيە ۋە مىسىر پەلسەپىسىگە ئارىلاشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ بىردەك غول مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئۇلاشقان ۋە مۇسۇلمانلار ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ھەممە تەرىپىگە سىڭدۈرگەن.

ئىسلام پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى گرېك مەدەنىيىتى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەچكە، نەتىجىدە مىلادىيە III ئەسىردە يېڭى پلاتونىزم پەيدا بولغان. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى بولۇپمۇ سوپىلار مەزھىپىگە زور تەسىرلەرنى بەردى.

ھىندى پەلسەپىسىنىڭ ئىسلامغا بولغان تەسىرى گرېك پەلسەپىسىدىن كېيىن، ئۇ مىلادىيە VIII ئەسىردىن باشلاپ ئىسلامغا تەسىر قىلىشقا باشلىغان. بۇ تەسىر بولۇپمۇ «روھنىڭ ئۆلۈش نەزەرىيىسى» بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پېرسىيە پەلسەپىسى بولۇپمۇ ئىلاھىي نۇر ۋە ئاتەش پەلسەپىسىنىڭ تەسىرى ھەرگىز ھىندى پەلسەپىسىدىن ئاز ئەمەس. ئۇ چاغدا ھەرران مەدرىسىدە سابائىيە مەزھىپىدىكى دىن تارقاتقۇچىلار بار ئىدى، گەرچە ئۇلار كېچىكىپرەك كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا پارس پەلسەپىسىنىڭ تامغىسىنى باسماي قويمىدى.

شۇڭا، بىز مەدەنىيەت جەھەتتە ئابباسىيلار ھۆكۈم سۈرگەن دەۋرنى ئۈچكە ئاجرىتىمىز:

بىرىنچى دەۋر:

تەرجىمە پائالىيىتى ئارقىلىق گرېك ئىلىملىرىنى كۆچۈرۈش، تارقىتىش، يىغىلاش ھەم ئەرەب مەدەنىيىتىنى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئۇچراشتۇرۇش.

ئىككىنچى دەۋر:

ئەمەلىيەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پەلسەپىنى دىنغا يېقىنلاشتۇرۇش.

ئۈچىنچى دەۋر:

يەنى غەززالى دەۋرى. بۇ دەۋردە بىر خىل ئىدىيە ئالىمىشىنىڭ بېشارەتلىرى كۆرۈلدى. ئاندىن تۇرلۇك ئاشقۇن ئىپادىلەر بىر خىل ئاز كۆرۈلىدىغان قالايمىقانچىلىق، زېرىكىشلىك ۋە تۇرلۇك مەزھەپ نىزالىرىنى پەيدا قىلدى. جەمئىيەت غەيرى بىر دۇنياغا ئايلاندى، نەچچە ئون خىل مۇقامدىكى دىنىي پەلسەپە ۋە شەرىئەت ئىلمى مەزھەپلىرى ئەينى دەۋرنى ئىدىيە قالايمىقانچىلىقىغا سۆرەپ كىردى. بۇ دەۋردە گرېك پەلسەپىسىگە، «دۇنيا ئەزەلدىن بار نەزەرىيىسى» گە قارشى تۇرغۇچىلارمۇ، ئۇنى قوللىغۇچىلارمۇ بار ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا دۇنيا ئەزەلدىن بار دېگۇچىلەرمۇ ئۆز ئارا ئىختىلاپ قىلىشاتتى. كالامىيەتچىلەر بولغان ئەشئەرىيلەر بىلەن مۇتئەزىلىيلەر ئارىسىدىمۇ ئۈزلۈكسىز مۇنازىرە بولۇپ تۇراتتى.

ئېتىبارسىزلىق قىلماسلىق كېرەككى، سوپىلار ۋەزىيەتنىڭ بۇ خىل يېڭى تەرەققىياتىنى كۆرۈپ يەتتى. ئۇلار بۇ تالاش ـ تارتىش پەيدا قىلغان نەتىجىگە پەقەت قانائەت قىلمىدى، ئەمما ئىمزىدا ئولتۇرۇۋېلىپ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا تاشلىمىدى، بەلكى كىشىلەرنى ئاللاغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئىبادەت قىلىشقا، ئىچىدىن سېغىنىشقا، يېگانە كىرىشىشكە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن سوپىلاردا پېرسىيە، ھىندىستان ۋە گرېتسىيە تەلىملىرىنىڭ ئامىللىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىدىيىۋى خاھىش كۆرۈلدى.

بۇ يەردە مەن كېيىن ئىبن خەلدۇننىڭ كىگانت تارىخىي ئەسىرى «مۇقەددىمەئىي خەلدۇن» دا تىلغا ئېلىنغان مۇشۇ مەزگىللەردىكى ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئادەمنى ھەيران



قالدۇرىدىغان بىر قىسىم ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئىزاھات بېرىمەن. بۇنىڭ بىزگە پايدىسى بولمايمۇ قالماس.

بىلىشىمىزچە، خەلىپىلىك قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپ باغدادتا دۇنيادىكى ھەرقانداق شەھەر يېتىپ باقمىغان بىر خىل گۈللەنگەن مەنزىرە بارلىققا كەلگەنمىش. بىراق ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا تەرەپ ـ تەرەپتە قالايمىقانچىلىق بولۇپ، يامانلار باش كۆتۈرۈپ، يامان ئادەت، يامان خۇلق ئەۋج ئالدى. بەلكىم بۇ قالايمىقانچىلىق ھەرقايسى مەزھەپلەر سۈركىلىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭدا سۈننىيلەر بىلەن شىئەلەرنىڭ ئىمامنىڭ نەسەبى مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىشى، خانبالىيە بىلەن شافىلارنىڭ ئوخشاشمىغان تەۋسىيلىرى زىددىيىتىنىڭ ئىزنالىرى بولۇشى چوقۇم.

بۇنىڭدىن باشقا، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئەينى چاغدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ بەزى ئىدىيىۋى خاھىشلارنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قوللىغانلىقىدىندۇر. مەسىلەن، نىزامۇل مۇلك ئەشئەرىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئارىلاشقان. مۇلك ئىدىيە جەھەتتە سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان فاتىمىلەر ۋە باتىنىيلەر مەزھەپلىرىگە قارشى ئادەم بولۇپ، ئۇ ئەشئەرىيلەر خاھىشىدىكى رەسمىي مەدرىسلەرنى قۇرغان ۋە ھىمايە قىلغان.

غەززالى مۇشۇ دەۋردىكى ئەڭ مۇھىم ئىدىيىۋى تۈۋرۈك: ئۇ مۇشۇنداق قالايمىقان بىر دەۋردە ياشىغان ۋە تۇرلۇك مەدەنىيەتلەر بىلەن ئۆزىنى بېيىتىپ كەلگەن، لېكىن ئۇ ئەشئەرىي مەزھىپى ۋە سوپىلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن، پەلسەپىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىدىن ۋەھىمىسىرىگەن. د. بور ئۇنىڭ «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى» ناملىق كىتابىنى ئەرەب شەرق پەلسەپىسى تەرەققىياتىدىكى ئىككى دەۋرنىڭ شاھىدى دەپ

ھېسابلىغان. دۇگۇئىت ئۆزىنىڭ «ئىسلام پەلسەپە تارىخى» ناملىق كىتابىدا، نىزامىيە مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشى غەززالىنىڭ غالىب پەلسەپىسىگە يول ئېچىپ بەرگەن، دەيدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھېچقانداق ئادەم گرېك پەلسەپىسى ئاساسىدا تىكلەنگەن شەرق پەلسەپىسىنىڭ ھەر قايسى ئېقىملىرىنى دەگسەپ باقمىغان. ئۇنىڭ بۇ خىل باھالىشى ئومۇمىيلىقتىكى قاراشلارغا ئاساسلانغان بولۇپ، چوڭقۇر تەتقىقاتلار ئىچىدە ئۆرە بولىدۇ.

## 2. «ئىسلامنىڭ ھۆججىتى» —— غەززالى

ئىمام مۇستافا موللا ھاجى[①]ئۆزىنىڭ غەززالى ھەققىدىكى كۆپ تەرەپلىمە بىلىمىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ: غەززالى نەزەردە تۇتقىنى بىر ئادەم ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئادەم، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىرسىنىڭ ئۆز قىممىتى ۋە ئېتىبارى بار. كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلىدىغان غەززالى بىر قابىل قازى كالان، ئەركىن پىكىرلىك فىقىھ، سۈننىي مەزھىپىنىڭ مۇتەككاللىمى ۋە سۈننىي مەزھىپى ئەقىدىلىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى، دۇنيا ۋە ئىنسانلار روھىنىڭ سىر - ئەسرارلىرى بىلەن پىششىق تونۇش ئىجتىمائىيەت ئالىمى، پەلسەپىۋى مۇنازىرە بىلەن ساختىلىق ۋە پۇچەكلىكىنى پاش قىلغان پەيلاسوپ ھەم گۇمانىزمچى ۋە سوپى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ خەلقنىڭ قەلبىدە ئۆز دەۋرىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى، ھەممىنى چۈشىنىشكە تەقەززا، ھەممە ئىلىمگە كۆڭۈل بەرگەن بىر ئادەم.

فرانسىيىلىك مەشھۇر پەيلاسوپ ھېنرى كولبىن غەززالىنى تىلغا ئېلىپ: «بۇ خوراسانلىق، بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۆپتۇرۇپ ماختاشلىرىنى يەنىلا ساقلاپ قالالايدىغاندىن باشقا، ئۇ يەنە بىزنى ئۆزىنىڭ ئىسلامنىڭ مۇھىم بىر پېشىۋاسى، ئەڭ

[①] ئىمام مۇستافا موللا ھاجى (1881 ـ 1945): مىسىرلىق مەشھۇر دىنىي ئالىم، دىنىي ئىسلاھاتچى.



تالانتلىق مۇتەپەككۇرى ئىكەنلىكىگە قايىل قىلالايدۇ. ئۇنىڭغا باشقا مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن بېرىلگەن «ھۆججەتۇل ئىسلام» (ئىسلامنىڭ ھۆججىتى) دېگەن شەرەپلىك نام ئۇنىڭ ئورنىنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى دەلىللەيدۇ» دەيدۇ.

غەززالىنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ ھەمىد مۇھەممەد غەززالى، ھۆرمەت نامى «ئىسلامنىڭ ھۆججىتى»، ھىجرىيە 450 ـ يىلى يەنى مىلادىيە 1058 ـ يىلى پېرسىيىگە تەۋە خوراسان رايونىدىكى تۇسقا قاراشلىق بىر يېزىدا تۇغۇلغان. يەنە بەزىلەر ئۇنى تۇس شەھىرىدە تۇغۇلغانمۇ دېيىشىدۇ.

غەززالى تۇس شەھىرىدە ئاساسىي پەنلەرنى ئۆگەنگەن، ئاتىسى ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن ئىنىسى ئەھمەدنى ئوقۇتۇش ئىشىنى بىر دوستىغا ۋەسىيەت قىلىپ قالدۇرغان. ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئىككى نارەسىدە يېتىم قالىدۇ، بالىلارنىڭ چوڭى بولغان غەززالى شۇ چاغدا يەتتە ياشتا ئىدى. ئۇلار ھاۋالە قىلىنغان ھېلىقى ياخشى كۆڭۈللۈك ئادەم ئاتىسى قالدۇرغان مىراس تۈگىگۈچە ئۇلارغا كۆڭۈل قويۇپ خەتتاتلىق، ئەدەبىيات ئۆگەتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ سوپىلاردەك بالىلار ئۈچۈن قەلەندەرلىك قىلىشنى خالىمىدى. ئۇلارنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ: «سىلەر بىلىسىلەر، خەجلىگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىلەر ئۈچۈن خەجلىنىپ تۈگىدى، مەن ھېچنېمەم يوق بىر ئادەم، سىلەر ئىككىڭلارنى باقىدىغانغا مېنىڭ مال ـ دۇنيايىم يوق. مېنىڭچە سىلەر ئەڭ ياخشىسى بىرەر خانلىق مەدرىسكە بېرىڭلار، ئۇ يەردە ھەم بىلىم ئالالايسىلەر ھەم قورسىقىڭلاردىن غەم قىلمايسىلەر» دېدى. شۇنىڭ بىلەن غەززالى ئىنىسىنى ئېلىپ بىر مەدرىستە پۈتۈن زېھنى بىلەن فىقىھ ئوقۇدى. بۇ غەززالىنىڭ «بىز ئاللا ئۈچۈن بىلىم ئالمىدۇق، ئەمما مېنىڭ ئىشىنىدىغىنىم پەقەت ئاللادۇر» دېگىنىدەك ئىدى.

غەززالى ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە تۇستا دەسلەپ ئىمام ئەھمەد لاسكاندىن شەرىئەت ئىلمى ئۆگەندى. ئاندىن ئەينى چاغدا شەرىئەت ئالىملىرى ۋە ھەدىس ئالىملىرى توپلانغان شەھەر جۇرجانغا بېرىپ، ئىمام ئەبۇ ناسىر ئىسمائىلدىن تەلىم ئالدى. كېيىن تۇسقا قايتىپ كېلىپ ئۇ يەردە ئۈچ يىل تۇردى، جۇرجاندا ئالغان بىلىملىرى ئۈستىدە چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزدى ۋە ئۇنى سىستېمىلاشتۇردى. ئاندىن ئۇ نىشاپۇرغا باردى، ئىمام شىرى جىياد جۇۋەينىدىن شەرىئەت ئۆگەندى، بۇنىڭ ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولدى، لوگىكىلىق دەلىلنىڭ تۇرلۇك ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشتى، پەلسەپە ئوقۇدى ۋە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سىستېمىلاشتۇردى، تېزلا ساۋاقداشلىرى ئارىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەنلەردىن بولۇپ قالدى. كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئىلمىنىڭ ھەممە ساھاسىدە تالانت جۇلالىنىپ تۇرغان پىكىرلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى.

ھىجرىيە 478 - يىلى يەنى مىلادىيە 1085 - يىلى جۇۋەينى ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن غەززالى خوراسان دۆلىتىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇل مۇلكنى تاپتى. ۋەزىر بۇ چاغدا بىر ئىلىم مۇنازىرىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. غەززالى مۇنازىرە سورۇنىغا كىرىپلا بىر قىسىم مەسىلىلەردە ئالىملار بىلەن مۇنازىرىلەشتى ۋە رەقىبىنى يەڭدى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ نامى جاھانغا پۇر كەتتى. شۇ چاغدا ۋەزىر نىزامۇل مۇلك ئۇنى باغدادقا بارىدىغانغا تاللىدى، ئۇ باغدادتا نىزامىيە خانىلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلاتتى. بۇ ھىجرىيە 484 - يىلى بولۇپ، غەززالى 34 ياشقا كىرگەنىدى. ئۇ باغدادتا قىزغىن قارشى ئېلىندى، چۈنكى ئۇنىڭ نامى ئاللىقاچان ئۇ يەرگە يېتىپ بولغانىدى.

باغدادتا غەززالى كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. بۇ خىل ھۆرمەت ئىلاھقا بولغان ھۆرمەتكە يەتكىلى تاس قالدى. ئىبن



سەبىباجىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ قائىدە - يوسۇنلۇقى ھەقىقەتەنمۇ پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنى قايىل قىلغانىدى. ھەتتا ئۇنىڭ زاماندىشى، ئىلگىرى - كېيىن خوراسان ۋە ئىراقلاردا ئىمام بولغان ئابدۇللا جەفەر پالاشمۇ شۇنداق دەيدۇ.

دېمىسىمۇ بۇ باسقۇچ غەززالى ھاياتىدىكى شانلىق بىر پەللە. ئۇنىڭ نام - ئابرويى ئۆسۈپ شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يۇلتۇزى» ناملىق ئەسىرىدە، «ئەمىرلەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆز كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ قانداق تەقەززالىق بىلەن ماڭا يېقىنلىشىدىغىنىنى، ئۆز سۆز - ھەرىكەتلىرىگە غەمخورلۇق قىلىشىمنى تاپىلايدىغىنىنى كۆرۈشىدۇ» دەيدۇ.

غەززالى ئۆزىنىڭ بۇ قىسقىغىنە مۇھىم ۋە بۈيۈك ئورنىدىن سۆيۈنىدۇ. ئەمما كېيىنكى مەزگىلدە ئۇنىڭغا قارشى دەھشەتلىك ئۆكتە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئۆكتە ئۇنىڭ ئاتالمىش بەختى ۋە شەرىپىنى ئېلىپ كەتتى. ئەلۋەتتە قارشىلىق ھەرگىز تويۇقسىز بولمىدى. غەززالى نام - ئابرويدىن مەست بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا، ئۇنىڭ قەلبىدە پانىي ئالەم بىلەن باقىي ئالەم ئارىسىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ مۇكەممەللىكىگە نۇقسان يەتتى، ئۆزىنىڭ رولىنى جارىي قىلدۇرالمىدى.

بۇ خىل مەنىۋى توقۇنۇش ئاخىرىدا ئۇنى مۇدەررىسلىك قىلالماس قىلىپ قويدى. قەلبىدىكى چوڭقۇر ئازاب تەن ساغلاملىقىغا تەسىر يەتكۈزدى، زېھنى چېكىنىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىدە يۈز بەرگەن غەيرى نورمال روھىي ھالەت ھەققىدە «كېيىن مەن ئامالسىز قالدىم، ئاللادىن ياردەم تىلىمەي بولمىدى. ئاللادىن تىلىگەندە ئۇنىڭ جاۋابىغا ئېرىشتىم، شەخسىي نام ئابرويىمنى ئۇنتۇشقا، ئۇنى بالا - چاقام ۋە دوستلىرىمنىڭ سىرتىغا قويۇشقا ئۈندىدى» دەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ غەززالى باغدادتىن ئايرىلىپ دەمەشققە

كەلدى، ئۇ يەردە ئىككى يىلدەك ياشىدى. بۇ ئىككى يىل جەريانىدا ئۇ ھېچنېمە قىلمىدى، پەقەت قەلبىنى پاكلاپ نىيىتىنى دۇرۇسلاش ۋە مىجەزىنى ئۇگشاش كويىدا يالغۇز قەدىر ئەھۋال تۇرمۇش كەچۈردى. ئۇ كۈن بويى دەمەشقتىكى بىر مەسچىتتىن چىقماي ئاللاغا سېغىندى.

غەززالى دەمەشقتىن قايتىش سەپىرىدە ئىلگىر - كېيىن بولۇپ قۇددۇس، مەككە، مەدىنىلەرنى زىيارەت قىلىپ باغدادقا كەلدى. باغدادتا ئۇزاق تۇرمايلا داۋاملىق شەرققە مېڭىپ تۇس، ھەمەدان، نىشاپۇرلار ئارىسىدا ساياھەتتە بولدى.

ھىجرىيە 499 - يىلى 12 - ئايدا ۋەزىر فاھىر بىننى مۇلىك غەززالىنى نىشاپۇر خانلىق مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك قىلدۇرغانغا قايىل قىلدى.

تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن ئاشۇرا كۈنى مۇلىك بىر باتىنىيە مۇرىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن غەززالى نىشاپۇردىن ئايرىلىپ تۇسقا كەلدى، ئۇ يەردە ئاخىرقى ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئۆز تۇرالغۇسىنىڭ يېنىغا بىر مەكتەپ سېلىپ، بىر بۆلەك سوپى تەرىقىتىدىكى ئالىملارنى مۇدەررىسلىككە قويدى. ئۇ ئۇلارغا بەك غەمخورلۇق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەكتەپنى سوپى تەرىقەتچىلىرى كونترول قىلدى. ھىجرىيە 505 - يىلى يەنى مىلادىيە 1110 - يىلى غەززالى ئالەمدىن ئۆتۈپ، تۇس شەھىرىگە دەپنە قىلىندى.

## 2. غەززالىنىڭ ئاساسلىق ئەسەرلىرى

### 1. «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يولتۇزى»

بۇ ئەسەرنى غەززالى ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا يازدى، ئۇ بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى مەسىلەن، «پەيلاسوپلارنىڭ



زىددىيىتى»، «ئېتىقاد ۋە پەرھىز» ۋە «پەيلاسوپلارنىڭ ئەقىدىسى» ناملىق ئەسەرلىرىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئەسەر دىنىي پەلسەپە بىلەن بولغان بارلىق پەرقىنى بايان قىلغان بولۇپ، ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان. مەزكۇر كىتاب يەنە ئاپتورنىڭ ھەر قايسى دەۋردىكى ھاياتىنىمۇ تىلغا ئالغان، ھەتتا ئۇ شەخس خاتىرىسى دەپ ئاتىلىپ، نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئۇنى ژان ژاك رۇسسو شەكلىدىكى «ئۆكۈنۈشنامە» دەيدۇ، بىراق ئۇ كېيىنكى كىتابقا قارىغاندا مەزمۇن جەھەتتىن تار، چۈنكى ئۇ پەقەت ئاپتورنىڭ ئاددىي مەنىۋى تۇرمۇشىدۇر.

يەنە باشقا بەزى كىشىلەر غەززالىنىڭ بۇ كىتابى بىلەن دېكارتنىڭ «مېتودولوگىيە» سى مەقسەت ۋە مېتود جەھەتتە بەزى گەۋدىلىك ئوخشاشلىققا ئىگە دېيىشىدۇ. بۇ ئىككى كىتاب ئوخشاشلا ئاپتورنىڭ ئىدىيە تەرەققىياتى ھەققىدە سۆزلىگەن بولۇپ، ئەرەب ئەنئەنىۋى پەلسەپىسى ۋە دېكارىت گۇمانىزم پەلسەپىسىنىڭ باشلانمىسى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئىككى پەيلاسوپنىڭ مەقسىتى ھەقىقىي بىلىمگە بولغان تونۇشقا ئېرىشىش. «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يولتۇزى» ناملىق كىتابتا غەززالى ئۆزىنىڭ ئىدىيە ۋە ئېتىقاد تەرەققىياتىغا بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەن.

بۇ ئەسەرنى يېزىشنىڭ تۈرتكىسى غەززالى يازغان كىرىش سۆزدە كۆرسىتىلگەن. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بىرسى ئۇنىڭدىن كىتابتىكى شەخسىي ئىشلار ھەققىدە سوراپتۇ. ئۇ جاۋابەن: «قېرىندىشىم، سىز مېنىڭدىن دىنغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى، مەن سىزگە بېرىدىغان بىلىمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ تېگىنى، ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ زېمىنىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى سورايسىزغۇ دەيمەن. مەن سىزگە دېسەم، مەن ھەر قايسى مەزھەپلەرنىڭ ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقى ۋە ئۇلار قوللانغان

تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارىسىدا ھەقىقەتەن بار تۇسالغۇلارنى تاپماقچى. ئەمدى سىزگە دېسەم، مەن ئالدى بىلەن كالامىيەتتىن مەنپەئەت ئالدىم، ئاندىن ئەنئەنىۋى مائارىپ ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئۇسۇلىدىن بىر مۇنچە مەسىلىلەرنى چۈشەندىم، ئاندىن يەنە پەلسەپە مېتودولوگىيىسى بىلەن ھەقىقەتنى بىلدىم ۋە ئاخىرىدا سوپىلار تەرىقىتىنىڭ مېتودى (ئۇسۇلى) بىلەن ئاغزىمغا تېتىغۇدەك بىلىمگە ئىگە بولدۇم» دەيتۇ.

ئۇ بۇ كىرىش سۆزدىن كېيىن مەزكۇر كىتابنىڭ مەزمۇن تەپسىلاتىغا ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدا ھەر قايسى فىقھىلار ئارىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىنى، ھەر قايسى كالامىيەت مەزھەپلىرى ئارىسىدىكى ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىقنى ۋە سوپىلارنىڭ ھەر قايسى تەرىقەت يوللىرىدىكى ئۇسۇللارنىڭ ئوخشىماسلىقىنى سۆزلەيدۇ، «خۇددى كۆپچىلىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك، ھەممە مەزھەپ ئۆزلىرىنى دىنىنىڭ قۇتقازغۇچىلىرى دەپ ئاتايدۇ.»

غەززالى ھەقىقىي بىلىم يەنى ئىشەنگۈچىلىكى بار بىلىمنى ئىزدەشكە بەكرەك كۆچىگەچكە، بۇ ئۇنى ھەقىقەت دېڭىزىغا باشلاپ كىرگەن. يېشى يىگىرمىگە توشمىغان ياشلاردا بولىدىغان جۇشقۇنلۇق ئۇنى ھەر قايسى مەزھەپلەر تەۋسىيىسىدىكى سىر-ئەسرالارنى بىلىشكە سۆرەپ، ھەق بىلەن ناھەقنى ئىلغاتقان.

غەززالى باتىنىيە مەزھىپىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىلىرىغا شەرھىي يېزىشقا ئەھمىيەت بەرگەن ۋە قەتئىي ھالدا «قۇرئان كەرىم»نى خەت مەنىسى بويىچە چۈشىنىشنى تەۋسىيە قىلغۇچى زاھىرىيىلەر مەزھىپىنى تەتقىق قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە پەلسەپە، فىقھە، سوپىلار تەرىقىتى ۋە بىدئەتلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن. بۇ تەتقىقاتلار ئۇنىڭ ئۆزىدە زور تەسىرلەرنى پەيدا قىلغان. چۈنكى ئۇ ھەقىقىي بىلىمنى



ئىزدىگەن بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئەقىدە ھەقىقىي بىلىمنى كۆرۈشكە پايدىسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەقلىيلىق ۋە ھەقىقىي بىلىمگە پەرۋاسىزلىق قىلىدۇ، كونا سەنئەتكە ئېسىلىۋالىدۇ. شۇڭا ھەر قانداق مەزھەپ ئەجدادلىرىنىڭ دىنىغا يېڭى بىر ۋارىس تېپىش بىلەنلا ئاۋارە.

دېمەك، بارلىق بىلىملەرنى شەك-شۈبھىسىز ھالدا ئاشكارا قىلغان ھەقىقىي بىلىمگە جەزمەن ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ھەقىقىي بىلىمنىڭ ئۆلچىمى «ئىلھام» ئۈستىدە ئۆرە بولغان ئىچكى ئىشەنچتۇر.

بىراق غەززالى ھەقىقىي بىلىمنى بېكىتكەندە ۋە ئىشەنچىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەندە بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ تەكشۈرۈشنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭغا ئايانكى، مۇشۇنداق شەرھلەنگەن بىلىم زۆرۈرىيىتى بولمىسىلا سەپسەتىدۇر. ئاندىن غەززالى بۇ خىل بىلىمگە ھۆكۈم قىلىشقا ئۆتۈپ، ئۇ بۇرۇن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقاندەك ساختا بىلىم ئەمەس دەپ كېسىم قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ سەزگۈ ئارقىلىق ھەق بىلىمگە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، چۈنكى سەزگۈ ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. مەسىلەن، قۇملۇقتا يىراقتىن بىپايان كۆل كۆرۈنىدۇ، بىراق تەكشۈرگىنىمىزدە ئۇ بىر ئېزىتقۇ بولۇپ خاتا سېزىم پەيدا قىلىدۇ. يەنە ئالايلۇق، ئاسماندىكى يۇلتۇز قارىماققا تەڭگىچە چوڭلۇقتا بولىدۇ، بىراق سان-سىپىرلار دەلىللەيدۇكى، ئۇلار يەر شارىدىنمۇ چوڭ.

غەززالى كۆزنىڭ خاتا سېزىمىنى ئىسپاتلىغاندا، سەزگۈ ئەزالىرى ۋە سېزىلگۈچى شەيئىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان. ئۇ كۆڭلىدە ئەجەبا ھەممىگە ئەقەللىي ئېتىقاد خۇددى 10 بولسا 3 تىن چوڭ دېگەندەك مۇتلەق ۋە چىن ئېتىقاد ئەمەسمىدۇر؟ دەپ ئويلايدۇ. ئىنكار قىلىش بىلەن

مۇئەييەنلەشتۇرۇش ھەرگىز بىر شەيئىدە ئۇچراشمايدۇ.

بۇ ئۇنى ئەقلىيلىقنىمۇ ھەقىقىي بىلىم يوق ئىكەنلىكىنى ئەتقىق قىلىشقا سۆرىدى. چۈنكى ئەقلىيلىقتە ئىنسان كەيپىدىن ئېلىنغان نىسپىيلىك بولىدۇ. ئۇ بۇ تەتقىقاتىدا بىر قىسىم دەلىل ۋە پەرەزلەرگە ئىلتىجا قىلدى. سېزىلگۈچى جىسىم ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئۇ ئۆزىگە سوئال قويدى: «سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەقلىي شەيئىلەرگە بولغان ئەقىدەڭنىڭ ئۆزۈڭنىڭ سەزگۈلىرى ۋە سېزىلگۈچى شەيئىگە ئوخشايدىغانلىقىغا قانداق ئىشىنىسەن؟ مەن بۇرۇن ئىشىنىپ باققان، بىراق كېيىن ئەقلىي ھۆكۈم مېنى ئىنكار قىلدى. ناۋادا بۇ ئەقلىي ھۆكۈم بولمىغان بولسا، مەن داۋاملىق ئاشۇنداق ئىشىنىۋېرەتتىم. ئەقلىي ھۆكۈمدە ئېغىش كۆرۈلگەندە بۇ ئەقلىي بىلىشنىڭ ئارقىدىن يەنە باشقا بىر خىل ھۆكۈم بىلەن ھېسسىي ھۆكۈم يەنە چوقۇم پەيدا بولىدۇ. بىلىش جەريانىدىكى بۇنداق ئېنىقسىزلىق ھەرگىز ئۇنىڭ پەيدا بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوقلۇقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەجەبا سىز ئۇخلاۋاتقاندا بىر قىسىم ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى، ھەر خىل خىياللارنىڭ باش كۆتۈرگىنىنى كۆرمىگەن ھەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيەت دەپ قالمىغانمۇ؟ ئەمما سىز ئويغىنىپلا بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلىيەت ئەمەسلىكىنى، ھېچقانداق ئاساسىنىڭ يوقلۇقىنى كۆرىسىز. ئىنسانلار ئۇيقۇچىلىقتا كۆرگەن نەرسىلەر ئويغاقلىقتا ئىنكار قىلىنىدۇ. شۇڭا ئەقلىي بىلىممۇ بىر خىل خىيال. سوپىلار تەرىقىتىدىكى «كۆزىتىش» ۋە ئۆلۈم تەجەللىي قىلغان ئىنسانلارغا خاس پىنھان ھادىسىلەر بۇ نۇقتىئىنەزەرنى قۇۋۋەتلەيدۇ. «ھەدىس»تە «ئادەم بىر ئۇيقۇچى، ئۆلۈش بىلەن ھەممە نېمە تۈگەيدۇ. پانىي ئالەم باقىي ئالەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بەلكىم بىر خىل ئۇيقۇ» دەپ ئېيتىلىدۇ.»

شۇنداق قىلىپ غەززالى ئىدىيىسى ھاياتقا بولغان گۇمان



بىلەن توشۇپ، ئۆزىگە پىششىق تۇرلۇك ئۆلچەملەرگە بولغان ئەقىدىسىنى يوقىتىدۇ، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا يولدا ماڭىدىغان تەپەككۇرىدىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئىدىيىۋى كۈچتىن مەھرۇم قىلىشتەك ۋۇجۇد كېسىلىگە مۇپتىلا بولىدۇ، بۇ خىل ساقسىزلىق ئىككى ئايچە داۋاملىشىدۇ.

كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلىدۇ، ئەقلىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى قوبۇل كۆرىدۇ ۋە ھەقىقىي بىلىمگە ئىشەنچىنى بېرىدۇ. بىراق ئۇنىڭ گېپىچە بولغاندا، بۇ، دەلىللەرنىڭ، تىلنىڭ شىستېمىلىشىشى ۋە سۆزلەرنىڭ جايى - جايىنى تېپىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئاللانىڭ ئۇنىڭ دىلىغا ئۆز نۇرىنى ياغدۇرغىنىدىندۇر. بۇ نۇر تېخىمۇ نۇرغۇن بىلىملەرنىڭ ئاچقۇچى. ئاندىن غەززالى ھەقىقىي بىلىم ئىزدەيدىغانلارنى تۆت خىلغا ئاجرىتىدۇ، يەنى كالامىيەت تەرەپدارلىرى، باتىنىيە تەرەپدارلىرى، پەلسەپە تەرەپدارلىرى، سوپى تەرىقىتى تەرەپدارلىرى. غەززالى كالامىيەت تەتقىقاتىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز مۇرتلىرىنىڭ مۇددىئاسىغا سادىق بولىدىغانلىقىنى، پاشقىلارنى قايىل قىلىش بىلەن چەكلىنىدىغانلىقىنى، ئالدىنقى شەرتى پەقەت كۆچۈرۈش ۋە تەقلىد قىلىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان. شۇڭا ئۇ كالامىيەتتىن قول ئۈزۈپ پەلسەپىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئەمما ئەينى چاغدىكى پەلسەپىچىلەر ئۈچ خىلدا ئىدى، يەنى دىنسىزلار، تەبىئەتچىلەر ۋە دىندارلار. دىنسىزلار ئالەمنىڭ ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ئىنكار قىلاتتى، دۇنيانىڭ ئەسپتىداسى يوقلۇقىنى، ھايۋانلارنىڭ ئەزەلىيلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. غەززالى بۇ خىل كىشىلەرنى بىدئەت دەپ قارىدى.

تەبىئەتچىلەر روھنىڭ ئۆلمەيدىغىنىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئەمەلگە تۇشلۇق مۇكاپات ۋە جازانىڭ بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، ئەمما تەبىئەتتىكى تۇرلۇك مۆجىزىلەرنى كۆرگەندە بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىنساننىڭ

زېھنىي كۈچى ئىنسان تەبىئىتىدىن كېلىدۇ دەيدىغان گەپلىرى بىر سەپسەتىدۇر. غەززالى بۇ كىشىلەرنى مەست كاللىلار، جۆنۈنلار بىلەن سېلىشتۇرىدۇ.

دىندار پەيلاسوپچىلار مەسىلەن، سوقرات، ئەپلاتون ۋە ئارىستوتىللار تەبىئەتچىلەر ۋە دىنسىزلارنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە ئۇلارنى ئازغۇنلار دېيىشىدۇ. ئەمما دىندارلار ئارىسىدىكىلەرنىڭ قاراشلىرىدىمۇ زىددىيەت بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ روشىنى ئارىستوتېل. ئۇنىڭدا بىر مۇنچە بىدئەتچى قاراشلار ساقلانغان بولۇپ، كېيىن فارابى ۋە ئىبن سىنا تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنىڭ يۇقىرىقى ئىككى پەيلاسوپنىڭ قولىدا كۆچۈرۈپ ئېلىپ كېلىنىشى ئۈچ تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسىگە چوقۇم قاتتىق پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، ئىككىنچىسىگە ئىجادىي مۇئامىلە قىلىش لازىم، ئۈچىنچىسىنى ئەينەن قوبۇل كۆرۈش زۆرۈر.

غەززالىنىڭ ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئىككى ئوقۇغۇچىسى — فارابى ۋە ئىبن سىناغا بولغان قارشى مۇنداق: ئۇلاردا ھەقىقەتەن بىدئەتچىل نۇقتىئىنەزەرلەر بار. ئۇ ئۇلارنىڭ بىر مۇنچە قاراشلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، تەن ئۆلمەيدۇ، مۇكاپات بىلەن جازاغا ئۇچرايدىغىنى خاس روھ. جازا جىسمانىي بولمايدۇ، بەلكى مەنىۋى بولىدۇ دېگەندەك. ئۇ يەنە ئۇلارنىڭ ئاللا ئومۇمىيلىقنى بىلىدۇ، ئايرىملىقىقا نەزەر سالمايدۇ دېگەنلىرىنىمۇ ھەقىقەتەن بىدئەتلىك دەيدۇ. چۈنكى ئاللا ئالەمدىكى ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. ئۇلار دۇنيانىڭ ئەزەلىيلىكىنى ۋە ئىپتىداسى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ، ئەمما مۇسۇلمانلار بۇ گەپنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمايدۇ.

ئاندىن غەززالى پېداگوگىكىغا ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆز



ئوقۇغۇچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان چوقۇم بىر مەھدىيول ئۇستاز بولۇشى كېرەك دەيدىغان ئېيتىشلارنى قوللىمايدۇ. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر بىر ئۇستاز، ئۇ مائارىپنى ئاللىقاچان مۇكەممەللەشتۈرۈپ بولغان. ئاللا «قۇرئان كەرىم» دە: «بۈگۈن مەن سىلەر ئۈچۈن دىنىڭلارنى ۋايىغا يەتكۈزدۇم ھەم سىلەرنى ئىنئامىمغا چۆمدۈردۈم، ئىسلامنى سىلەرگە دىن قىلىپ بەردىم، كۆڭلۈم ئارامىغا چۈشتى» دېگەن دەيدۇ.

غەززالى بۇ ئېقىمدىكىلەرگە جاۋابەن: «سىلەر رەسۇلۇللا ئۆلدى دەيسىلەر، بىز بولساق دۇرۇس، سىلەرنىڭ يولباشچىڭلار پىنھاندا دەيمىز. ئۇلار: بىزنىڭ يولباشچىمىز دىن تەرغىباتچىلىرىنى تەربىيىلەيدۇ ھەم ئۇلارنى زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىدۇ، دەيدۇ. بىز: بىزنىڭ يولباشچىمىز دىن تەرغىباتچىلىرىنى تەربىيىلىگەن ھەم ئۇلارنى زېمىننىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتىپ تەرغىپ قىلىش خىزمىتىنى تاماملىغان. تەرغىپ قىلىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، يولباشچىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭغا ھېچقانداق زەخمەت يەتكۈزمىگەن دەيمىز.» غەززالى بۇ ئەتقىقاتنىڭ ئاخىرىدا دىنىي تاۋلىنىشنىڭ ياخشى تەرىپى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان ھەم ئىمامنىڭ بارلىق ئەمەلىنى ئاۋامنىڭ باھاسىغا قويۇپ، پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويماسلىقنى، ياخشى تەرەپنى يۈيۈۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغان.

بۇ يەردە كۆرسىتىش زۆرۈركى، «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يولتۇزى» سۆزى شەرق مەدەنىيىتىمىزدىكى ئوخشاش خىلدىكى كىتابلاردا ئاساسەن ئۇچرىمايدۇ. چۈنكى بىزنىڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلىرىمىز تېخى ئۆزلىرىدىكى ئىندىيە تەرەققىياتى ۋە ئاڭنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىشلىرىنى خاتىرىلىمىگەن. بىلىشىمىزچە، غەززالىمۇ بۇ خىل ئەھۋالنىڭ سىرتىغا چىقالمىغان. پەقەت خالىس بىننى ئەسئەد مۇھاشىب ئۆزىنىڭ «نەسىھەتنامە» سىنىڭ كىرىش

سۆزىدە ئۆزىنىڭ ئەندىشە ۋە گۇمانلىرىنى سۆزلەپ ئۆتۈپ، ئاندىن ھەقىقىي ئېتىقادقا بارغان. غەززالى خالىسىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان، بۇنىڭدىن بىر مۇنچە نەرسىلەرگە ئىگە بولغان. بەلكىم، دەل مۇشۇ «نەسىھەتنامە» نىڭ كىرىش سۆزى غەززالىنىڭ «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يولتۇزى» ناملىق بۇ ئەسىرىنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

غەززالىنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ۋە خاھىشىنى كۆرسىتىدىغان يەنە بىر ئەسەر «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى». ئەمما كىگانت ئەسەر «دىنىي ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» ئۇنىڭ ئەڭ نادىر ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئەسەر بىردەك ناھايىتى مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

غەززالىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نەچچە ئون ئەسىرى بار. ئىمام سالىھ يەھيانىڭ سانىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى جەمئىي 80گە بارىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە قىسقىچە شەرىئەت ۋە مادارا ھەققىدىكى ماقالىلەر، كالامىيەتكە ئائىت «ئەقىدە ۋە پەرھىز»، پەلسەپىگە ئائىت «پەيلاسوپلارنىڭ تۈپ مەقسىتى» ۋە سوپىلار تەرىقىتىگە ئائىت «بىلىمنىڭ ئىشىكى» دېگەندەك ماقالىلەر بار.

2. «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى»

غەززالىنىڭ «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى» ۋە ئىبنى رۇشدىنىڭ «زىددىيەتنىڭ زىددىيىتى» دېگەن ئەسەرلەر ئىسلام پەلسەپىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر. بۇ ئىككى ئەسەر ھەم قارىمۇ قارشى ھەم بىر - بىرىگە ماس، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ. بىرىنچىسى پەيلاسوپلارغا بېرىلگەن زەربە، ئىككىنچىسى پەيلاسوپلارغا بولغان قوغداش.

غەززالى «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى» نى ھىجرىيە 484 - يىلى يازىدۇ. تەخمىنەن يۈز يىلدىن كېيىن «زىددىيەتنىڭ زىددىيىتى» دۇنياغا كېلىدۇ. بىز «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى»



نى تەتقىق قىلغاندا، غەززالىنىڭ پەلسەپىنىڭ ئاساسىنى يىمىرگەن ھەم ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلغان بىر مۇتەپەككۇر، پەلسەپىۋى ئىدىيىسىدە ئېتىقادى ئەڭ سەممىي، يازغان ئەسىرى ئەڭ كۆپ بىر پەيلاسوپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئەمما بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار بۇ ئەسەردىن زىددىيەتنى بايقايدۇ. يەنى غەززالى ئەقلىيلىقنىڭ قابىلىسىزلىقىغا ئىشىنىمۇ، ھەقىقىي ئېتىقادقا ئېرىشكەندە قانائەت قىلىدۇ، ئەمما ئۇ چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ئەقلىي مۇنازىرە بىلەن پەيلاسوپلارنىڭ ھەقىقىي بىلىمىنى تامامەن بۆسۈۋەتكىلى بولىدۇ.

غەززالى بارلىق تىرىشچانلىقى بىلەن پەيلاسوپلارغا دەلىللەيدۇكى، پەلسەپىۋى پاكىت ھېچقانداق مەسىلىنى ئىسپاتلىيالمايدۇ، ئەمما يامان بولغىنى ئۇنىڭ ئۆزى ئامالسىز پەلسەپىۋى پاكىت بىلەن بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. بىراق جەزىم قىلىمىزكى، بىز «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى» ناملىق كىتابتىن بايقىغان گۇمان ۋە تەپەككۇرنى ئاساس قىلغان ئىنكار ھازىرقى زامان پەلسەپىسى ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىك بىر پەلسەپىۋى نەتىجە. ئەمما دېكارت قاتارىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى پەقەت مۇشۇ پەلسەپە زاۋاللىقىنىڭ مەھسۇلى، خالاس.

غەززالى «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى» ناملىق ئەسىرىدە ئىشلەتكەن ئۇسۇل (مېتود) دىن بىلەن پەلسەپىنى ئاساس قىلغان لوگىكىلىق دىئالېكتىكا بولۇپ، كۆپ ئەھۋاللاردا ئۇ ئارىستوتېلنىڭ لوگىكىسىنى ئۆلچەم قىلىدۇ؛ بىر مۇنچە چاغلاردا ئەشئەرىيلەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى بىلەن ئۆز قارىشىنى قوغدايدۇ. ئۇنىڭ مۇرتلىرى بۇ ئۇسۇلنى قوبۇل قىلغان، يەنى ئالدى بىلەن تۈرلۈك تالاش - تارتىشلىق مەسىلىلەرنى يانداپ ئۆتۈپ، قارشى پىكىرلىكلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىللىرىنى تىزىۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى مۇزاكىرە قىلىدۇ، ئاجىزلىقىنى تېپىپ چىقىپ ھۇجۇمغا

ئۆتىدۇ. بۇ خىل ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ باش مۇددىئاسى ۋە تۈپ مەقسىتى بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى پۈتۈنلەي غۇلىتىۋېتىش ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭچە، ئۇنىڭدىكى بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلەر توغرا بولۇپ، شەرىئەتكە ئۇيغۇن.

ئەمما غەززالىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئاساسلانغان ئەقلىي مۇنازىرە ئۇسۇلىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش. مەسىلەن، روھنىڭ ئەبەدىيلىكى مەسىلىسىگە قارىتا، غەززالى ۋە پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق گەپنى قىلىدۇ. بىراق غەززالى پەيلاسوپلارنىڭ روھنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاشتا ئىشلەتكەن ئۇسۇلىغا رەددىيە بېرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ دېگىنىچە بولغاندا، ئۇ بۇ كىتابتا پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتىنى قالايمىقان قىلىۋەتمەكچى، ئۇلارنى چەتكە قاقماقچى. بۇنىڭ تېگىدىكى مۇددىئا ئۇنىڭ ئۆزى دېگەندەك ساپ ئېتىقاد ۋە تەۋسىيىلەرنى سەمىگە سېلىش ھەم ئۇلارنىڭ كونكرېتلىشىشى ساپ ئادەم بولىدۇ دەپ بىلىش. بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، ئەقىل ئىلاھىي ئىلھامنى يېتەكچى قىلمايدۇ، شۇڭا دىنىي ئىلىم ھەققىدە توغرا تونۇشقا ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك نۇقتا شۇكى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى پەلسەپە بىلەن دىنىي مۇرەسسەلەشتۈرگۈچى بىر قىسىم ناسارا پەيلاسوپلار ئېتىقاد ئەقلىيلىقتا چوقۇم بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇ توغرا تەپەككۇرنىڭ شەرتى. پەقەت ئەقلىيلىقلا بولۇپ، ئېتىقادتىن كەلگەن ئىلھام ۋە جۇشتىن خالىي ھالدا پەلسەپىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغىلى بولمايدۇ، دەپ قارىغان. بەلكىم بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر پەيلاسوپ ئانسېلمۇس (1033 — 1109) بولسا كېرەك.

3. « دىنىي ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى »

بۇ زور ئەسەر تۆت قىسىمغا بۆلۈنىدۇ، بۇ غەززالى ئىچكى



گۇمانسىراشنى يوقاتقاندىن كېيىن ئون يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ يېزىپ چىققان ئەسەر.

كىتابنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە دىنىي تىلاۋەت، دىنىي مۇراسىم، شەرىئەت ھۆكۈملىرى تەتقىق قىلىنغان. بۇ بۆلەك ئون بابقا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى باب بىلىمنى سۆزلەيدۇ، يەنى ئۇنىڭدا بىلىمنىڭ بىباھا قىممىتى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ پەرقى تەپسىلىي سۆزلىنىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەك ئۆرپ - ئادەت، ئەدەبىيات، جەمئىيەت ۋە دىنىنىڭ تۇرلۇك مەسىلىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچىنچى بۆلەك ئاپتورنىڭ ئۆزىنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا چەتكە قېقىلىۋاتقان ئەخلاق ۋە ئۇنىڭ ۋۇجۇد ۋە ئىدىيىگە بولغان زەھىرىنى تازىلاش ھەققىدە يېزىلغان. غەززالى «روھنىڭ كارامىتى» نامىدا يېزىلغان كىرىش سۆزىنى بىرىنچى بابىنىڭ باشلانمىسى قىلغان، ئاندىن روھ، مەنىۋىيەت، قەلب ۋە پاراسەتنىڭ مەنىسى شەرھلەنگەن. پەيلاسوپلار بۇ ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىگە ئاز كۆڭۈل بۆلىدۇ، ئەمما ئەڭ دائىملىق خاتالىق ھەرقايسى پەيلاسوپلار، پەن ئالىملىرى ۋە سوپىلار تەرىقىتىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى مۇشۇ ئۇقۇملارنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبلىك پەيدا بولىدۇ. غەززالى ناھايىتى ئەپچىل ئۇسۇل بىلەن بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە پەلسەپىۋى، ئېتىكىلىق تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

مەزكۇر كىتابنىڭ تۆتىنچى قىسمى يەنى ئەڭ ئاخىرقى قىسمى «نىجاتنامە» دەپ ئاتالغان. غەززالى ئۆز تىلى بىلەن مۇنداق خۇلاسە قىلىدۇ:

«ئېسىڭلاردا بولسۇن، ھەرقانداق بىر تەرىپلىنىدىغان پەزىلەت ۋە قارشى ئېلىنىدىغان ئادەت يېقىنىڭلاردىن، دوستۇڭلاردىن كېلىدۇ، يەنە ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار، ھەر بىر ئادەت ماھىيەت،

مەزمۇن، باشقىلارغا مەنپەئەتلىك نەتىجە ۋە ئىلغۇبلىشقا بولىدىغان بەلگە، يەنە ئىنسان تەلپۈنىدىغان ياخشى تەرەپ بىلەن ئۆدۈللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئەقلىي دەلىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.»

غەززالىنىڭ مەزكۇر كىتابىنىڭ بۇ تۆت قىسمىدا ئىشلەتكەن تىلى پىششىق ۋە ئوچۇق بولۇپ، نۇرغۇن ماقال-تەمسىللەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. كىتابتا تۈرلۈك پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۆتتۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ماددىۋىلىقنى كۆچەپ بېسىپ، مەنىۋىيەتنى كۆچلەندۈرگەن.

ئەمما ئۇ بۇ ئەسەردە «قۇرئان كەرىم» گە قەتئىي ئىشىنىدىغان مۆمىن مۇسۇلمانىنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەتقىقات ئېلىپ بارغان، ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شەرىئەتنىڭ ئالاھىدە ھېسسىيات تېمىپ تۇرىدىغان ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرغان ھەم كالامىيەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك دەلىللەشلىرىدىن ياندىغان.

## 3. غەززالىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى

### 1. ئىنسان روھى

غەززالى «روھنى تونۇشنىڭ نۇرلۇق شوتىسى» ناملىق ئەسىرىدە روھ مەسىلىسى، روھىي كۈچ، تەن ئۆلگەندىن كېيىن روھنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەسىلىلىرىنى بايان قىلىدۇ. غەززالى روھ مەسىلىسىدە ئاساسەن ئەپلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە، بەزىدە ئىبن سىنانىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە تايىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ بۇ پەيلاسوپلارغا بولغان پوزىتسىيىسى دۈشمەنلەرچە پوزىتسىيە بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلىرىنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىدۇ.

ئۇ ئارىستوتېلنىڭ روھ تەننىڭ شەكلى، تەننىڭ ئۆلۈشى



بىلەن ئۆلىدۇ دېيىدىغان قاراشلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە روھ تەنگە ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئەبەدىيلىك مەۋجۇدىيەت، يەنى روھىي كۈچ كۆپلۈك بولسىمۇ ئۇ يەنىلا بىر يېگانە يەككىلىك.

تەن بولغاندا ئاندىن روھ بولىدۇ، بىراق روھ تەن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ باقىي ئالەمدە ياشايدۇ. غەززالى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس» تىن دەلىل كەلتۈرۈپ ئىنسان روھىنىڭ ئەبەدىيلىكىنى دەلىللەيدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ يەنە ئىبن سىنانىڭ ئەقلىي دەلىلىنى يېتەكچى قىلىدۇ.① ئەمما بۇمۇ غەززالى ئۆزىنىڭ «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى» ناملىق كىتابىدا غۇلىتىۋەتمەكچى بولغان بىر يول.

روھ ئۆلۈمدىن كېيىن بىرنەچچە دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە لەززەتچىل بىر خىل روھ بار، ئۇ پانىي ئالەمنى بىلىش بىلەنلا بولغان روھ بولۇپ، رەزىللىككە يېقىن، ھەقىقەتكە يىراق، ئازغۇنلۇقتا قەتئىيلەردىندۇر. ئۇ باقىي ئالەمدە ئازابلىنىدىغانلاردىن، بىچارىلەردىن. غەززالى: «كىمكى بۇلارغا نەزەرىنى سالمايدىكەن، ئۇلار باقىي ئالەمدىكى قارىغۇلاردۇر» دەيدۇ. ئەخمەقلەرنىڭ روھىغا كەلسەك، ئۇ ئاللانىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاجىزلار، ئاللانىڭ مۇددىئاسى ئۇلارنى توۋا قىلدۇرۇش.

### 2. بىلىش نەزەرىيىسى

ئىنسانىنىڭ بىلىشى توغرۇلۇق بولىدىغان پەلسەپىۋى مۇنازىرە پەلسەپىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەلسەپىسىدە بۇ نۇقتا ئالەم قارىشى ۋە دۇنيا قاراش تىكلەشنىڭ چىقىش نۇقتىسى.

بۇ پەلسەپىۋى مۇنازىرىلەرنىڭ بىرى مۇزاكىرە ۋە تەتقىقاتلار

① مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىبن سىنانىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى تەتقىقاتىدىن پايدىلىنىلغان.

ئارقىلىق، بىلىشنىڭ ئەسلى مەنبەسى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىۋى نەقتەلىنىڭ مۇھىم تۇرتكىلىرىنى كۆرستىشكە ئۇرۇنۇش ھەم بۇنىڭلىق بىلەن مۇنداق بىرمۇنچە مەسىلىلەرگە دېگەندەك جاۋاب بېرىش، يەنى ئىنساننىڭ بىلىشى قانداق پەيدا بولىدۇ؟ ئىنساننىڭ ئەقلىي تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئۆزىدە بار ئىدىيىۋى ئۇقۇم ۋە قاراشلاردىن قانداق قۇرۇلىدۇ؟ ئىنسان ئېڭى نەدىن كېلىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت.

بىلىش نەزەرىيىسى گرېك پەلسەپىسى، ئىسلام پەلسەپىسى ۋە ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ ھەرقايسى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بىلىش پەلسەپە تارىخى سەۋەبلىك بىرنەچچە ھەل قىلىش تەدبىرىگە ئىخلانغان، بۇلار ئارسكارنىڭ پلاتونىزمچە قارىشى، دېكارتنىڭ ئەقلىيلىزم قارىشى، ئەنگلىيە پەيلاسوپى لوكنىڭ سەزگۈ نەزەرىيىسى ۋە ئىسلام پەيلاسوپلىرى ئومۇميۈزلۈك تەكىتلەيدىغان «چەككىلەش» نەزەرىيىسىدۇر. ئاخىرىدا بۇ نەزەرىيە ئىنسان مېڭىسىدىكى ئىنكاسنى ئىككى قىسىمغا خۇلاسىلىدى. يەنى ئاساسىي ئىنكاس ۋە ئىككىلەمچى ئىنكاس دەپ ئايرىدى. ئاساسىي ئىنكاس شەيئىگە بولغان بىۋاسىتە سېزىمدىن كېلەتتى. مەسىلەن، جىسىمنىڭ رەڭگى بار دەيمىز، چۈنكى كۆزىمىزدە ئۇنى كۆرىمىز ھەم ئۇنى تونۇۋالىمىز. شۇنداق قىلىپ سەزگۈلىرىمىز ئېرىشەلىگەن بارلىق ئۇقۇملارنىڭ ھەممىسى ئىنكاسقا باغلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر ئىنكاس ئوبيېكتىغا بولغان سېزىم ئىنكاس ۋە ئادەم كاللىسىدىكى ئىدىيىنىڭ مەنبەسى. بۇنداق بولغاندا بىر قىسىم ئۇقۇملار ئىنكاس پەيدا قىلىشنىڭ مۇھىم ئاساسى بولىدۇ. چوڭ مېڭە مۇشۇ ئاساستا ئىككىلەمچى ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنداق قىلىپ يېڭى ئۇقۇم يارىتىلىشقا باشلايدۇ، يەنى چوڭ مېڭە مۇشۇ ئىنكاسلاردىن بىر



بۆلەك يېڭى ئۇقۇملارنى پەيدا قىلىدۇ. گەرچە سېزىم ئۇنى چوڭ مېڭە تەپەككۇرى تەمىنلىگەن ئۇقۇملاردىن چەككىلەپ ئايرىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا سەزگۈلەر فۇنكسىيىلىرىگە چۈشمىگەن يېڭى ئۇقۇملاردۇر.

بۇ نەزەرىيە دەلىل ۋە تەجرىبىگە ماس كېلىدۇ، بىز ئۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئاندىن سەۋەب ۋە نەتىجىنى بىلەلەيمىز، ماھىيەت ۋە ھادىسە توغرىسىدىكى ئۇقۇملارنىڭ ئادەم مېڭىسىدە قانداق پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ مېڭە سەزگۈ ئۇقۇملىرى ئاساسىدا ئىجاد قىلغان چەككىلىمە ئۇقۇملاردۇر. مەسىلەن، بىز سۇنىڭ 100℃ دا قاينايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بەلكىم بىز سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە قاينىشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ھادىسىنى نەچچە مىڭ قېتىملاپ سېزىپمۇ سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە قاينىشىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى ھېس قىلالماسلىقىمىز مۇمكىن. بۇ، چوڭ مېڭە سېزىمى تەسەۋۋۇرغا تاپشۇرۇلغان بۇ ئىككى ھادىسىدىن چەككىلەپ چىققان ئالىي ئۇقۇملاردۇر.

مۇسۇلمان پەيلاسوپلارنىڭ ھەممىسىلا دېگۈدەك بىز تىلغا ئالغان بۇ خىل «چەككىلەپ بىلىش نەزەرىيىسى»نى ئېتىراپ قىلىدۇ. غەززالى بۇ نەزەرىيىنى تەستىقلايدۇ، ئۇ بۇ خىل بىلىش نەزەرىيىسىنى بۆلۈش جەھەتتە ئۇلار بىلەن ئوخشاش، ئەمما ئۇ ئۈچىنچى خىل بىلىشنى قوشۇپ قويىدۇ، يەنى كۆرسەتمە، ئىزدىنىش ۋە پەرقلەندۈرۈش بىلەن بولىدىغان بىلىش يەنى ھەقىقىي بىلىم. ئۇ بۇ خىل بىلىشنى قەلب ئارقىلىق بولىدىغان بىلىش دەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا چۈشەنچە بېرىپ: «ھەقىقىي بىلىم ۋە بىلىمنىڭ ئاخىرقى چېكى ئىنسان قەلبى بارلىق ئەيىبكار ئەمەللەردىن تازىلانغاندا چاقنىغان بىر خىل نۇردىن ئىبارەت، مۇشۇنىڭ بىلەن ئاللانىڭ زاتى، پەزلى، ئەمەلى، پانىي ئالەم ۋە

باقىي ئالەمنى ياراتقان بۈيۈك پاراسىتى ھەقىقىدە ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ» دەيدۇ. . . .

مانا بۇ سىرتقى پوستىنى سوْكوْپ تاشلاپ ھەقىقەتنى ئاشكارا قىلىدىغان «تەجەللىيات تەلىماتى». مۇنداق بىلىشكە مۇيەسسەر بولۇشنىڭ بىر بۆلەك شەرتلىرى بار، بۇ شەرتلەر ئىشەنچلىك بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇ يەنىلا قەلبىنىڭ بۈيۈك دۇنياغا يۈزلىنىشىگە ھازىرلىق بولۇپ قالىدۇ.

بەلكىم قەلب تەرىقەت ئارقىلىق پانىي ئالەمدىكى نىجاسەتلەردىن تازىلىنىشى، ئاندىن دىل ۋە تىل بىرلىكىدە ئاللاغا يۈزلىنىشى، ئىنسان قەلبىنىڭ نۇر چېچىشىغا ۋە غايىب ئالەمنىڭ سىر - ئەسرارلىرىنىڭ ئايان بولۇشىغا كاپالەت ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

3. مائارىپ تەلىماتى

غەززالى بالا تەربىيىسىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دىنىنى كۆرسەتمە قىلىپ باقىي ئالەمگە يۈزلىنىدۇ، مۇدەررىس ۋە تالىپلارغا تۆرلۈك ئوقۇ - ئوقۇتۇش پرىنسىپلىرىنى تىكلەپ بېرىدۇ. مۇدەررىسلەر چوقۇم پاك خىسلەتلىك، يەكدىل ئىلىم ئىزدەيدىغان بولۇشى، ئىدىيىسى چېچىلاڭغۇ، ھەقىقىي بىلىمگە مۇيەسسەر بولالمايدىغانلاردىن بولماسلىقى كېرەك. ئوخشاشلا، ئوقۇغۇچى ئۇستازىغا قول بېرىشى، كەمتەرلىك بىلەن نەسىھەتنى قوبۇل كۆرۈشى، ئۇستازىنىڭ ئۆزىگە تاللىغان تەلىملىرىدە ئۇنى رازى قىلىشى كېرەك ھەم كۆپ خىل ئىلىم بىلەن تونۇشۇشقا ماھىر بولۇشى لازىم. چۈنكى ئىلىملەرنىڭ ھەممىسى باغلىنىشلىق بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار يەنە ئۆزى تۇتقان ئىلىم تولۇق تاماملانغۇچە باشقا ئىلىمگە ئېسىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى بىلىم ئۆز ئارا ئۆتۈشۈشچانلىقتا ئىگە، مەقسەت، ئاللانىڭ رىزالىقىدىكى گۈزەل پەزىلەت بىلەن ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.



ناۋادا ئادەم پانىي ئالەم ۋە باقىي ئالەمنى بىلىشكە تەڭلا ئامالسىز قالسا، ئۇنداقتا باقىي ئالەمنىڭ بىلىمى پانىي ئالەمنىڭ بىلىمگە تەسىر قىلىدۇ.

ئۇستاز چوقۇم ئىلمىي ئىش قىلىشى كېرەك، خۇددى ئىپاردەك ئۆزىگىمۇ ھەم باشقىلارغىمۇ تاتلىق پۇراق بېرىشى، ئەمما ھەرگىز شامدەك باشقىلارنى يورۇتۇپ ئۆزىنى تۈگىتىۋالماسلىقى لازىم. ئۇستاز يەنە ئۆز مەسئۇلىيىتى ۋە مۇدەررىسلىك پەزىلىتىنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقى كېرەك، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى تەربىيىلەنگۈچىلەرنى ئاسرىشى ۋە ئۇلارغا پىقىھ بويىچە مۇئامىلە قىلىشى كېرەك. ئۇلارغا غەمخورلۇق قىلىشى، قەلبىنى پاكلىشى، رەزىل ئادەت ۋە ئەمەللەرنىڭ چىرىتىشىدىن ساقلىشى، ئۇلارنىڭ كەيپىنى تەڭشىشى لازىم.

غەززالى بالا ئاتىسىغا سادىق، قەلبى تېگىدىن پاك، سەبىي بولىدۇ. ناۋادا ئۇنىڭغا ياخشىلىق ئۆگىتىلسە، ئۇ ياخشى ئادەم بولىدۇ، ئىككىلا ئالەمدە بەختىيار بولىدۇ. ئاتا ۋە ھەر بىر ئۇستاز بۇنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ، دەيدۇ.

ئوخشاشلا، ئاتا چوقۇم بالا - چاقىلىرىنى تەربىيىلىشى، ئۇلارنى قائىدە - يوسۇنلۇق، تەربىيە كۆرگەن قىلىپ ئۆستۈرۈشى، ئېسىل ئەخلاقلىرىنى پەرۋىش قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئەسكى ئادەملەر بىلەن بىر بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىشى، ئۇلارنى ئاچ كۆز، كۆزى كىچىك قىلىپ قويماسلىقى، ياسانچۇق، ھۇزۇر - ھالاۋەتكە بېرىلىدىغان بىكار تەلەپ قىلىپ قويماسلىقى لازىم. نورمال تۇرمۇش، ئاددىي - ساددا كىيىنىشكە ئادەتلەندۈرۈشى كېرەك.

كۆرسىتىشكە ئەرزىيدۇكى، غەززالى تەنتەربىيىنى كەم بولسا بولمايدىغان دەرس دەپ قارىغان، ئۇ باللارنى يېشىغا مۇناسىپ ئويۇنلاردىن چەكلىمەسلىكنى تەۋسىيە قىلغان. ھەممىمىز

بىلىمزىكى، پسىخولوگ، پېداگوگ ۋە مېدىتسىنا ئالىملىرى بىردەك چوقۇم ئادەمنىڭ ياش قۇرامىغا يېقىپ تەن تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، مەنىۋى ئويۇنلار كۆرسىتىلىشى لازىم دەپ ھېسابلايدۇ.

غەززالىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى يۇقىرىقى گەپلەر بىلەن بىردەك. ئۇ ئادەم كۈندۈزدە ساياھەت قىلىشقا، ھەرىكەت ۋە بەدەن مەشىقلىرىدە بولۇشقا ئادەتلىنىشى، ھۇرۇنلۇقنى تۈگىتىشى لازىم. بالىلارنىڭ ساۋىقىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويۇنىشىغا يول قويۇشى لازىم. بالىلارنى دائىم ئويۇندىن توسۇپ ئۆگىنىشكە مەجبۇرلاش، ئۇلارنىڭ يۈرەك مۇسكۇلىنى ئورۇقلىتىپ ئەقلىنى كېسىدۇ، ئۇلارنى تۇرمۇشتىن زېرىكىدىغان، ھەتتا مۇنداق تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان قىلىۋېتىدۇ، دەيدۇ.

4. چىن ئېتىقادنىڭ ئەقلىيلىقى

غەززالى ئۆز دۈشمەنلىرى ئېتىقادىدەك ئەقلىيلىقنىڭ دۈشمىنى ئەمەس، چۈنكى ئۇ پەيلاسوپلارغا ئوت ئاچقىنى بىلەن ئەقىلنىڭ رولىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغان ئەمەس. ناۋادا ئۇنى ئۆز پەلسەپىسى ئۈچۈن ئەقلىيلىقتىن باشقا يۆلەنچۈك ئىزدىدى دېيىلسە، ئۇنداقتا بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئەقلىيلىقنىڭ بارلىق ھەقىقىي بىلىملەرنى بىلىپ بولالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنلىكىدە، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇرۇنقى پەيلاسوپلاردەك پەقەت خىيالنىلا قوغلاپ يۈرۈشنى خالىمىغانلىقىدا.

غەززالى ئەقلىيلىقنىڭ ئوقۇتۇش ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى ھۆكۈملىرىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لوگىكىلىق چەككىلەش ئۇسۇلىنىڭ توغرىلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ھەتتا ئۇ لوگىكا ئىلمى ھەققىدە ئەسەرمۇ يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ نامى «بىلىمنىڭ تارازىسى». بىراق ئۇ ئەقىل سەزگۈنىڭ توغرىلىقىنى



ئىسپاتلىمىغان بولسىلا بىلىم سەزگۈگە تايىنىپ ئېلىنىدۇ دېگەنگە قوشۇلمايدۇ. ئۇ يەنە بىۋاسىتە سېزىم خىيالنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلغان بولمىسىلا بىۋاسىتە سېزىمنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. پەقەت ئەقلىيلىق بىلەن بىلىمگە ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىن ئاندىن بىلىمنىڭ مەۋجۇتلۇقى بولىدۇ دەيدۇ.

غەززالى كونكرېت قىلىپ بىرەرمۇ ئەقلىيلىق پرىنسىپىدىن گۇمانلانغان ئەمەس، ئۇنىڭ گۇمانى ئۇنىڭ بۇرۇن سەزگەن شەيئىلەرگە بولغان ئىشەنچى بىلەن ھازىرقى چۈشىنىلگەن شەيئىلەرگە بولغان ئىشەنچى ئارىسىدىكى مۇجمەللىكتىن كەلگەن.

غەززالى «دىنىي ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى» دە، ئەقلىيلىق پرىنسىپى ئادەم ئۈچۈن تۇغمىلىقتا ئىگە، ئۇ سەزگۈلەر ئىقتىدارىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ دەيدۇ. غەززالى يەنە ئۆزىنىڭ «نۇران» ناملىق ماقالىسىدا: «خىيالنىڭ پوستىنى يېرىپ چىققان ھامان ئەقلىيلىقتا قايتا خاتالىق چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرەلەيدۇ»، دەيدۇ.

غەززالى ئۆزىنىڭ «بىلىمنىڭ تارازىسى» ۋە «تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات» ناملىق ئىككى كىتابىدا ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ توغرىلىقىغا بەك كۈچىگەن ھەم ھەقىقىي بىلىمنىڭ زۆرۈرلۈكىنى دەلىللىگەن. ئۇ: «ئەقلىيلىق ئارقىلىق بارلىق بىلىملەرنى ھەقىقىي مەنىدە چۈشىنىشكە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئەقلىيلىق ئارقىلىق مۆجىزە بىلەن سېھىرگەرلىكنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ» دەيدۇ.

شۇڭا، غەززالى كالامىيەتچىلەردەك بارلىق ئەقلىي ئىلىملەرنى دىنغا بويسۇندۇرمىغان، يەنە دىنىي ئەھكاملار پەلسەپىۋى ئىسپات بىلەن بىر يەرگە كېلەلمىگەندە، پەلسەپە بىلەن دىنىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە كۈچىگۈچى پەيلاسوپلاردەك ئەقلىيلىقنى كېڭەيتىپ دىنغا سۆرەپ كىرمىگەن.

### 5. غەززالى ۋە دېكارتنىڭ پەلسەپىۋى مېتود(ئۇسۇل) قا بولغان گۇمانى

گەرچە غەززالى پەلسەپىۋى ئۇسۇل توغرىسىدىكى گۇماندىن نېرى بولالمىغان بولسىمۇ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇسۇلدىن گۇمانلىنىشنى ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشىشنىڭ بىر خىل ۋاسىتىسى قىلغان تۇنجى ئىسلام مۇتەپەككۇرى. بۇ خىل گۇماننىڭ مۇھىملىقى ئۇنىڭ ھەقىقەت ئىزدەۋاتقان ئوقۇغۇچىنى تەپەككۇر قىلىشقا، ئىزدىنىشكە قوزغىتىپ، ئوبيېكتىپ، كۆپ تەرەپلىمە سىناق قىلىش ۋە مۇشۇنداق قىلىشنى تاللاش بىلەن ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشىنى، ئىشەنچلىك ھەقىقىي بىلىمگە ئېرىشىشنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى800 يىلدا دېكارت غەززالىنىڭ گۇمانىستىك ئۇسۇلى ئاساسىدا ئۆز پەلسەپىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دېكارت غەززالىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ تەتقىقات جەريانىدا ياۋروپادا تەرجىمە قىلىنغان ئەرەبچە ماتېرىياللاردىن غەززالىنىڭ پەلسەپىسىگە ئائىت كۆز قاراشلار بىلەن تونۇشقان.

غەززالى ئۇيقۇلۇق بىلەن ئويغاقلىق ۋە بۇ ئىككى ھالەت پەرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئىسپاتقا تايىنىدۇ، دېكارتمۇ مۇشۇ ئاساستا ئىسپات بېرىدۇ. چۈنكى بىر ئادەم ئۇيقۇچىلىقتىكى ھالىتىدە تۇرۇپ ئويلىسا، ئويغىنىش ئۇنى ئالداشتىن دېرەك بېرىدۇكى، ئۇ بۇ ئىككى خىل ھالەت ئارىسىدا گاڭگىراپ قالىدۇ. بىراق دېكارت پەقەت ھەقىقىي بىلىمنى تەستىقلىغان ۋە ئىشەنچلىك ھەقىقىي بىلىمنى تاپقاندىن كېيىن ئاندىن ئۆز گۇمانىنى چۆرۈيدۇ. ئۇنىڭ قارىشى مۇنداق: «مەن تەپەككۇر قىلىۋاتقىنىمدا مەۋجۇت.» بۇ ياۋروپالىق كاتتا پەيلاسوپ ئىلمىي، ئىشەنچلىك ئۇسۇل بىلەن ئىشەنچلىك ماھىيەتنى بىلگىلى بولىدۇ، شۇندىلا



گۇماندىن خالاس بولغىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەقىل بارلىق مەۋجۇت ئۇقۇمدىن گۇمانلانغاندا، مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايراق تۇرغان تەپەككۇردىن گۇمانلانمايدۇ. شۇنداق قىلىپ دېكارت ئەقلىيلىقنى ئۆز پەلسەپە سارىيىنىڭ تۈۋرۈكى قىلىۋالىدۇ. غەززالىغا كەلسەك، گۇماندىن قۇتۇلغان بولۇپ، ئەقلىي دەلىلنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ، ھەقىقىي بىلىم پرىنسىپىنى ھەقىقەتكە ئېرىشىشنىڭ شەرتى قىلىدۇ. غەززالى ئاللانىڭ ئۆز قەلبىگە چاچقان نۇرىنىڭ شەرىپى بىلەن بۇ خىل ئىچكى ئېتىقادقا ئېرىشىدۇ.

### 4. غەززالى پەلسەپىۋى ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسىدىن ئارىيە

1. ھەقىقىي بىلىمنى بىلىش جەريانى ھەققىدە

«شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىش تەقەززاسى مېنىڭ قېنىمدا بار ئادەت. بۇ مەن قىلغان تۇنجى ئىشتىن، ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدىن باشلاپلا ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئاللا ماڭا ئاتا قىلغان ساپادىكى بىر خىل تۇغما تەبىئەت. مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەنئەنىۋى باغلىنىش ئاللىبۇرۇن يىمىرىلگەن، ئۆسمۈرلۈكۈمدىن كېلىۋاتقان ئەقىدە ئاللىقاچان بوسۇۋېتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن مەن ناسارا ئۆسمۈرلىرىنىڭ پەقەت خرىستوسقا چوقۇنۇش مۇراسىمىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا ھايات قالىدىغىنىنى، يەھۇدىي ئۆسمۈرلىرىنىڭ پەقەت يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا تايانغاندىلا ئاندىن راۋاج تاپىدىغىنىنى، مۇسۇلمان ئۆسمۈرلىرىنىڭ پەقەت ئىسلامغا چىن ئېتىقاد قىلغاندىلا ئىستىقبالغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى كۆردۈم. شۇڭا ئەزەلدىن بار تۇغما تەبىئەت ۋە ماس ئېتىقادنى ھەقىقىي بىلمەكچى بولىدىكەنمىز، ئاتا بىلەن ئۇستازنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىنى تەقلىد

قىلىمىز. ئالدى بىلەن كۆڭلۈمدە ئۆزۈمدىن شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىلىشنى تەلەپ قىلغىنىمدا، ھەقىقىي بىلىمنىڭ نېمىلىكىنى بىلىش زۆرۈر بولىدۇ، دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي بىلىم دېگەننىڭ تۇرلۇك بىلىملەر ئىچىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىكەنلىكىنى، يا ھېچقانداق بىر گۇمان، يا زىنھار خاتالىق ۋە خىيال بىلەن ئارىلاشمايدىغانلىقىنى بىلدىم. . . . »

2. ھېسسىيلىقتا بولغان گۇمان

«ئۆز بىلىمىمنى ئىزدەۋاتقىنىمدا تۇرۇپلا پەقەت ھېسسىي ۋە زۆرۈرلۇك ئىچىدىن ئىزدىسەملا مۇنداق بىلىمگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى بايقىدىم. مەن: ‹ئەمدى ئۈمىد ئۈزۈلگەندىن كېيىن پەقەت ئېنىقلىق بىلەن بىر قىسىم مەسىلىلەرنى دەلىللىشىم كېرەك، بۇ خىل ئېنىقلىق ھېسسىيلىق ۋە زۆرۈرلۇك ئىدى. . . . › دېدىم. مەن ناھايىتى سەمىمىي ھالدا ھېسسىيلىق ۋە زۆرۈرلۇكنى چوڭقۇر ئويلاشنى قوبۇل قىلدىم، ئاخىرىدا بۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان گۇماننى پەيدا قىلدى، بۇ خىل گۇمان زورىيىشقا باشلىدى. بەزىلەر سېزىمگە نېمىشقا ئىشەنچ قىلىمىز؟ دەيدۇ، مېنىڭچە بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۈچلۈكى كۆرۈش سەزگۈسى، ئۇ سايىنى كۆرىدۇ، ئۇنىڭ جىم تۇرغىنىنى كۆرىدۇ، ئاندىن تەجرىبە ۋە كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ سايىنىڭ ھەرىكەتتە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. . . . »

3. ئەقلىيلىقتا بولغان گۇمان

«مېنىڭمۇ سېزىمگە ئىشەنچىم قالمىدى، بەلكىم پەقەت ھەقىقەتتىكى ئەقلىيلىقتا ئىشەنچ قىلغىلى بولار دېدىم. شۇنىڭ بىلەن سېزىم زۇۋانغا كېلىپ: ئەجەبا سىزنىڭ ئەقىلگە ئىشەنچ قىلغىنىڭىز ئىلگىرى ماڭا قىلغان ئىشەنچىڭىزدىن پەرقلىق ۋە ئاساسلىقمۇ؟ دۇرۇس، بۇرۇن ماڭا ئىشەنچ بار ئىدى، ئەقىل كېلىپ مېنى ئىنكار قىلدى، مەسىلەنگە ناۋادا ئۇ بولمىغان بولسا



ئىدى ماڭا يەنىلا ئىشەنچ بولاتتى. ئەمدى ئەقلىي ھۆكۈمدىن چاتاق چىقسا چوقۇمكى يەنە باشقا بىر ھۆكۈما چىقىپ ئۇنى ئىنكار قىلماي قالمايدۇ، دېدى. بۇ خىل بىلىش جەھەتتىكى ئېنىقسىزلىق ئۇنىڭ يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ئەجەبا سىز ئۇيقۇچىلىقتا بىر قىسىم ئىشلارنىڭ يۈز بەرگىنىنى، تۇرلۇك ئەھۋالدىكى خىياللارنىڭ كۆرۈلگىنىنى كۆرمىگەن ھەم بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلۇقىغا ئىشەنمىگەنمۇ؟ ئەمما سىز ئويغىنىپلا بۇ بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى، چىن ئەمەسلىكىنى بىلىسىز. كىشىلەرنىڭ ئۇيقۇچىلىقتا كۆرگەن نەرسىلىرى ئويغاق ھالىتىدە ئىنكار قىلىنىدۇ. كاللىڭىز تەسەۋۋۇر قىلغاننىڭ ھەممىسى بىر بۆلۈك نەتىجىسىز خىياللاردۇر. . . »

«مەندە بۇ ئوي شەكىللەنگەندە، شەرھلەشكە ئۇرۇندۇم. ئەمما بۇ ئاسان ئەمەس، چۈنكى، بۇنىڭ پەقەت ئىسپاتى بولغاندىلا ئاندىن ئۇنى باشلىغىلى بولاتتى، ئەمما پاكىت تۇپ بىلىمدىن قۇرۇلىدۇ. شۇڭا مەن ئىككى ئايدەك ساقسىز بولۇپ قالدىم، ئاللا شىپالىق بەرگۈچە شۇنداق ئۆتۈپ قەلبىم ئەسلىگە كەلدى. ئەقلىيلىقنىڭ زۆرۈرلۇكىنى يەنە قوبۇل قىلدىم ھەم مەندە ھەقىقىي بىلىمگە ئىشەنچ پەيدا بولدى. بىراق بۇ پاكىتلارنىڭ سىستېمىلىشىشى ۋە سۆزلەملەرنىڭ جاي ـ جايىنى تېپىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاللا قەلبىمگە سەپكەن نۇرنىڭ شاپائىتى بىلەن بولدى. بۇ خىل نۇر تېخىمۇ كۆپ بىلىم ئېلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى.»[1]

«ئى ئوغۇل! مەن سىزگە سەككىز ئاگاھلاندۇرۇش بېرىمەنكى، ئۇ بىلىمىڭىزنىڭ ئاخىرەت كۈنى ئۆزىڭىزنىڭ

[1] غەززالى: «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يولتۇزى».

دۈشمىنى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلايدۇ. بۇ سەككىز ئاگاھلاندۇرۇش ئىچىدىكى تۆتىنى قەلبىڭىزدە تۇتۇڭ، باشقا تۆتىنى ئەمەلىڭىزدە قىلىڭ.»

«قەلبىڭىزدە ساقلايدىغان تۆت ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ بىرىنچىسى، ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارلىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەم بىلەن مۇنازىرىدە بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەڭ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئاپەت بار. بۇ خىل مۇنازىرە بارلىق شەرمەندە پەزىللەرنىڭ مەنبەسى، مەسىلەن، ساختىلىق، ھەسەتخورلۇق، مەنمەنلىك، ئۆچمەنلىك، چوڭچىلىق دېگەندەك. بىراق، ناۋادا قايسىدۇر ئادەم ياكى بەزى ئادەملەر بىلەن ئاراڭلاردا مەسىلە تۇغۇلۇپ قېلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ھەقىقەتنى مەقسەتلىك ھالدا چۈشەندۈرمەكچى بولغاندا، تەتقىق قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى ھەرگىز كەتكۈزۈۋەتمەڭلار. ئەمما بۇ خىل نىيەتنىڭلارنىڭ ئىككى بەلگىسى بولىدۇ: بىرى، سۆز مەيلى ئۆزۈڭلارنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ بولسۇن، ھەقنى چۈشەندۈرسۇن؛ يەنە بىرى، ئۇمۇدۇمكى ئۆزەڭلەرگە تەمەننا قويۇپ ئەمەس، بەلكى سەمىمىيلىك بىلەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىسىلەر.»

«ئىككىنچى ئاگاھلاندۇرۇش، سىز ئۆزىڭىزنى دىن تەرغىباتچىسى ۋە نەسىھەتچىسى قىلىۋالماسلىققا دىققەت قىلىڭ، چۈنكى بۇنىڭ ئىچىدىمۇ ئاپەت بار. بىراق، سىز ئالدى بىلەن چوقۇم ئۆزىڭىز دېگەن گەپكە ئۆزىڭىز ئەمەل قىلىپ بېقىڭ، ئاندىن باشقىلارغا نەسىھەت قىلىڭ.»

«ئۈچىنچى ئاگاھلاندۇرۇش، ھەرگىز پادىشاھ ۋە شاھزادە بىلەن بېرىش ـ كېلىش قىلماڭ، زىيارەتمۇ قىلماڭ. چۈنكى، ئۇلارنى زىيارەت قىلىش، ئۇلار بىلەن ئۇلپەتچىلىك قىلىشلارغا زور ئاپەت يوشۇرۇنغان. ناۋادا تىنچ ئۆتمەن دەيدىكەنسىز، ئۇلارنىڭ مەدھىيە سۆزلىرىگە مەست بولۇپ يۈرمەڭ.»



«تۆتىنچى ئاگاھلاندۇرۇش، پادىشاھلارنىڭ سوۋغىسىنى ئالماڭ، ئۇ سوۋغىنىڭ كېلىشى دۇرۇس بولسىمۇ، شۇنداق قىلىڭ. چۈنكى بۇ ئېھتىمال ئۇلارغا بولغان چوقۇنۇشنى پەيدا قىلىشى، ئۇلارغا قۇلچىلىق قىلىش، قول قوشتۇرۇپ تۇرۇش ئېھتىياجىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.»

«ئەمەلدە كۆرسىتىدىغان تۆت ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ بىرىنچىسى، سىز ئاللاغا خۇددى قۇللىرىڭىز سىزگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىڭ، ئاللا رىزالىقىنى ئىزدەڭ، ھەرگىز ئۆزىڭىزنىڭ خاھىشى بىلەن ئاللانى قىينايدىغان يولغا ماڭماڭ. ئىككىنچىسى، نەپسىڭىزنى يىغىڭ، ئادەمگە قاراپ ئىش كۆرۈڭ. چۈنكى پەقەت سىز ياخشى كۆرگەننى بارلىق ئادەملەر ياخشى كۆرگەندىلا ئاندىن ئېتىقادنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچىسى، ناۋادا كىتاب ئوقۇسىڭىز بىلىمىڭىزنى تولۇقلايدىغان، قەلبىڭىزنى پاكلايدىغان بىلىملەرنى ئوقۇڭ. تۆتىنچىسى، سىزنىڭ پانىي ئالەمدە يىغقان مۈلكىڭىز شەرىئەت بەلگىلىگەن بەلگىلىمىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن.»[①]

### 5. مەغرىب ۋە ئاندالۇسىيىدىكى ئىدىيىۋى تۈرمۈش

ئەرەبلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد شاگىرتلىرىنىڭ قولى بىلەن مەغرىب ۋە ئاندالۇسىيىنى ئىستىلا قىلدى. بۇ كىشىلەر تەقدىرچىلەر ۋە ھەدىسچىلەر ئىدى. گەرچە ئىبادىيە، ئازارجىيە مەزھىپى ۋەكىللىك قىلىدىغان خاۋارىجلار تەلىماتى پۈتكۈل مەغرىب زېمىنلىرىدا كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، ئەمما تېخى ئاندالۇسىيىگە بارمىغانىدى.

ئاندالۇسىيىدە خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي تەشكىلى بار

① غەززالى: «ماقالاتى مائارىپ».

ئىدى. بۇ تەشكىلدە بىر ئۈچۈم ئېپىسكوپلار ئىش باشقۇراتتى. ئەينى چاغدا بۇ يەردىكى خرىستىئان دىنى بىر نەچچە مەزھەپكە ئايرىلاتتى، ناھايىتى كەڭ زېمىنلەرنى ئىگىلىگەنىدى. ئافرىقىدىكى ئەرەبلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى چارۋىچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئاندالۇسىيىگە كەلسەك، ئۇ يەردىكى ئەرەبلەر پۈتۈنلەي ئولتۇراق تۇرمۇشتا ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى بۇ يەردىكى بارلىق پۇقرالارغا سىڭىپ كىرگەن بولۇپ، ھەتتا ناسارالارمۇ ھەممە جەھەتتىن ئەرەبلەرنىڭ يوسۇنلىرى بويىچە ئىش قىلىشاتتى.

ئەمما، مىلادىيە Ⅷ ئەسىردىن مىلادىيە Ⅸ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئاندالۇسىيە ۋە مەغرىب بىزگە قالدۇرغان ئەدەبىيات ۋە ئىدېئولوگىيە نەتىجىلىرىنىڭ ئازلىقىدا ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ.

قارىغاندا، بۇنداق بولۇشىدا ئىككى سەۋەب باردەك تۇرىدۇ. بىرى، يېغىلىقلار ۋە ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن بولغانلىقى سەۋەبىدىن بىر قىسىم نەتىجىلەر بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. ئىككىنچىسى، مەغرىبلىقلەر ئەرەب شەرقىگە بەك قىزىققاچقا، ئۇلار ئەرەب شەرق ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن، ئاندىن ھەممىلا جەھەتتىن تەقلىدچىلىك بىلەنلا بولغان. ئاندالۇسىيىلىكلەرنىڭ ھەقىقىي ئۆز ئەسەرلىرى Ⅸ ئەسىردىن كېيىن ئاندىن كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ.

پادىشاھ سالام رىدداھ (ۋاپاتى: ھىجرىيە 179 - يىلى) نىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىسلام فىقھى مالىك مەزھىبى ئاندالۇسىيىگە تارقىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بۇ زېمىندا ۋە مەغرىبتە ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتتى.

مالىك مەزھىپىنىڭ پۈتكۈل مەغرىبكە تارقىلىشى نەتىجىدە دىنىي ھاكىمىيەتنى كۈچەيتتى، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ باشقا بارلىق فىقھى ئالىملىرىنى مۇتلەق كونتروللۇققا ئالدى.



ئەينى چاغدا كوردوۋانىڭ ئىمامى قاسىم بىننى مۇھەممەد بىننى شەييار (ھىجرىيە 376 - يىلى ۋاپات بولغان) ئەرەب شەرقىگە كېلىپ شافىيدىن شەرىئەت ئۆگەندى، كېيىن ئاندالۇسىيىگە قايتىپ كېلىپ بۇ مەزھەپنىڭ تەلىماتىنى تارقاتتى.

يەنە ئىمام ئابدۇللا بىننى مۇھەممەد بىننى شەلال (ھىجرىيە 373 - يىلى ۋاپات بولغان) مۇ شەرىققە بېرىپ زاھىرىيە مەزھىپىدىكى داۋۇد ئىسفاھانىنىڭ قولىدا ئوقۇيدۇ. كېيىن قايتىپ كېلىپ زاھىرىيە ئەقىدىلىرىنى تارقىتىدۇ.

كېيىن ئاز بىر قىسىم ئاندالۇسىيىلىكلەر كالامىيەت تەتقىقاتى بىلەن بولۇپ مۇتەزىلىيلەرگە مايىللىشىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە نامى چىققانراقى «كورخەلىل» دەپ ئاتالغان خەلىل ئىبن ئابدۇللا سىمان. زاھىرىيلەرنىڭ تەۋسىيلىرىنىڭ ئاندالۇسىيىدىكى تارقىلىش ۋاقتى بىرقەدەر ئۇزۇن بولۇپ، نەتىجىدە ئۇ بىر مەيدان دولقۇن پەيدا قىلدى. ئەمما بۇ تەۋسىيلەر بۇ دۆلەتتە ئۇنچىۋالا تەلەيلىك بولالمىدى، ئاۋامغا تارقىلالمىدى. بۇ مەزھەپ تەۋسىيلىرىنىڭ ئاندالۇسىيىدە تارقىلىشىغا ئەگىشىپ تىل، گراماتىكا، ھەدىس ھەققىدىكى ئەسەرلەر ۋە بىرقىسىم شەرھىي ئەسەرلەر پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ ھەممىسى شەرق ئۇسلۇبىدا يېزىلغانىدى.

ئەبۇ ئۆمەر ئەھمەد بىننى مۇھەممەد بىننى ئابدۇللانجى (ھىجرىيە 328 - يىلى ۋاپات بولغان) بىر ئەسەر يەنى «مۆجىزىۋى مارجان» نى يېزىپ، شەرق ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىياتچىلىرى توغرىسىدىكى ناھايىتى مول ماتېرىياللارنى توپلىدى. ساھىب بىننى ئىبادە بۇ كىتابنى كۆرۈپ: «بۇ گۆھەر بىزگە مەنسۇپ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاندالۇسىيىنىڭ ھەرقايسى پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى بار، بۇ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى بىزگە قالدۇرغان ئەڭ قەدىمكى بىر ئەسەر» دەيدۇ.

ئابدۇللا مالىك ىبنىنى ھەبىبە (ھىجرىيە 338 - يىلى ۋاپات بولغان) ىبزگە بىر تارىخ ئەسىرى قالدۇرغان. بۇ ئەسەر شەرق ئۇسلۇبى بويىچە ئالدىدا پەيغەمبەرلەر ۋە خەلىپىلەرنىڭ تارىخى ھەققىدە سۆزلەيدۇ.

بەلكىم، ئاندالۇسىيىدە ئوتتۇرىغا چىققان تۇنجى ئەقلىيلىزىم مۇتەپەككۇرى دەل ئىبىن ماسەررا (ھىجرىيە 318 - يىلى ۋاپات بولغان) بولسا كېرەك. ئۇ مانى دىنى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە مايىل ھەم بەزىدە بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئارىستوتىلچىلارنىڭ قاراشلىرى ۋە ئېمپېدوكلىنىڭ «تەبىئەت نەزەرىيىسى» بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالىدۇ.

مىلادىيە X ئەسىردە بۇ يەردە ماتېماتىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە تەتقىقاتلىرى باشلاندى. بۇ دەۋردە ئوتتۇرىغا چىققان ئەڭ مەشھۇر كىشى ماجلىت. كىشىلەر ئۇنى ئەينى چاغدا ئاندالۇسىيىدىكى ماتېماتىكا مۆتىۋىرى، شۇنداقلا يەنە ئاسترونومىيە ۋە سەييارىلەر ھەرىكىتىگە پىششىقلاپ ئادەم دېيىشىدۇ.



# ئونىنچى باب ئىبىن باجە

## 1. زاراگوزالىق پەيلاسوپ

### 1. ئىبىن باجەنىڭ ھاياتى

بۇ پەيلاسوپنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد، لەقىمى ئىبىن باجە ياكى ئىبىن سەئىد. ياۋروپا لاتىن تىلى دائىرىسىدىكى ئەرەبلار ئۇنى ئاۋىننېپىس (Avennepes) دەپ ئاتايدۇ. ئىبىن باجەنىڭ ھاياتى ھەققىدە بىلىدىغىنىمىز كۆپ ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈش ياكى ئۇنىڭ مۇكەممەل تەرجىمىھالىنى يېزىشقا ئامالسىزمىز. ئەمما ئېنىقى شۇكى، ئۇ ھىجرىيە V ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا[1] ئىسپانىيىنىڭ زاراگوزادا[2] تۇغۇلغان. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى ئىسلام مەغرىب رايونلىرىنى ئىدارە قىلىۋاتقان مۇرابىتون خاندانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن.

تارىخچىلار ئىبىن باجە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ گىرېنادا ۋە زاراگوزادا ئەمىر ئەبۇ بەكرى بىننى ئىبراھىمنىڭ قول ئاستىدا ۋەزىپە ئۆتىگەن دەيدۇ. زاراگوزا قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئىبىن باجە ھىجرىيە 513 - يىلى (مىلادىيە 1118 - يىلى) ئۇ يەردىن ئايرىلىپ ئىشبىلىيىگە كېلىدۇ، ئۇ بۇ يەردە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازىدۇ. كېيىن ئۇ گىرېناداغا بارىدۇ. ساھىب نەفا تايىب مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: ئىبىن باجە لەقىمى بىلەن مەشھۇر ئەبۇ بەكرى

---

① «ئەرەب ئىدىيە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى فەررۇخ ئىبىن باجەنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى تەخمىنەن ھىجرىيە 475 - يىلى (1082 - يىلى) دەپ تىلغا ئالىدۇ.
② ھازىرقى ئىسپانىيىنىڭ زاراگوزا شەھىرى.

مۇھەممەد بىر كۈنى گىرېنادا مەسچىتتىگە كىرىپ، داق يەردىلا بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ، مەسچىتتە بىر نەچچە ياش «قۇرئان» تىلاۋەت قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ كەمسىتكەن تەلەپپۇزدا ئۇنىڭدىن قورسىقىدا قانچىلىك ئۇماچ بارلىقىنى، قايسى ئىلىمدا ۋايىغا يەتكەنلىكىنى، نېمىلەرنى تەرغىپ قىلىدىغىنىنى سورايدۇ. ئۇ ئۇلارغا: «مەندە ئون ئىككى مىڭ دىنار تىللا بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولتۇقۇمدا» دەپتۇ-دە، قولىنى تىقىپلا 12 تال جاۋاھىراتنى چىقىرىپتۇ، ئۇنىڭ ھەربىرى مىڭ دىنارغا يارايدىكەن. ئاندىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «بىلىمىمنى سوراپ قالدىڭلار، مەن سىلەر تەتقىق قىلىۋاتقان 12 خىل ئەرەب ئىلىمىدە كىتاب يازغان. ئەمدى سىلەرگە دەيدىغىنىم: ئەسلىدە سىلەر مۇنداقتىڭلار....» دەپ ئۇلارنى يىغلىتىۋېتىدۇ. كېيىن باجە فېزگە بارىدۇ، بۇ يەردىكى مۇرابىتون خاندانلىقىنىڭ خان ئوردىسى ئۇنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپ، بەك ئەتىۋارلايدۇ. كېيىن ئۇ سۇيىقەستىنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى بىرلىشىپ ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە فاتىخ بىننى رۇكان سۇلتان[1]ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ئۇچۇم كىشىلەر بار ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆلۈمدىن ئامان قالىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەنە سۇيىقەستكە ئۇچراپ، زەھەرلىنىپ ئۆلىدۇ. بۇ زەھەرنى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك ساقلاپ كەلگەن ھەسەتخور تېۋىپ ئەبۇ ئالايى ئىبىن زۇھەيىر سالغان. ئەجەبلىنەرلىكى، بىر پەيلاسوپ يەنە بىر پەيلاسوپنىڭ قاتىلى بولغانىدى، بۇنداق ئىش پەلسەپە تارىخىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان.

كىفدى[2]ۋە ئىبىن خەللىكاننىڭ دېگەنلىرىگە ئاساسلانغاندا،

[1] «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»گە قاراڭ.
[2] «پەيلاسوپلارنىڭ كىشلىرى»غا قاراڭ.



ئىبىن باجە ھىجرىيە 533 - يىلى (مىلادىيە 1138 - يىلى) رامىزاندا[1] ئۆلگەن. د. بور تىلغا ئالغان ئەھۋالدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئىبىن باجە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ھاياتىنى ناھايىتى پاك ۋە جاپالىق ئۆتكۈزگەن. بۇ شەرقشۇناس: «ئىبىن باجەنىڭ تۇرمۇشى ئۇ بىزگە دېگەن ‹بەخت بىلەنلا بولۇش› قا ئوخشمايدۇ. ئۇ دائىم ئۆلۈپ كېتىشكە، شۇنىڭ بىلەنلا ئەڭ ئاخىرقى تەسەللىنى تېپىشقا تەقەززا ئىدى. ئۇنىڭ ھاياتلىق ئوتىنى ئۆچۈرگەن ئەڭ مۇھىم ئامىل بىر قىسىم ئۆسەك گەپلەردىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئىدىيە جەھەتتىكى يالغۇزلۇقىدۇر، ئۇ شۇ چاغقىچە مەسلەكداش دوست ئۇچرىتالمىغان. بىر قىسىم ئەسەرلىرىدە بىزگە ئېنىق قىلىپ دەيدۇكى، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ئۇ ياشاۋاتقان دەۋر ۋە مۇھىت بىلەن پەقەت سىغىشالمىغان»[2]دەيدۇ.

2. باجەنىڭ ئەدەبىي تالانتى ۋە ئەسەرلىرى

ئىبىن باجە تۈرلۈك ئىلىملەرنى پىششىق ئىگىلىگەن نامايەندىلەرنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پەن، پەلسەپە، ئەدەبىيات ساھەلىرىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ئۇ بىر پەيلاسوپ، ماتېماتىك، ئەدەبىياتشۇناس، شائىر، شۇنداقلا بىر تېۋىپ. بۇندىن باشقا ئۇ تۈرلۈك تەبىئەت پەنلىرى ۋە مۇزىكا سەنئىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان.

ئىبىن باجەنىڭ ئوقۇغۇچىسى ھەم دوستى گىرېنادادىكى مەشھۇر يازغۇچى ئەلى بىن ئابدۇللا ئەزىزى ئىبىن ئىمام ئەسەر يېزىپ، ئۇنى دەۋرىنىڭ مۆجىزىسى، مۇشۇ زامان تالانتلىقلىرى ئىچىدىكى ئاجايىپ بىر تالانت دەپ سۈرەتلىگەنىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ھەرقايسى ئەقلىي ئىلىملەردىكى قاراشلىرى ئىبىن سىنا ۋە غەززالىلارنىڭ قاراشلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، سىز چوقۇم

[1] «داڭدارلارنىڭ ئۆلۈمى»گە قاراڭ.
[2] د. بور: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»غا قاراڭ.

ئالدىدىكىسىنىڭ پىكىرلىرىگە سۆيۈنىسىز ۋە ئۇنىڭ ئارىستوتىل تەلىملىرىگە پۇختىلىقىغا قايىل بولىسىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇچەيلەننىڭ ھەممىسى پېشىۋالاردۇر.[1]

ئىبن تۇفايىل ئۆز ئېغىزى بىلەن ئىبن باجەنى سۈرەتلەپ: «ئۇلاردىن كېيىن يەنە بىر ۋارىس چىقتى. ئۇ ئۇلاردىنمۇ بەكرەك پىششىقلىقتا، ھەقىقەتكە يېقىنلىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېچكىمنىڭ پىكرى ئىبن باجەنىڭكىدەك سۈزۈك، كۆزىتىشىمۇ تېخىمۇ دەل، پىكىرلىرى تېخىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس ئىدى. بىراق جاھان كۈلپەتلىرى ئۇنى ئىلىم دۇردانىلىرى ۋە پەلسەپە تىلسىماتلىرىنى تولۇق نامايان قىلىشتىن بۇرۇن ئېلىپ كەتتى. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن كۆپچىلىك ئەسەرلەر، مەسىلەن، ‹روھ ھەققىدە›، ‹تەۋھىدچىلەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش› ۋە فىزىكىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلارنىڭ ھەممىسى تولۇق ئەمەس. ئۇنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەل ئەسىرى ئۇزۇندە خاراكتېرىدىكى ئەسەرلىرى ۋە خاتىرە خاراكتېرىدىكى ماقالىلەردۇر. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ پىكىردە»[2] دەيدۇ.

ئىبن ئەبۇ ئەۋزەبا[3] قازى كالان ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد ئىبن رۇشدنى ئىبن باجەنىڭ ئوقۇغۇچىسى دەيدۇ. ناۋادا بۇ گەپ توغرا بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئىبن رۇشد 13 ياشتىن بۇرۇن ئىبن باجەدە ئوقۇغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇ ھىجرىيە 520 ـ يىلى (مىلادىيە 1126 ـ يىلى) تۇغۇلغان.

ئەۋزەبا ۋە گىفدى قاتارلىق كىشىلەر بۇ پەيلاسوپ يازغان ئەسەرلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ كۆرگەن[4]، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئارىستوتىل شۇنداقلا فارابى ئەسەرلىرىگە يازغان شەرھلىرى،

---

[1] «ئىنسانلار مىراسى» 3 ـ بەت، 820 ـ بەت.
[2] «ھەييە بىننى يەقزان» 61 ـ بەت.
[3] «نامدارلار تەزكىرىسى»گە قاراڭ.
[4] ئىبن باجە يازغان ئەسەر ۋە باشقا ئەسەرلەر جەمئىي 16 پارچە، ئۇ ئۆز ئىچىگە ماقالە، كىتاب، شەرھلەرنى ئالىدۇ.



باھالىرى ۋە ئۆزى يازغان روھ ھەققىدىكى ۋە ئەقلىيلىق توغرىسىدىكى ئەسەرلەر بار، بۇنىڭ ئىچىدە « ئەلۋىدانامە » ناملىق ئەسەرمۇ بار. بۇ ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ بىر دوستىغا قالدۇرغان بىر پارچە خەت. بۇ خەت ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قىممەتكە ئىگە. چۈنكى خەتكە ئىبن باجەنىڭ ئىنساننىڭ بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى ئەقىل ئىكەنلىكى توغرۇلۇق، ھايات، بىلىم ۋە پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ ھەقىقىي نىشانى ئاللاغا، پائالىيەتچان ئەقىلگە يېقىنلىشىش ئىكەنلىكى توغرۇلۇق قاراشلىرى خاتىرىلەنگەن. بۇ قاراشلار ئىلمىي ئۇسۇل، نەزەرىيىۋى تەتقىقات ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇرغا باراۋەر. بۇ سىپھرىيىزمچىلەرنىڭ ئاللاغا قوشۇلۇشى ۋە ئاشىقلىق ئەقىدىسى بىلەن پەرقلىنىق.

شۇڭا، ئىبن باجە غەززالىنىڭ بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلىرىگە يەنى تەرىقەت مەنىۋى دۇنيانى بايقاشنىڭ، ئىلاھىيلىققا قوشۇلۇپ كېتىشنىڭ يولى، شۇنىڭ بىلەن ئىنسان قەلبىدە ھەقىقىي بىلىم پەيدا بولۇپ، روھ ھەقىقىي لەززەتكە چۆمۈلىدۇ، دەيدىغان قاراشلىرىغا رەددىيە بەردى.

## 2. «تەۋھىدچىلەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش»

ئىبن باجەنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەسىرى «تەۋھىدچىلەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش»[1] ناملىق ئەسەردۇر. بىزنىڭ بۇ پەيلاسوپىمىز بۇ ئەسەرگە ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى يىغقان، بىراق ئۇنى تاماملىيالمىغان. ئۇ يازغان ئەسەرلەرنى چۈشەنمەك سەل تەس، چۈنكى مەزكۇر ئەسەرنىڭ تىلى بىر قەدەر چوڭقۇر ۋە تۇتۇق. گەرچە

---

[1] ئىسپانىيە شەرقشۇناسى مىگ ئىشى بالاشى 1946 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بۇ ئەسەرنىڭ قىسمەن مەزمۇنلىرىنى دەلىللىدى ۋە شەرھلىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ئەسەرنى فارابىنىڭ «ئېسىلبالىق ئاھالىسى توغرىسىدىكى قاراشلار» ناملىق ئەسىرى بىلەن سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ. شۇغىنىسى، كېيىنكىسى سىياسەتنى ئەمەس ئىلاھىيەتنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان بولۇپ، شەھەر مەسىلىلىرىگە پەقەت ئەھمىيەت بېرىپلا قويغان. كىتابنىڭ ئىسمىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئەسلى ئىبن باجە شەخسىينىڭ ئىجتىمائىيلىقتىكى تۇرمۇشى ئۈستىدە توختالغان.

ئىبن باجە مەزكۇر كىتابنىڭ بېشىدا يەنى بىرىنچى بابىدىلا « تەۋھىدچىلەر »، « ئورۇنلاشتۇرۇش »تىن ئىبارەت ئىككى سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەن. «ئورۇنلاشتۇرۇش» سۆزىنىڭ خەت مەنىسى بەلگىلىك لايىھە ۋە تەلەپ قىلىنغان مۇكەممەللىك بىلەن نىشاندىكى مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن بولۇۋاتقان تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى جايى - جايىغا قويۇش دېگەنلىك بولىدۇ. «تەۋھىدچىلەر»① شەخسىينىمۇ، گۇرۇھىنىمۇ ياكى بىر بۆلەك شەخسلەردىن پۈتكەن شەھەرلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ. ھەر بىر ئادەم ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى تەپەككۇر ۋە چوڭقۇر ئوي ئورۇنلاشتۇرغان تۇرمۇشتا بولىدۇ. ناۋادا بۇنى تەۋھىدچىلەر ئۆتكۈزىدىغان تۇرمۇش دېسەك، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى تەپەككۇردىن كېلىدۇ ۋە پەقەت ئۆزىنىڭ پىلانىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشقا بويسۇنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى روھنى داۋالاشقا ۋە تەن دوختۇرلىرىغا ھاجەتمەن ئەمەس، قازىغىمۇ موھتاج ئەمەس. چۈنكى بۇنداق شەھەر پۇقرالىرى توغرا ئەقلىي پىلانلارغا بويسۇنىدۇ ۋە پائالىيەتچان ئەقىل بىلەن باغلىنالايدۇ. ئۆز ئېھتىياجىدىكى نەرسىلەرنى ئۆز ئىتىدالى بويىچە يەيدۇ، شۇڭا كېسەل بولمايدۇ. ناۋادا ئۇلار تاسادىپىي كېسەل بولۇپ قالسا،

① بىر بۆلۈك تەتقىقاتچىلار تەۋھىدچىلەرنىڭ تۈغ ئېڭى ئاللانىڭ بىردىنبىرلىكىنى تونۇش، مەڭگۈلۈك ئەززەتنى ئىزدەيدىغان تۇرمۇش چىرىكلىكىدىن ۋاز كېچىپ تۇرمۇش پەزىلىتىدىن مەنپەئەتلىنىش دەيدۇ.



ئۇنداقتا بۇ كېسەلنى داۋالىمىسىمۇ ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئوخشاشلا، بۇ خىل ئادەملەرنىڭ ئاللاغا بولغان ئىبادىتى پەقەت سېغىنىش، يېقىنلىق، دوستلۇق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ، بىرەرسىگە نەپرەت ، ئۆچمەنلىك بولمايدۇ، جىنايەتمۇ بولمايدۇ، خاتالىقمۇ بولمايدۇ، شۇڭا قازىغا ھاجىتى چۈشمەيدۇ.

ئىبن باجە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ: «ناۋادا تەۋھىدچىلەر بىر ساغلامسىز شەھەردە ياشاپ قالسا، ئۇنداقتا ئۇلار ئۆز يۇرتلىرىدا غەيرىي ئادەملەر دەپ ئاتىلىدۇ، يېقىنلىرى ۋە دوستلىرىنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدۇ، بۇنداق چاغدا ئۇلار ساغلام ‹مۇكەممەل شەھەر› دە ياشاۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ تۇرمۇش ئۇدۇمى بويىچە ئىش قىلىشى زۆرۈر» دەيدۇ.

ئىبن باجەنىڭ نەزەرىدە، ئورۇنلاشتۇرۇش بىر بۆلۈك ئادەملەرنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتۇر، ئۇنىڭ كۆرسىتىدىغىنى بۇ ئىش - ھەرىكەتلەرنىڭ تەھلىلى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى مەجھۇل ھەرىكەت، بەزىلىرى تەبىئىي ھەرىكەت ياكى تاللانما ھەرىكەت. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى شەيئىلەرنىڭ تۇغۇچىدىن بالقىيدۇ. مەجھۇل ھەرىكەت ئانئورگانىك شەيئىلەر بىلەن باغلىنىپ مەجھۇللۇقتا ئىگە بولىدۇ. تۇغۇچلۇق ئىشلار ھايۋانلاردا كۆرۈلىدۇ. تاللانما ھەرىكەت تەپەككۇرغا ۋە چوڭقۇر ئويغا تايانغان تاللاشتىن كېلىدۇ، ئۇ يەنە خاھىشچانلىقى بىلەن ئانئورگانىك ماددىلار ھەرىكىتىدىن ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەرىكىتىدىن پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، ئادەم تاش بېشىنى يېرىۋەتكەنلىكتىن تاشنى ئېزىۋەتسە، بۇ بىر خىل ھايۋانىي قىلىق. باشقىلارنىڭ يارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنى پارچىلىۋەتسە ياكى يۆتكىۋەتسە مانا بۇ ئىنسانىي قىلىق بولىدۇ. شۇڭا، ئىبن باجە ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ بەزىسى ھايۋاندىن، يەنە بەزىسى ئىنسانىي ئامىللاردىن كەلگەن. ئادەمدە نەق ھايۋانىي ھەرىكەتلەر

ئاز، بەلكى ئىنسانىي ھەرىكەتلەر كۆپ؛ بۇ تەۋھىدچىلەر ھازىرلاشقا تېگىشلىك ھەرىكەتتۇر، دەيدۇ.

ناۋادا بۇ پۈتكۈل ئىنسانىي قىلىقلارنىڭ ھەممىسى نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقىنى قوغلىشىپ ، ھايۋانىيلىق يۇقۇندىلىرىدىن تازىلانسا، ئۇنداقتا بۇنداق ھايات قىلىقلىرى پەزىلەتكە پۈركىلىدۇ.

ئوخشاشلا، مۇنداق ئادەم يەنە پەزىلەتتە بېيىشنىلا تەلەپ قىلىش بىلەن، ھايۋانىي قەلبىنىڭ ئەمەس، ئىنسانىي قەلبىنىڭ خاھىشى تەلەپ قىلغان بارلىق نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك.

ئىبن باجە چۈشەندۈرۈپ، پەقەت ئىنسانىي ھەرىكەتلا مەقسەتلىك بولىدۇ. تەۋھىدچىلەرنىڭ ئالدى بىلەن يەتمەكچى بولغان ئەڭ ئالىي مەقسىتى مەنىۋى شەيئىلەرنى چۈشىنىش، دەيدۇ. ئاندىن بۇ پەيلاسوپ مەنىۋى شەكىل ۋە تۈرلۈك تۈرلەرنى سۆزلەيدۇ. ئۇنىڭ يەكۈنى شۇكى، مەنىۋى شەكىل ئەڭ يۇكسەك بىر خىل شەكىل، چۈنكى ئۇ ماددىدىن خالىي شەكىل. شۇڭا ئۇنى بىلگىلى بولىدۇ. ئوخشاشلا، ئۇ ماددا بىلەن يۇغۇرۇلغان تەقدىردىمۇ مەنىۋىيەتكە تەسىر يەتمەيدۇ، چۈنكى ماددىدىن ئاجرالغان ئەقىل ماددىنى تەپەككۇر قىلالايدۇ.

ئىبن باجەنىڭ قارىشىچە، بۇ خىل مەنىۋى شەكىل تۆت خىلغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى خىلى يۇملاق پلانىتا شەكلى، ئىككىنچى خىلى، پائالىيەتچان ئەقىل ياكى ئېرىشىلگەن ئەقىل، ئۈچىنچى خىلى، ماددىي ئەقىل، تۆتىنچى خىلى روھ قۇۋۋىتىدە تۇرىدىغان زېھىن، ئۇ ئورتاق سەزگۈدە تۇرىدۇ، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە خاتىرە كۈچىدە تۇرىدۇ.

ئىبن باجە ئىككىنچى خىل مەنىۋى شەكىلنى مەرىپەت (ئومۇمىي مەنىۋىيەت) دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭ سىرتىدىكى ئورتاق سەزگۈ ۋە خاتىرە كۈچىدە تۇرىدىغان شەكىلنى خۇسۇسىي



مەنىۋىيەت يەنى ئايرىم مەنىۋىيەت دەيدۇ. بۇ پەيلاسوپ ئىنساننىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىكى باغلىنىشتا بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ھەرىكەتلەرنىڭ مەقسىتى خۇسۇسىي مەنىۋى شەكىلنى ئىزدەشتۇر. ئوخشاشلا، باشقا بىر بۆلۈك ھەرىكەتلەر بار، ئۇنىڭدىكى مەقسەت ئومۇمىي مەنىۋى شەكىلگە (مەرىپەتكە)، يەنى ئەڭ مۇكەممەل مەنىۋى شەكىلگە ئىگە بولۇش، دەيدۇ.

مۇكەممەل مەنىۋىيەتكە ئىگە ئادەم مۇكەممەل شەھەردىكى تەۋھىدچىلەر بىلەن بىللە ئاشۇ ئەڭ ئالىي، ئەڭ شەرەپلىك پەزىلەتلەر بىلەن ئۆزئارا باغلانغان. بۇ خىل ئادەملەر ئۆز ـ ئۆزىنى چۈشىنەلەيدۇ ھەم ماددىدىكى ئەقلىنى ۋە ھەرىكەتلەردىكى ئەقلىنى چۈشىنەلەيدۇ. بۇ چاغدا ئۇ بىر ئەڭ يۇكسەك، ئەڭ مۇكەممەل پائالىيەتچان ئەقىل بىلەن باغلىنىپ كېتىدۇ.

ئومۇمەن، ئىبن باجە «تەۋھىدچىلەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش» ناملىق ئەسىرىدە ئەقىلنىڭ رولىنى كۈچلەندۇرۇشكە كۈچەيدۇ، سوپىلار تەرىقىتى خاھىشىغا ئوت ئاچىدۇ. بۇ ئەسەر يەنە سىياسىي ۋە ئىجتىمائىيەت تەتقىقاتىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەھەتتە ئۇ كۆپىنچە فارابى ۋە سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىبن باجە تەسۋىرلىگەن تەۋھىدچىلەر فارابى يازغان «ئېسىلبالىق» باشلىقىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىككىيلەن يەنە پائالىيەتچان ئەقىلگە ئوخشاش يېقىنلايدۇ ھەم ۋەھىي قوبۇللاشقا ھازىرلىنىدۇ.

ئىبن باجە پەيلاسوپلارنى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم قىلىۋېتىدۇ، ئوخشاشلا مېھرىبانلىقنى جەمئىيەتنىڭ ئۇلى قىلىدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆردۇقكى، فارابى ۋە سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى مۇشۇنداق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

## 3. «ھايات ۋە مامات»

### 1. روھ ۋە روھىي كۈچنىڭ تۈرلىرى

ئىبن باجەنىڭ قارىشىچە، روھ ئالتە خىل قۇۋۋەتكە يەنى تەپەككۇر كۈچى، زېھنىي كۈچ، سەزگۈ كۈچى، كۆپىيىش كۈچى، يېتىلىش كۈچى ۋە ئېلېمېنت كۈچى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇلار يا مەجھۇللۇققا ئىگە، يا تاللاشچانلىققا ئىگە. ئەمما بۇ كۈچلەرنىڭ دەرىجىسى ھەر قايسىسىنىڭ ئوخشىمايدۇ. ئېلېمېنت كۈچى ۋە يېتىلىش كۈچى بىرلەشتۈرۈلۈپ تەبىئەت كۈچى دېيىلىدۇ، مەجھۇللۇقى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، ئەمما دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، جىسىمنىڭ چۈشۈشى ۋە ئىسسىقلىق سېزىمى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مەجھۇللۇققا ئىگە. ئوخشاشلا، تەپەككۇر كۈچىمۇ مەجھۇللۇققا ئىگە. مەسىلەن، ناۋادا تەپەككۇر بولمىسا ئۇنداقتا كاللىنى خىيال ۋە يېنىكلىكتىن تارتىپ چىققىلى بولمايدۇ. بىراق ئادەم بۇنى ناھايىتى تەستە قىلىدۇ. ئىبن باجە «ھايات ۋە مامات» دېگەن ئەسەردە ناھايىتى نېگىزلىك قىلىپ تەبىئەت كۈچىنى تىلغا ئالىدۇ، ئۇ بۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئادەمنىڭ ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇرغىلا ئەھمىيەت بېرىدۇ. تەپەككۇر كۈچى ۋە زېھنىي كۈچكە كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نۇقتىلاردۇر.

### 2. ئەقلىيلىق

ئەقىل تەتقىقاتى ئىبن باجە ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. توغرا بىلىش ئەقلىيلىق ئارقىلىق، مۇتلەق بىلىش ئەقلىيلىق ئارقىلىق بولىدۇ، شادلىقمۇ ئەقلىيلىقكە تايىنىدۇ. ئەخلاق ئەقلىيلىق ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ. ئەقلىيلىق تونۇتقان ھەممە چىن بولىدۇ. ئادەم ئەقلىيلىق بىلەن ناھايىتى



كىچىك زەررىچىلەردىن تارتىپ ئەڭ ئالىي مەنىۋى مەۋجۇدىيەتلەرگىچە ھەممىنى بىلەلەيدۇ. ئىبن باجەنىڭ بۇ خىل پەلسەپىۋى تەپەككۇرى ماددىي ئاساسقا تايىنىدۇ. ئەقلىي بىلىش ئۆزلۈكىدىن شەيئىلەرنى بىلىش بولۇپ، سىرتتىن كەلگەن روھىي تەسىرگە ئۇچرىمايدۇ.

ئىبن باجە دۇنيادا ئۈچ خىل ئەقىل يەنى ئىنسانىي ئەقىل، پائالىيەتچان ئەقىل ۋە ئومۇمىي ئەقىل بار. ئومۇمىي ئەقىل پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي پاراسىتى دەپ قارايدۇ. ئۇ پائالىيەتچان ئەقىل ئىنسان ئەقلىگە تەسىر قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەم بىلىمگە ئېرىشىدۇ. بۇ بىلىملەر ئىنساننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پائالىيەتچان ئەقىلگە قايتىدۇ. بۇ بارلىق بىلىملەر دۇنيادا مەڭگۈ ساقلىنىدىغان ئومۇمىي ئەقىلنى تەشكىل قىلىدۇ[1] دەيدۇ.

### 3. بىلىش

ئىبن باجە نەزەرىدە بىلىش پەقەت ئەقلىي ئۇي ئىچىدە بولىدۇ، بۇ غەززالىنىڭ بىلىش كۆزىتىش ۋە زاھىرلىنىشكە تايىنىدۇ دەيدىغان قارىشىغا خېلىلا ئوخشىمايدۇ. ئىبن باجە غەززالىنىڭ بۇ ئاتالمىش بىلىش نەزەرىيىسى شەيئىلەرنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئاچتى ئەمەس، بەلكى ئۇنى تاپتى. چۈنكى، ئۇنىڭچە بىلىش يولى پەقەت ۋە پەقەت سەزگۈ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، بىلىشنىڭ ھەممىسى سەزگۈ ئارقىلىق بولىدۇ. ئەمما شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىپ، مەلۇم بىر شەيئىنىڭ مەنىۋى شەكلى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە سەزگۈلىرىمىز ئارقىلىق كاللىمىزدا ئەكس ئەتسە، ئۇنداقتا ھەقىقىي بىلىش سېزىم ياكى دېدۇكسىيە بىلەنمۇ بولىدۇ. شەكىل سېزىمدىن ئاجرىغان ھالدا مېڭىدە ئەكس ئەتمەيدۇ. شەكىل ھامان ئالدى بىلەن سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق،

---

① بۇ ئىبن باجە ئەقلىيلىقىدىكى روشەن زىددىيەت، ئۇ، بۇ زىددىيەت ساپ ماددىيۇلىقتا ئىگە بولۇپ، بىلىپ ـ بىلمەي بىلىمگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە پائالىيەتچان ئەقىل بىلەن بىلىمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەيدۇ.

ئاندىن ئورتاق سەزگۈ ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بۇ ئىبن نادىمنىڭ بىۋاسىتە بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن ياكى ئەيتاۋۇر ئاز بولسۇن، كۆپ بولسۇن سەزگۈ فۇنكسىيىسىگە بېقىنىدىغان بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن ناھايىتى يېقىنلىشىدۇ.

بەزى شەيئىلەرنى بىز مەلۇم سەزگۈلەر ئارقىلىق بىلىمىز، مەسىلەن، كۆز بىلەن رەڭنى، قۇلاق بىلەن ئاۋازنى بىلىمىز. ئەمما، «ھايات» قا ئوخشاش شەيئىلەرنى پەقەت بارلىق سەزگۈلەر ئارقىلىق بىلىمىز. شۇڭا بىز بەزى چاغدا پەقەت كۆز ئارقىلىق كۆزىتىپ، قولىمىز ئارقىلىق سىلاپ، قۇلىقىمىز بىلەن يۈرەكنىڭ سوقۇشىنى ئاڭلاپ، بىرسىنىڭ تىرىك ياكى ئۆلۈكلۈكىگە ھۆكۈم قىلىمىز. شەك ـ شۈبھىسىزكى، سەزگۈ ئىشەنچلىك بولمايدۇ، ئۇ كۆپىنچە شەيئىلەرنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما بۇ خىل ئىشەنچسىزلىك سەزگۈنىڭ ئۆزىدىنلا كېلىپ قالماستىن، يەنە تەپەككۇردىنمۇ كېلىدۇ. شۇڭا تەپەككۇردا بەزى چاغلاردا خاتالىق كۆرۈلۈپمۇ قالىدۇ. مەسىلەن، بىرسى قايسىدۇر ئىككى ئادەمنى چۈشەنمەكچى، ناۋادا بىر قېتىم ئۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنى ئۇچرىتىپ ئۇنى يەنە بىرسى دەپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. يەنە تېخىمۇ روشەنكى، ئادەم ھېساب قىلغاندا بەزى ھېساباتىدا ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشىدىمۇ خاتالىق كۆرۈلىدۇ، بۇ تەپەككۇرنىڭ بەزى ۋاقىتتا توغرا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

4. ئەبەدىيلىك ۋە شادلىق

ئىبن باجە ئەبەدىي ھايات پانىي ئالەمدە دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ كۆپ جايلاردا ئەبەدىي ھايات ۋە شادلىق ھەققىدە سۆزلەيدۇ، باقىي ئالەم توغرىسىدا گەپ قىلمايدۇ. شادلىق ئەبەدىي ھايات ياكى ئەبەدىيلىكنى ھېس قىلىشنىڭ يولىدۇر، ئۇ مەقسەتلىك ئىشلاردىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ئىشلار ھەرگىز ئاڭسىز، بىلىپ ـ



بىلمىگەن ياكى مۇجمەل ئىشلار ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق ئادەمنىڭ قەلبى ئىچ ـ ئىچىدىن تەلپۈنۈپ تۇرغان ئىشلاردۇر. بۇ خىل شادلىقنى ئېلىپ كېلىدىغان ئەبەدىي ھەم مەقسەتلىك ئىشلار ئۈچ خىل بولىدۇ:

1) تەنگە ھۇزۇر ۋە قىزغىنلىق ئېلىپ كېلىدىغان ئىشلار. مەسىلەن، تەملىك تاماقنى يېيىش، ئېسىل كىيىنىش ۋە ئوۋ قىلىشتەك. خۇددى ئىبن باجە ئېيتقاندەك، مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەملەر زېمىندىكى بارلىق لەززەتلەرگە مەست بولغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ لەززەتلىرىنىڭ ئۆمرى مۇشۇ ئىشلار بولۇپ بولغان ۋاقىتتىن ئاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا ھېچقانداق پەزىلىتى ۋە قىممىتى بولمايدۇ.

2) رازى بولۇش ياكى غەزەپلىنىش، خۇشاللىنىش ياكى ئازابلىنىش، ياخشىلىق قىلىش ياكى ئۆچمەنلىك قىلىش، خاتىرجەملىنىش ياكى ئەنسىزلىنىش پەيدا قىلغان ھېسسىيات ئۇچقۇنى بىلەن بولىدىغان ئىشلار. بۇ ئىشلار ئىككى خىل بولىدۇ، يەنى ساختا ۋە چىن. ساختا ئىشلار ئىنساننىڭ ياسالمىلىقىدىن بولىدۇ. چىن ئىشلار بولسا ئىنساننىڭ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ۋە قىممىتىگە چوڭقۇر ئىشەنگەنلىكىدىن بولىدۇ، ئادەم بىلىم ۋە ئېتىقاد ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېرىشىدۇ. ئىبن باجەنىڭ نەزەرىدە، شادلىق ۋە ئەبەدىي ھايات تەتقىقاتى بۇنداقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) ئادەمنى ئاقىلغا، جەسۇرغا، ئالىمغا، پىرغا ياكى ھايات ۋە مەۋجۇتلۇقنىڭ ماھىيىتىگە ئايلاندۇرىدىغان ئىشلار. بۇنداق ئادەملەر ناھايىتى شاد بولىدۇ، ئاشۇ شادلىق ئىچىدە مەڭگۈ ياشايدۇ. ئەمما بۇ خىل مەڭگۈلۈك ھايات پەقەت ئادەمنىڭ ئىككىنچى ئۆمرىدە بولىدۇ. بۇ ئىككىنچى ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى ئۇنتۇمىغىنىدىندۇر. چۈنكى، ئادەم ھايات چېغىدىلا

كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تېنى ئۆلگەندىن كېيىن خېلى مەزگىلگىچە ئۇنتۇمايدىغانلىقىنى تۇيىدۇ، مانا بۇ مەڭگۈلۈك ھايات دېيىلىدۇ. ئىبن باجە ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىككى ئۆمرى بولىدۇ، بىرى زېمىندا ياشىغان تەننىڭ ئۆمرى، يەنە بىرسى ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كىشىلەر خاتىرىسىدە تۇرۇش ۋاقتى يەنى ئىككىنچى ئۆمرى. بۇ ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئادەمنىڭ ھايات چېغىدىكى پەزىلىتىنىڭ قانچىلىكلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دەيدۇ.

### 5. ئەخلاق ۋە ئىرادە

ئىبن باجەنىڭ نەزەرىدە، ئەخلاق دىنىنىڭ ئىلاھىي كۈچىدىن پەيدا بولمايدۇ، جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ قانۇنىدىنمۇ پەيدا بولمايدۇ، بەلكى تەپەككۇر بىلەن ئۆرە بولىدۇ، ئالدى بىلەن ئەقىلدىن كېلىدۇ. ئىبن باجە قىلىقلارنى ھايۋانىي ۋە ئىنسانىي دەپ ئىككىگە ئايرىيدۇ. ھايۋانىي قىلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئېھتىياج ياكى جۇش ئاساسىدا بولىدۇ. ئادەمدە بۇ ئىككى ياكى بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئامىلنىڭ تۈرتكىسىدە بۇ خىل قىلىقلار پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئادەم پەقەت قورسىقى ئاچقانلىق بىلەن يېمەكلىك ئىزدەيدۇ، بۇ بىر ھايۋانىي قىلىقتۇر. چۈنكى ھايۋان پەقەت تەننىڭ ھەيدىشى بىلەن سۇ ئىچىدۇ ۋە ئوتلايدۇ، قورساق تويغۇزۇشنىڭ ئارقىسىدا ھېچقانداق نىيەت بولمايدۇ. جۇشمۇ مۇشۇ قاتاردا. ھايۋان ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناۋادا ئۇنى ئىختىيارىچە قويۇۋەتسەك، ئۇنداقتا ئۇ ئادەمگە مەنپەئەتمۇ بەرمەيدۇ، زىيانمۇ يەتكۈزمەيدۇ. بىراق ناۋادا ئۇنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويساق، چوقۇمكى قېنى قىزىيدۇ، تۈرلۈك ئىنكاسلاردا بولىدۇ. ئۇ بۇنداق بارلىق ئەھۋاللاردا ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغىنىنى ئويلىمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قىلىقى بىر خىل ماھىيەتلىك جۇش، ئۇنىڭ ئەقىل بىلەن پەرۋايى پەلەك.



بۇ خىل ئەھۋال پەقەت ھايۋانلار بىلەنلا چەكلىنىدۇ. شۇڭا ئىبن باجە مەيلى ھايۋاندا كۆرۈلسۇن ياكى ئادەمدە كۆرۈلسۇن، بۇ خىل قىلىقلارنى ھايۋانىي قىلىقلار دەپ ئاتايدۇ. ئەمما بۇ يەردە ماھىيەتلىك پەرق بار، يەنى ئادەم ماھىيەت جەھەتتە ئىككى قىسىمدىن تەشكىل تاپقان: بىرسى تەن، يەنە بىرسى مەنىۋىيەت. تەننىڭ تۈرلۈك نەپس خاھىشلىرى بار، ناۋادا سەل قارالسا ياشاش مۇمكىنچىلىكى يوقايدۇ.

يىغىپ كەلسەك، ئىنساننىڭ قىلىقلىرى يالغۇز ئىنسانىي تۇستىلا بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى چوقۇم ھايۋانىيلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن، ئادەم تاماق يېمىسە بولمايدۇ، شۇڭا تاماق يېيىش جەريانىدا ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل قىلىق بولىدۇ. بىرى، ھايۋانىي تەبىئىتى بار ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، يەنە بىرى، ئەقلىي ئىرادىدىكى يىراقنى كۆزلىگەن نىيەت. ئىنساننىڭ تاماقلىنىشى ھاياتلىقنى ۋە ھايات قۇۋۋىتىنى ساقلاپ، داۋاملىق ئىنسانىي تىرىشچانلىقتا بولۇپ، تۈرلۈك مەنىۋى خۇشاللىققا ئېرىشىش. شۇڭا ئىبن باجە ئادەمنىڭ تاماق يېيىشى ماھىيەتتە ھايۋانىيلىق بولسىمۇ، ئەمما رېئاللىقنى چىقىش قىلغاندا ئىنسانىيلىق دېگەنىدى.

ئىبن باجە مۇشۇنىڭغا ئاساسەن پەزىلەتنى ئىككىگە بۆلىدۇ:

1) شەكلەن پەزىلەت: بۇ خىل پەزىلەت ئىنساننىڭ تەقەززاسى ياكى تەبىئىتىدىن كېلىدۇ، ئەمما، خۇددى ئىتنىڭ سادىقلىقىدەك شەخسىي ئىرادە ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ بولۇشىنى سىغدۇرالمايدۇ. ئىت سادىقلىق بىلەن مەشھۇر، ئەمما ئۇ ھەر قانداق ۋاقىتتا ھەممىلا كىشىگە سادىق، شۇنداقلا ئۇ پەقەت ۋە پەقەت سادىقلا مەخلۇق. بۇنداق پەزىلەت ئادەم ۋە ھايۋان ئۈچۈن ئوخشاشلا قىممەتسىز. خۇددى ئىبن باجە ئېيتقاندەك، بۇ بىز تىلغا ئالغۇدەك مەسىلە ئەمەس.

2) تەپەككۇرنىڭ پەزىلىتى: ئۇ ئالدى بىلەن ئىرادە ۋە پىكىرنى ئاساس قىلىدۇ. چۈنكى ئادەم پەقەت توغرا پىكىر بويىچە ئىش قىلىدۇ، ھايۋانىي قەلبلەردىكى تەقەززا ياكى جۇشقا ھەرگىز سەپ سالمايدۇ، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى چوقۇم ئەقلىي ھەرىكەت دەپ ئاتىلىشى كېرەك.



# ئون بىرىنچى باب ئىبن تۇفايل

## 1. ھايات پائالىيەتلىرى

ئىبن تۇفايلنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد بىننى ئابدۇللا مالىك ئىبن تۇفايل، ئۇ ئاسى دەپ ئاتالغان كىچىك بىر شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. بۇ شەھەر بۈگۈنكى كۈندە گادىس دەپ ئاتالغان بولۇپ، كوردوۋادىن 53 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

ئىبن تۇفايل ھىجرىيە 495 ـ 505 ـ يىللىرى (يەنى مىلادىيە 1096 ـ 1106 ـ يىللىرى) ئارىسىدا تۇغۇلغان.

خۇددى تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق بولمىغاندەك، بىز ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى ئەھۋاللىرىنىمۇ تازا ئۇقمايمىز. ئۇنىڭ قەيەردە ئىلىم تەھسىل قىلغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. ئەمما ئەينى چاغدىكى ئاندالۇسىيەدىكى بىر نەچچە ئىلىم مەركەزلىرىنى بولۇپمۇ كوردوۋا ۋە ئىبېرىيىنىڭ ئەھۋالىنى تازا ئوبدان بىلىمىز.

ئىبن تۇفايلنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ئەڭ مول ماتېرىيال مەنبەسى بولغان «مەغرىبتىكى ئىشلار» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى ماراكەشلىك ئابدۇللا ۋاھاب: «بىزنىڭ بۇ پەيلاسوپىمىز ئىبن باجە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۆلەك پەيلاسوپلاردا ئوقۇغان» دەيدۇ. بىراق ئىبن تۇفايلنىڭ ئۆزىنىڭ ئىبن باجە توغرىسىدىكى گېپى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەييە بىننى يەقزان» ناملىق ئەسىرىدە ئىبن باجەنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ: «بۇ ئادەمنىڭ ئىلىملىرىنى مەن ئاڭلىمايتىكەنمەن. ئۇنىڭ ئۆزىنىمۇ ئۇچرىتىپ باققىنىم يوق» دەيدۇ. شۇڭا ئىبن تۇفايل

ئىبن باجەدە ئوقۇمىغان. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئىبن باجەنىڭ تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭغا يەتكەن. ئىبن تۇفايىل چوقۇم دىنىي ئىلىم، بولۇپمۇ فىقھە ئۆگەنگەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىسى باتلوجى ئىبن تۇفايىلنىڭ قازى بولغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ①، ئۇ يەنە گرېنادادا تېۋىپلىق قىلغان. بىراق ئىبن تۇفايىل ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەزگىل ئەلموراۋىدىس خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ئەبۇ ياقۇپ يۈسۈپ يېنىدا ئۆتكەن. ئەينى چاغدا بۇ پادىشاھنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى، ئۇ ئەرەبلەرگە ئائىت تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ۋە غەلىتە ۋەقەلەرنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە مول ئەقلىي بىلىمگە ئىگە ئادەم ئىدى. ئىبن خەللىكان بۇ پادىشاھنى تىلغا ئېلىپ: «ئۇ ئەرەبلەرنىڭ قانداق سۆھبەتلىشىدىغىنىنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرى ۋە ئىسلام دەۋرلىرىدىكى ھېكايەتلىرىگە ئەڭ پىششىق ئادەم ئىدى» دەيدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ بۇخارالىقلار ئېيتىدىغان قانىنى قىزىتىدىغان ناھايىتى تەسىرلىك يايلاق ناخشىلىرىنىمۇ يادا بىلەرمىش. ئۇ بىر نەچچە شەرىئەت ئالىملىرى بىلەن «قۇرئان كەرىم» نىمۇ يادلىغان بولۇپ، پەلسەپىگە ئالاھىدە ھەۋەسى بولغاچقا، شۇنىڭلىق بىلەن تېبابەت ئۆگىنىشكە باشلىغان. نۇرغۇن پەلسەپە ئەسەرلىرىنى توپلىغان. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئالىملار ئىچىدە ئىبن تۇفايىل ۋە ئاندالۇسىيىدىن كەلگەن ئىبن رۇشد بار ئىدى.

ئىبن ئەبۇ زالە ئۆزىنىڭ «تارىخچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى» ناملىق ئەسىرىدە ئالاھىدە كۆرسەتكەنكى، ئىبن تۇفايىل پادىشاھ ئەبۇ ياقۇپنىڭ ۋەزىرى بولغان. بىراق بۇ پادىشاھقا تەرجىمىھال يازغان تارىخچىلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى قاتارىدا ئىبن

① گېرمانىيە شەرقشۇناسى مېڭك: «يەھۇدىي ۋە ئەرەب پەلسەپىسىدىن ئەبجەش ئۈزۈندە» 518-بەت



تۇفايىلنى تىلغا ئالمايدۇ.

ئىبن تۇفايىلنىڭ مەزكۇر پادىشاھنىڭ باش تېۋىپى بولغانلىقىدا شۈبھە يوق. بەلكى ئۇ ئەقلىي بىلىملەرگە، تېبابەتكە پۇختا بولغاچقا، پەلسەپىگە ئۆزىنى ئۇرىدىغان، پەيلاسوپلارغا ئامراق بۇ پادىشاھقا يېقىنلاپ كەتكەندۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئىبن تۇفايىلنىڭ ئەلموراۋىدىس خاندانلىقىنىڭ بۇ پادىشاھىنىڭ يۈكسەك ئېتىبارىغا ئېرىشكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇنىڭغا ئەڭ كۈچلۈك دەلىل شۇكى، ئىبن تۇفايىل ئىبن رۇشدنى پادىشاھقا ئۆزى كۆرسىتىدۇ. ماراكەشلىك ئابدۇللا ۋاھاب ئۆزىنىڭ «مەغرىبتىكى ئىشلار» نامىلىق ئەسىرىدە ئىبن تۇفايىل ھەر قايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن ئالىملارنى ئۈزلۈكسىز ھالدا پادىشاھقا تونۇشتۇرۇپ تۇراتتى ھەم پادىشاھقا ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىشنى ئەسكەرتەتتى دەيدۇ. يەنە شۇ ئىبن تۇفايىل پادىشاھقا ئىبن رۇشدقا كۆڭۈل بۆلۈشنى تەكىتلەپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئاستا - ئاستا ئىبن رۇشدنى تونىدى. ئۇنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى، شەرىئەت ئالىمى ئەبۇ بەكرى پىندۇد ئىبن رۇشدنىڭ كۆپ قېتىملاپ «مەن پادىشاھ ئەبۇ ياقۇپنى تۇنجى كۆرگىنىمدە پادىشاھنىڭ يېنىدا پەقەت ئىبن تۇفايىللا بار ئىكەن. ئىبن تۇفايىل مېنى ماختاپ بەردى، نەسەبىمدىكى پېشىۋالارنى تىلغا ئالدى. پادىشاھنىڭ ماڭا قىلغان تۇنجى گېپى ئۇلار (پەيلاسوپلارنى كۆرسىتىدۇ) ئەرشكە قانداق قارايدۇ؟ ئەرش ئەزەلدىن بارمىتى ياكى يارىتىلغانمۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۈيۈلۈش ۋە يۈرەكسىزلىك ئىچىدە قالدىم، ئۇنىڭغا تەستە چۈشەندۈرۈپ ئۆزۈمنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقىمنى ئىنكار قىلدىم. پادىشاھ مېنىڭ ئەنسىزچىلىكىم ۋە ئۈيۈلۈشۈمنى تۇيدى. شۇنىڭ بىلەن ئىبن تۇفايىلغا بۇرۇلۇپ يۇقىرىقى سوئال ئۈستىدە پىكىرلەشتى ھەم ئارىستوتىل، ئەپلاتون ۋە باشقا پەيلاسوپلارنىڭ

گەپلىرىنى، ئىسلام دىنىدىكىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىگە بەرگەن باھالىرىنى تىلغا ئالدى. شۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلىدىغىنى كۆپ، مەخسۇس مۇشۇ تەتقىقاتتا بولغان ئادەممۇ ئۇنىڭغا تەڭ بولالمايدۇ دەپ ئويلايمەن. كېيىن پادىشاھ ماڭا توختىماي ئىلھام بېرىپ ئاخىرى ئېغىزىمنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىمنى بىلدى. مەن كەتكىلىۋاتقاندا پادىشاھ بۇيرۇق قىلىپ ماڭا تىللا، شاھانە پەرىجە، بىر مەپە ئىنئام قىلدى» دەپ بەرگىنىنى ئاڭلىغان.

ئىبىن رۇشدنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىسى يەنە ئۆز ئۇستازى دەپ بەرگەن مۇنۇ گەپنى تىلغا ئالىدۇ: «بىر كۈنى ئىبىن تۇفايل مېنى چاقىرتىپ، ماڭا، بۈگۈن پادىشاھنىڭ ئارىستوتىلنىڭ بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلىرىنى چۈشەنمەي قالغانلىقىنى تىلغا ئالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇ بىرەرسى بۇنى دۇرۇس چۈشىنىپ، خەلق چۈشەنگۈدەك قىلالىسا ئىدى دېدى. ناۋادا كۆچىڭىز يەتسە بۇنى سىز قىلىڭ. مەن كۆڭلۈم تويۇپ تۇرۇۋاتقان ئۆتكۈرلۈكىڭىزنى، پاكلىقىڭىزنى، ئىخلاسمەن زېھنىڭىزنى ئۇلۇغ ئىشلارغا بېرىشىڭىزنى تىلەيمەن. سىزگە ئايان، يېشىم بىر يەرگە باردى، پادىشاھ ئالىيلىرىنىڭ خىزمىتى ۋە قولۇمدىكى تېخىمۇ مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن مەن بۇ ئىشلارنى قىلىپ بولالمايمەن، دېدى. مانا بۇ مېنىڭ ئىبىن تۇفايل ئارىستوتىلنىڭ يىنىدىن چەككىنىپ چىققان نەرسىلەرنى تېخىمۇ پىششىقلاشقا تۇتۇش قىلىشىمنىڭ سەۋەبى.»

ئىبىن رۇشدنىڭ ئوقۇغۇچىسى ئۇستازىنىڭ بۇ گەپلىرىنى بىۋاسىتە يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، بۇ ئالدى بىلەن ئىبىن تۇفايلنىڭ پادىشاھ ياقۇپنىڭ يېنىدىكى يۇكسەك ئورنىنى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپىۋى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى دەلىللەيدۇ. ئاندىن ئىبىن رۇشدنىڭ ئارىستوتىل ئەسەرلىرىنى



شەرھلىشىگە تۈرتكە بولغان سەۋەبنى نامايان قىلىدۇ.

فرانسىيە شەرقشۇناسى گوردىڭ① ئىبىن رۇشد بىلەن پادىشاھ ۋە ئىبىن تۇفايل ئارىسىدىكى بۇ ئىككى قېتىملىق سۆھبەتنىڭ ۋاقتىنى ئېنىقلاشقا كۆچەيدۇ، ئەڭ ئاخىرى بۇ ئىككى قېتىملىق ئۇچرىشىشنىڭ ۋاقتى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1168 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ۋە 1169 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئەينى چاغدا ئىبىن رۇشد 42 ياشتا، ئىبىن تۇفايل 67 ياكى 68 ياشتا ئىدى دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ.

ئىبىن تۇفايل پادىشاھ ياقۇپنىڭ باش تېۋىپلىق ۋەزىپىسىنى سەكراتقا چۈشكەنگە قەدەر ئۆتىگەن، كېيىن يەنى 1185 - يىلىدىن باشلاپ بۇ ۋەزىپىنى ئىبىن رۇشدقا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

1187 - يىلى پادىشاھ ياقۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇ يىلى ئىبىن تۇفايل كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى، يېڭى پادىشاھ بۇ پەيلاسوپنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى ۋە ئۇنى خاندانلىق ئاستانىسى ماراكەش شەھىرىگە دەپنە قىلدى.

## 2. «ھەييە بىننى يەقزان» ۋە ئىشراقىيە پەلسەپىسىنىڭ سىرى

ئىبىن تۇفايلنىڭ نامىنى ئۇنىڭ «ھەييە بىننى يەقزان» ناملىق كىتابىنىڭ پەلسەپىۋى ھېكايىلىرى چىقارغان. بۇ پەلسەپىۋى ھېكايىلەر بۇ پەيلاسوپنىڭ پىكىرلىرىنى چۈشىنىشتىكى بىردىنبىر مەنبە، ئۇ ئاللانى تونۇش، ئاللانىڭ پەزىلىتى، ئىنسان روھى ۋە دۇنيانىڭ يارىتىلىشى دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى پىكىرلەرنى ۋە باشقا تەتقىقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

① «ئىبىن تۇفايلنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى» 12-17-بەتلەر.

بىر قىسىم تارىخچىلار ئىبن تۇفايىلنىڭ ئىككى توم تېبابەت كىتابى يازغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئىبن رۇشىد ئۇنىڭ روھ ھەققىدە بىر كىتاب يازغىنىنى تىلغا ئالىدۇ. بۇ كىتابتا ئۇ ئىنساندا پىنھان ئەقىل ۋە خىيال كۈچى بارلىقىنى، خىيال كۈچى كونترول قىلىنغان ھامان باشقا ئەقلىي خۇلاسىلەرگە قارىمايلا بىلىمنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئەپسۇس، بۇ ئەسەرمۇ ئۇنىڭ تېبابەت ئەسىرىگە ئوخشاش بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىزنىڭ ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ھېكايەتلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدىيىۋى خاھىشنى چۈشىنىشىمىزگە ياردىمى تېگىدۇ.

«ھەييە بىننى يەقزان» دىكى پەلسەپىۋى ھېكايىلەر ئىككى ئارالدا يۈز بەرگەن. بۇ ئاراللارنىڭ بىرىدە قانۇنى ۋە ئەنئەنىسى بار ئىنسانلار جەمئىيىتى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنە بىر ئارالدا ئۆزى بىلەن ئۆزى ياشايدىغان تېگى ئېنىق ئەمەس ئىنسان ياشايدۇ. بۇ كىشى ھەر قانداق ئىجتىمائىيلىقتىن خالىي مۇھىتتا ياشاپ، ئەڭ زور چەكتىكى مەنىۋى مۇكەممەللىككە يەتكەن، ئىنساندىن بولغان ھەر قانداق بىر ئۇستازنىڭ ياردىمىگە موھتاجلىقى يوق ھالەتتە تۇرىدۇ.

بىرىنچى ئارالدىكى ئادەملەر سىرتقى ئالەم ئۇلارغا تاڭغان قانۇن بويىچە ياشايدۇ، رېئال دۇنيادىكى ئىدىيىۋى پىكىر ۋە قەلبنى ئىپادە قىلىش ئۇسۇلى بولمىش دىنىي ئەھكاملارغا رىئايە قىلىدۇ. ئەمما بۇ بىر ئۇچۇم ئادەملەر ئىچىدە پۈتۈنلەي ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئەر بار، ئۇلارنىڭ ئىسمى سۇلايمان ۋە ئاسال.

بۇ ئىككىيلەن ئادەمنى ئەيمەندۈرىدىغان يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. سۇلايمان ئىجتىمائىي ئىلىملەر ئىدىيىسىدىكى ئادەم بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى ئېتىقادنىڭ تەلىپى بويىچە ئاممىۋى



خىزمەتلەرنى باشقۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرۇشقا ماسلىشىپ كەتكەن ئارال پادىشاھى. ئاسال سوپىزم ئىدىيىسىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىدىيىدە بولۇپ، مۇھىتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىغانلىق تۈپەيلىدىن ئۆزىنى يېتىم ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزى ئادەم تاپىنى تەگمىگەن دەپ ھېسابلايدىغان يەنە بىر ئارالغا كۆچۈپ كېتىشنى قارار قىلىدۇ.

بىراق ئىككىنچى ئارالدا ھەييە بىننى يەقزان ئىسىملىك بىر ئەر تۇراتتى. بۇ مەخلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى بۇ ئارالدىكى بىر سىر ئىدى. ئۇ بىر بولسا پائالىيەتچان ئەقىل ماددىنىڭ ئىچىگە مەنىۋى كۈچنى پۈۋلىگەنلىكىدىن قايسىدۇر بىر ماددا ئۆزى پەيدا قىلغان ئادەم. يەنە بىر بولسا دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا ئېلىپ چىققان كىمدۇ بىرىنىڭ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن بالىسى ئىدى. مۇشۇ ئىككى ئېھتىماللىقتىكى بۇ غەيرىي ئادەم ئارالدا بىر بۆكەن ساغلىقىغا ئۇچراشتى، ساغلىق ئۇنى ئەمدۈردى. بۇ ئويئوچۇق پاكىت يەر يۈزىدىكى بارلىق جانلىقلار ئارىسىدا ئۆزئارا ھېسداشلىقنىڭ بارلىقىنى دەلىللىدى. ئاندىن ئۇنىڭ تەربىيىلىنىشى غەيرىي بىر جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ تۇتۇپ كۆرسەتكۈدەك ئۇستازى يوق ئىدى. ئەمما بىر خىل ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇ ھەر يەتتە يىلدا بىر بىلىم دەرىجىسىدىن يەنە بىر ئۇستۇنرەك بىلىم دەرىجىسىگە ئۆرلەيتتى، بۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەقىقىي پەيلاسوپنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە تاكامۇللۇقىغا يەتكۈچە مۇشۇنداق داۋاملىشاتتى.

بۇ يېگانە ئادەم تۇرلۇك تەبىئەت پەنلىرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئىگىلەپ، شەكىل بىلەن ماددىنى پەرقلەندۈرگۈدەك بولىدۇ ھەم ئۆز تەپەككۇرى ئارقىلىق ھېسسىي بىلىشتىن تەدرىجىي كۆتۈرۈلۈپ ئالەم مەنىۋىيىتىگە كىرىدۇ. ئۇ پلانېتلاردىكى شەيئىلەرنى ئويلاش جەريانىدا دۇنيانىڭ

شەكىللىنىشىدىن گۇمانلىنىدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبى پاللىدە يورۇپ كېتىدۇ، ياراتقۇچىنىڭ چوقۇم بارلىقىنى تونۇيدۇ. ئاندىن ئۆز ئەقلىنىڭ تەكتى ۋە تۈرلۈك ئەھۋاللار ئۈستىدە باش چۆكۈرۈپ ئويلاپ، ئىنساننىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ۋە قۇرىماس بولىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

بۇ غەيرىي ئادەم ھەييە 50 ياشقا كىرگەندە ئارالغا كەلگەن ئاسال بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ ئىككىيلەننىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشى ئازراق تاسادىپىي ئىدى، ئۆز ئارا ئېھتىيات قىلىشتىن خالىي ئەمەس ئىدى. بىراق، ھەييەنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئۇلار ئاخىرى ئۆزئارا سۆزلىشىدۇ.

بىراق، ھەيران قالارلىقى، ئاسال بايقايدۇكى، ئۇ ئاشۇ ئادەملەر ياشىغان ئارالدا ئاز ـ تولا چۈشەنگەن دىنىي ئېتىقاد گەۋدىسىنى ھەييەد ىن ناھايىتى مۇكەممەل ۋە ئوچۇق كۆرىدۇ. بۇ پائالىيەتچان ئەقىلنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

كېيىن ھەييە يەنە بىر ئارالدا مەنىۋى نادانلىقتىكى ئادەملەرنىڭ ياشايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئاشۇ ئارالغا بېرىپ ئۇلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىش ئىستىكى تۇغۇلدى، شۇنىڭ بىلەن يېگانە غەيىب ئادەم يەنە بىر ئارالغا بېرىش ئۈچۈن ئاسال بىلەن بىللە قېيىققا چىقتى. ئارالغا كەلگەندىن كېيىن دەسلەپتە ئۇلار ئارالدىكىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا، كۈتۈشىگە ئېرىشىدۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئىككىيلەن سېزىپ قالىدۇكى، بىر قېتىم ئۇلار پەلسەپىۋى ھەقىقەتلەرنى چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرگەندە بۇ ئارالدىكىلەرنىڭ دوستلۇقى زېرىكىشكە، زېرىكىش يەنە دۈشمەنلىككە ئۆزگىرىۋاتاتتى. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئارالدىكىلەرنىڭ زوۋۇلىسى كىچىك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئارىلىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇلار بۇ قېتىملىق كەچۈرمىشتىن كېيىن بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنى ئوڭشىغىلى بولمايدىغانلىقىنى



تونۇپ يېتىدۇ. مۇكەممەللىك ۋە شادلىقنىڭ پەقەت ئۆتكۈر پىكىرلىك، يالغۇز تۈرۈش ئىقتىدارى بار ئاز بىر قىسىم تالانت ئىگىلىرى تۇيغۇ ئارقىلىق ئامال قىلىپ ئىگە بولىدىغان نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ.

بۇ مەزكۇر كىتابتىكى ھېكايىنىڭ ناھايىتى ئىخچاملاشتۇرۇلغان بايانى. ئۇنىڭ مەنىسى ۋە كۆزدە تۇتۇۋاتقان ئاخىرقى مۇددىئاسى ھەققىدە ھەر كىمنىڭ قارىشى باشقا. ئەمما ھېكايىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىبن تۇفايلنىڭ تۆۋەندىكى نەزەرىيىگە بولغان ئەقىدىسىنى بېشارەت قىلىدۇ:

ئادەم ئۆز بىلىشىنى ھېسسىيلىقتىن ئەقلىيلىققا كۆتۈرەلەيدۇ ھەم ئۆز ئەقلى بىلەن ئابستراكت دۇنيا ۋە ئاللانى تونۇيالايدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، تونۇش ئىككى خىل بولىدۇ: يەنى بىۋاسىتە بىلىش ۋە نەزەرىيىۋى بىلىش، ياكى باشقىچە دېگەندە سوپىلار تەرىقىتى ۋە ئىشراقىيە مەزھىپىدىكى «ۋەھىي» ۋە «ئىلھام» ئاساسىدىكى بىلىش ۋە پەن ئالىملىرىدىكى لوگىكا ئاساسىدىكى بىلىش.

بىرىنچى خىل بىلىش روھنى ساپلاشتۇرۇش ئارقىلىق بولىدۇ. ھەر قېتىم ئادەم بۇ خىل ساپلاشتۇرۇشنى كۈچەيتكەن چاغدا ئۇنىڭ بىلىشى شۇنچە ئوچۇقلىشىدۇ، بارلىق رېئال مەۋجۇتلۇق ئاپتاپتەك ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاشكارا قىلىدۇ. ئىككىنچى خىل بىلىش سەزگۈ فۇنكسىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلمىي خۇلاسىگە ئېرىشىدۇ. ئىلمىي خۇلاسىگە ئىگە بولۇشنىڭ ئۇسۇلى پەقەت تەتقىقات ۋە ھۆكۈملەر بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

ئىبن تۇفايل بۇ ھېكايىدە ئىككى ئىدىيىۋى يولنى بويلايدۇ: ھەييەگە بەزىدە سەزگۈ ۋە مۇرەككەپ ئامىللار بىلەن شەيئىلەرنى تونۇتىدۇ. بەزىدە ۋەھىي ۋە ئاللانىڭ شاپائىتى بىلەن شەيئىلەرنى تونۇتىدۇ.

## 3. ئىبن تۇفايلنىڭ پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەرلىرى

ئىبن تۇفايلنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى پۈتۈنلەي «ھەييە بىننى يەقزان» غا يۇغۇرۇلغان بولۇپ، تۆت تەرەپتىكى بىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1. بۈيۈك ئاللا توغرىسىدا

ئىبن تۇفايلنىڭ ئاللاغا بولغان قارىشى مۇتەزىلىيىلەرنىڭ قارىشىغا مەنسۇپ، يەنى: ئاللا ھەممىگە قادىر، ئۇ ئۆزى ياراتقان ھەممىنى بىلەلەيدۇ. ئۇ زۆرۈر مەۋجۇتلۇق ۋە ۋاجىدلىق. ئۇ بارلىق مەۋجۇتلۇقنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئاللادا سەزگۈنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، تەسەۋۋۇرمۇ بولمايدۇ، چۈنكى تەسەۋۋۇر پەقەت سېزىلگەن نەرسە يوقاپ كەتكەندە ئۇنى قايتا نامايان قىلىدۇ. ئاللا قانداقتۇر بىر سۇبيېكتىپ مەنپەئەت ئۈچۈن ئۆز ئىرادىسى بويىچە شەيئىلەرنى يارىتىدۇ، ئۇ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، يەنى ئاسمان ۋە زېمىندىكى ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر.

2. مەنىۋىيەت ۋە روھ

روھ ئاللانىڭ دەرگاھىدىن ئەبەدىي ئېقىپ چىقىدۇ. ئاللا مىسالى قۇياش، مەڭگۈ ئۇزۇلدۇرمەستىن دۇنياغا نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. شەيئىلەر ئۆزىدىكى ھازىرلىققا بېقىپ ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىدۇ.

روھنىڭ ئۆزىمۇ بىر مۇتلەق پۈتۈنلۈك. ئادەمنىڭ ئابىستراكت شەيئىلەرگە بولغان تونۇشى چوقۇم ماددىدىن خالىي مەنىۋىيەت ئارقىلىق بولىدۇ. چۈنكى غەيرى ماددىدىن بولغان نەرسە چوقۇم پەقەت ئۆز خىلىدىكى نەرسە ئارقىلىقلا ئۇنى تونۇيدۇ. روھ ئادەم تېنىدىكى بىلگىلى بولىدىغان ئەقلىيلىققا ئىگە نەقتەلىدۇر (سۇبىستانسىيىدۇر). ئۇ مەڭگۈلۈك بولىدۇ،



ئۆلمەيدۇ، يوقالمايدۇ. ئۇ پەقەت ئاللا بىلەن يېقىنلاشقاندىكى ئاشۇ لەززەتنى بىلگەندىلا ئاندىن شادلىقتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئىنسان روھى ئاللاغا يېقىنلىقنى سەۋەبلىك شادلىققا چۆمگەندە، بۇ خىل شادلىق ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن چوقۇم يەنە داۋاملىشىپ، چوقۇم چەكسىز بەخت ۋە ئەبەدىي شادلىققا ئايلىنىدۇ. ھايۋانىي روھقا كەلسەك، ئۇ خۇشاللىقنى بىلمەيدۇ، ئەبەدىيلىكنىمۇ چۈشەنمەيدۇ.

3. دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى

ئىبن تۇفايل نەزەرىدە، دۇنيانىڭ بېشى ۋە ئاخىرى بار، چۈنكى ئۇ بىر يۇمىلاق جىسىم. قۇياش يەر شارىدىن چوڭ شار جىسىم. دۇنيا بىر يارالمىش، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى بار، ئەمما ئۇ ناھايىتى قەدىمى. ۋاقىت جەھەتتىن ئەمەس، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى بۇ ياراتقۇچىنىڭ ئارقىدا تۇرىدۇ. «دۇنيا مەۋجۇتلۇقى ۋە ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئارىسىدا ئانچە بەك ئۇزاق ۋاقىت پەرقى يوق». دۇنيانىڭ يوقىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئەمما ئۇ بىر خىل شەكىلدىن يەنە بىر خىل شەكىلگە ئۆزگىرىدۇ.

4. جەمئىيەت ۋە دىن

جەمئىيەت ئادەتتىكى ئادەملەردىن تەشكىللىنىدۇ، ئۇلار جەمئىيەتتىكى مۇتلەق كۆپ سانلىقلاردۇر. جەمئىيەت يەنە ئۆزگىچە ئادەملەردىن تەشكىللىنىدۇ، ئۇلار سانى ناھايىتى ئاز بولغان ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەردۇر.

ئىبن تۇفايلنىڭ نەزەرىدە، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى، ئۇلار مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزەلمەيدۇ، ئاۋام ئەيىبلەۋاتقان ئىشلارنى باھالاپ بېقىشقا جۈرئەت قىلمايدۇ، كۆپ چاغلاردا پەقەت شەيئىلەرنىڭ بەت ئىپادىلىرىنى تۇتۇۋېلىپ لەۋزى بىلەن ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ

تۇرىدۇ، قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشى ئۇستىدە ئاز ئويلىنىدۇ. ئۇلار بەكلا پرىنسىپسىز هالدا باشقىلارغا ئىشىنىدۇ. قايسىدۇر كىشىگە ئىشەنسە توغرىمۇ ـ خاتامۇ دېمەيلا ئۇڭ ماڭسا ئۇڭ، سول ماڭسا سول ماڭىدۇ، چۈنكى ئۇلار پرىنسىپنى بەك ئاز چۈشىنىدۇ. پەقەت باشقىچىرەك تەبىئەتتىكى ئۆزگىچە ئادەملەرلا تەپەككۇر قىلىدۇ. ئۇلار دىنىي مەسىلە توغرۇلۇق ئويلايدۇ، ماهىيىتىگە چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ، مەنىۋىيەتنى تېخىمۇ مول قىلىدۇ، شەرھلەرگە بېرىلىدۇ، ئۆزگىچە ۋە يۇكسەك ئەقىلدە بولۇشقا ئۆزىنى ئۇرىدۇ.

دىنىدىمۇ كۆرۈنمە ۋە ئىچكى مەنا بولىدۇ. شەرىئەتتىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىسى ئاللانىڭ ئىلهامىدىن كەلگەن. پەرىشتە، «قۇرئان كەرىم» ۋە رەسۇلىللا، باقىي ئالەم، پانىي ئالەم، جەننەت ۋە دوزاخ قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى كىشىلەرگە كۆرسىتىلگەن ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقى هەققىدىكى مىساللاردۇر. شۇنداقتا بارلىق ئىبادەتلەرنىڭ هەممىسى يۈزەكى هەرىكەتتۇر. شۇڭا ئىبن تۇفايىل ئەقلىيلىق ئارقىلىق بىلىشكە قول سوزغانكى، هەييە بىننى يەقزانغا شەرىئەت ئارقىلىق بىلىشنى تاللىمىغان. ئىبن تۇفايىل پەيلاسوپلار ئەقلىيلىق ئارقىلىق ئېرىشكەن شادلىق مۇتلەق مۇكەممەل شادلىق، ئادەتتىكى ئادەملەر شەرىئەت ئارقىلىق ئېرىشكەن شادلىق مۇكەممەلسىز شادلىق دەپ قارايدۇ. شۇڭا پەلسەپە ئىنسان ئەقلىنى مۇكەممەل قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ يولى، شەرىئەت بولسا پەقەت ئادەتتىكى كىشىلەرگە تېگىشلىك ئىجتىمائىي چەكلىمە، ئۇلار ئۇچۇن تەييارلانغان ماددىي تۇرمۇشنىڭ كۆلپىتىنى يېڭىشنىڭ، ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقنىڭ ۋاسىتىسى دەپ قارايدۇ.

دېمەك، دىن ۋە پەلسەپىنىڭ ئەمەلىي مەقسىتى بىر، بىراق دىن پەلسەپە بىلەن ۋاسىتە، تەپسىلات ۋە ئىدىيە ئاساسى جەهەتتە



تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. دىنىنىڭ پەلسەپىگە نىسبەتەن ئېھتىقاندا يەنە بىر ياخشى تەرىپى بار. يەنى ئۇ زور كۆپچىلىككە شادلىق ئىزدەش يولىدا تىپىرلايدۇ. پەلسەپە پەقەت ئالاهىدە هازىرلىقى بار شەخسلەرنىلا شادلىققا ئېرىشتۈرىدۇ.

5. ئىلهام، ئويغىنىش ۋە نۇرلىنىش

ئىلهام ۋە ئويغىنىش سوپىلار تەرىقىتىنىڭ مەهسۇلى. بۇ يەردىكى ئىلهام ۋە ئويغىنىشنىڭ ماهىيىتىگە كەلسەك، پەقەت بۇلار توغرۇلۇق ئابستراكت هالدا مۇهاكىمە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئىنسانىي تىل ئۇنى سۈپەتلەشكە، ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئىبن تۇفايىل ئۆز ئاغزى بىلەن سۈرەتلەپ دەيدۇكى: بۇ «هەييە بىننى يەقزان» ئۆز زاتى ۋە بارلىق جىسمى يوقالغاندىن كېيىن پەقەت بىر ئەبەدىي مەۋجۇتلۇق (ئاللا) نى كۆرىدۇ. ئۇ كۆرگىنىنىڭ هەممىسىگە قارىتا ئويغىنىش ئىچىدە بولىدۇ. ئاندىن ئۇ مەستخۇش هالەتتە ئويغىنىپ تۈيۇقسىز يەنە غەيرى[1]، بۇنىڭغا ئوخشمايدىغانراق نەرسىنى سېزىدۇ، شۇ چاغدا هېس قىلىدۇكى، هەقىقىيغا ئوخشمايدىغان بىرمۇ زات بولمايدۇ، زاتنىڭ ماهىيىتى دەل ئۇنىڭ هەقىقىي ئۆزىدۇر.

نۇرلىنىشقا كەلسەك، ئۇنىڭدا هېسسىي ياكى ئەقلىي دەلىلنىڭ بولۇشى هاجەت ئەمەس، بەلكى مەۋجۇتلۇقنىڭ قانۇنىيىتى قىياس ياكى پەم قىلىش بىلەن بىلىنىدۇ. ئىبن تۇفايىل بۇ پەلسەپىنى «ئىشراقىيە پەلسەپىسى» يەنى ئاللا ئۆز نۇرى بىلەن ئۆزى خالىغان بەندىسىنىڭ قەلبىنى يورۇتۇشى مۇمكىن دەيدىغان پەلسەپە دەپ ئاتايدۇ. ئاللا بۇ خىل ئىندۇكسىيە ئارقىلىق بەندىسىگە هەقنى توغرا بىلىشنى، هەتتا غەيىپ بىلىملەرنى، شەيئىلەرنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى كۆرسىتىدۇ.

---

① ئابستراكت شەيئىدىن پەرقلىق ماددىي جىسمنى كۆرسىتىدۇ.

6. ئەخلاق

ئىبن تۇفايل ئىجتىمائىي نۇقتىدا تۇرۇپ ئەقلىي ياكى ماھىيەت تارازىسى بىلەن ئەخلاقنى تونۇيدۇ. ئۇنىڭ نەزەرىدە، «ئىپسىل ئەخلاق، ئىنسانىي ماھىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا كاشىلا بولمايدۇ». بۇ دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر مەيلى ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋان بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۆز ئىستىكى ۋە مەقسىتى بولىدۇ. مەسىلەن، مېۋىلىك دەرەخنىڭ ماھىيىتى چېچەكلەش، مېۋە بېرىش، ئۆسۈش، يېتىلىش، ئاندىن مېۋىلەر يەرگە تۆكۈلۈپ ھەر بىر ئۇرۇقتىن بىر تۈپ يېڭى كۆچەت ئۈنۈپ چىقىش. ناۋادا ئادەم مېۋە پىشماستىن بۇرۇن ئۇنى ئۈزۈۋالغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ بۇ قىلىقى ئەخلاقسىزلىق بولىدۇ، چۈنكى بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ھاياتلىق ئارزۇسىنى نابۇت قىلغانلىق بولىدۇ.

ئوخشاشلا، ئىپسىل ئەخلاق ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئىستىكىنى نابۇت قىلىدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىبن تۇفايلنىڭ ئەخلاق قارىشى بارلىق شەيئىلەرنى تەبىئىيلىككە بويىچە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. دىنىي ۋە ئىجتىمائىيلىققا ئىگە ئەمەلىي ئەخلاققا كەلسەك، ئىبن تۇفايل بۇ ھەقتە توختالمىغان، چۈنكى ئۇ پەقەت ۋە پەقەت تەبىئىي مۇھىتتا ياشىغان، ئىجتىمائىي شارائىتنى چۈشەنمەيدىغان ئادەملەرگە ئەھمىيەت بەرگەن. يەنە دېمەك، ئەمەلىي ئەخلاقنىڭ ئۆزى مەقسەت ئەمەس، بەلكى باشقا مەقسەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى. ئىبن تۇفايل مانا مۇشۇنداق ۋاستىگە سەل قاراپ مەقسەتكە ئەھمىيەت بەرگەن.



# ئون ئىككىنچى باب ئىبن رۇشد

## 1. ئىبن رۇشدنىڭ ھاياتى ۋە ئەسەرلىرى

### 1. ئىبن رۇشدنىڭ ھاياتى

ئىبن رۇشدنىڭ تولۇق ئىسمى ئەبۇل ۋەلىد مۇھەممەد بىننى ئەھمەد بىننى رۇشد. ئۇ ئاۋېرروئىس نامىدا ياۋروپادا مەشھۇر بولۇپ، ھىجرىيە 520 - يىلى (مىلادىيە 1126 - يىلى) ئىسپانىيىنىڭ كوردوۋا شەھىرىدە تۇغۇلغان.

ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى ئوقۇمۇشلۇق قازى كالانلاردىن ئىدى، ئىلىم ۋە سىياسىي ئىشلاردا بەلگىلىك تەسىرى بار ئىدى، بۇلار ئىبن رۇشدنىڭ كېيىنچە قازى بولۇشىغا تەقدىرىگە پۈتتى. دەل ئاشۇ قازى بولغان يىللاردا ئۇ نۇرغۇن مۇھىم ئەسەرلەرنى يېزىپ تاماملىدى، بۇنىڭ ئىچىدە «زوئولوگىيە» ۋە ئارىستوتېلنىڭ «فىزىكا» ناملىق كىتابىغا يازغان شەرھىسى بار. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئەڭ كۆپ مەزگىل.

ھىجرىيە 578 - يىلى (مىلادىيە 1185 - يىلى) ئەلموراۋىدس خاندانلىقىنىڭ پادىشاھى ياقۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ باش تېۋىپلىقىغا، كوردوۋانىڭ قازىلىقىغا بەلگىلىدى. يوقىرىدىكى باپتا ئېيتقىنىمىزدەك، ئىبن رۇشد ئىبن تۇفايل تەرىپىدىن پادىشاھقا

تونۇشتۇرۇلغان.

ئەبۇ ياقۇپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەبۇ يۇسۇپ تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. شۇ چاغدا ئىبىن رۇشدنىڭ بۇ دۆلەتتىكى نوپۇزى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ يېڭى پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆپتىن كۆپ ئېھتىرامدا بولدى، ئۇنىڭ نەزەرىگە ئىلىنىدىم دەپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپ دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنىڭ تېگىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئىسسىق، بىر سوغۇق مۇئامىلىدە بولماي قالمىدى. ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئىسلام شەرىئەت ئالىملىرى ئىچىدە ئىدى. بۇلار پەيلاسوپلارنى قوغلاپ ئۆزلىرىنىڭ ئەلموراۋىدس خاندانلىقىدىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى تىكلىمەكچى بولاتتى. گەرچە ئۇنىڭ نوپۇزى يۇقىرى بولسىمۇ، دۈشمەنلىرى يەنىلا ئوردا ئارقىلىق ئۇنىڭغا زەھەرلىك قولىنى سالالىدى. پادىشاھ مەنسۇر 1195 - يىلى ئاندالۇسىيىگە بېرىپ پورتۇگالىيىگە تەسلىم بولغان ساتقۇنلارغا جازا يۈرۈشى قىلغاندا ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. پادىشاھ قايتىپ كېلىپ دەرھال ئىبىن رۇشدنى تۇتقۇن قىلىشقا بۇيرۇق بېرىپ، ئۇنى لوشىنا يەھۇدىيلىرى ئولتۇراقلاشقان ئەسما كەنتىگە سۈرگۈن قىلدى ھەمدە كىتابلىرىنى كۆيدۈردى، بارلىق مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق خەت يېزىپ، پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇماسلىققا، بۇ توغرىدا مۇنازىرە قىلماسلىققا،



خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ جازالىنىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇردى.①

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىسلامنىڭ غەربىدە پەيدا بولغان ھۆكۈمرانلارنىڭ پەلسەپىگە قارشى تۇرىدىغان بۇ ئىنقىلابى 30 يىلنىڭ ئالدىدا ئاببasiيلار خاندانلىقى ئىسلامنىڭ شەرقىدە قوزغىغان پەلسەپىگە قارشى ئاشۇ ئىنقىلابنىڭ قايتا قوزغىلىشى ئىدى. بۇ بىر مەيدان ئىنقىلابتا باغدادتىكى خەلىپە مۇقتەدىر بۇيرۇق بىلەن ئىبىن سىنا ۋە سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى چەكلىدى، ئۇ ھىجرىيە 559 - يىلى (مىلادىيە 1155 - يىلى) ئىدى.

ئىبىن رۇشد سىياسىي ۋە ئىلمىي ھاياتىدا يولۇققان بۇ ئاپەتنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ھەرقايسى تارىخچىلارنىڭ پىكرى تازا

① ئىبن ئەبۇ ئەۋزەيبا «نامدارلار تەزكىرىسى» 531 - بەتتە: ئىبن رۇشد باشتا كوردوۋادا بولدى، ئاندىن ئىشبىلىيىدە بىر مەزگىل تۇردى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ پادىشاھ مەنسۇر نەزەرىدىكى ئورنى كۆرۈنەرلىك بولۇپ، دۆلەت مۇتەۋەررى ئىدى. شۇنداقلا يەنە پادىشاھنىڭ ئوغلى ناسىر ئۇنى بەك ئىززەتلەيتتى. ھىجرىيە 591 - يىلى پادىشاھ مەنسۇر كوردوۋادا ئىبن رۇشد بىلەن كۆرۈشكەن. ئىبن رۇشد پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىززەت ئىكرامى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئەينى چاغدا پادىشاھ تايانچىسى ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللا ۋاھىد مۇشۇ سورۇندا بار بولۇپ، مەنسۇر ئىبن رۇشدقا ئۆز يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ ھەمسۆھبەت بولغان. ئىبن رۇشد ئوردىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ بىرمۇنچە دوستلىرى ئوردا ئالدىدا ساقلاپ، ئۇنىڭ پادىشاھ ئالدىدىكى يۈكسەك ئورنى ۋە قىزغىن قارشى ئېلىنغىنىنى قۇتلۇقلىغان. ئىبن رۇشد ئۇلارغا: «ئەستاغپۇرۇللا، بۇنى قۇتلۇقلىمىساڭلارمۇ بولىدۇ، چۈنكى پادىشاھنىڭ بۇ قېتىم ماڭا قىلغان ياخشى مۇئامىلىسى كۈتكەنلىرىمدىن ئارتۇق بولۇپ كەتتى» دەيدۇ.

ئۇنىڭ بىر گۇرۇھ ئەشەددىي دۈشمەنلىرى پادىشاھنى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ھۆكۈم قىلىشقا قۇتراتتىدۇ. ئىبن رۇشد ئوردىدىن ساق - سالامەت چىققاندىن كېيىن خىزمەتچىلىرىگە مۇشۇك، توخۇ، ئۆردەك قويۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئامانلىقىغا بېشارەت قىلىپ، دوست - يارانلىرىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. كېيىن مەنسۇرنىڭ ھەستى كېلىپ، ئۇنى ئەسماغا قوغلىۋېتىدۇ، پادىشاھ يەنە مەشھۇر ئادەملەرگە ھەسەت قىلىپ، ئۇلارنىمۇ باشقا جايلارغا ھەيدەيدۇ. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب بۇ ئادەملەر پەلسەپە ۋە ئىپتىدائىي ئىلىملەر تەتقىقاتىدا بولغان، بۇنىڭ ئىچىدە ئىبن رۇشدتىن باشقا يەنە ئەبۇ جەفەر زاشىب، فىقھە مۇھەممەد بىننى ئىبراھىم، ئەبۇ لابىا كافىف ۋە شائىر ئەبۇ ئابباس ھاپىزلار بار. بۇ ئادەملەر باشقا جايلاردا بىر مەزگىل تۇردى، كېيىن ئىشبىلىيىدىكى بىر قىسىم مۆتىۋەرلەر ئىبن رۇشدنىڭ گۇناھسىزلىقىغا گۇۋاھ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مەنسۇر ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇنچىلارغا تەسەللىي خېتى يازدى. ئۇ ھىجرىيە 595 - يىلى بولۇپ، مەنسۇر بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەبۇ جەفەر زاشىبنى ئالىي ئالىملار مۇپەتتىشى ۋە تېبابەت ئۇستازى قىلدى.

قازى ئەبۇ مىرۋان مەنسۇرنىڭ كۆڭلىدە پەقەت ئىبن رۇشدلا بار ئىدى، دەيدۇ. ئۇ دائىم مەنسۇر ئۇيۇشتۇرغان مەجلىسلەرگە ئىشتىراك قىلىپ، بىر قىسىم ئىلمىي مەسىلىلەرنى مۇنازىرە ۋە تەتقىق قىلاتتى. ئىبن رۇشد «زوئولوگىيە» دەپ ئەسەر يازغان، ئۇ بۇ ئەسەردە تۈرلۈك ھايۋانلارنى تىلغا ئالغان. ھەر بىر ھايۋاننىڭ مەنىلىكىنى بايان ئەتكەن، ئۇ زىراپىنى سۆزلىگەندە «پايار» پادىشاھنىڭ يېنىدا بۇ ھايۋاننى كۆرگەنلىكىنى دەيدۇ، بۇ پادىشاھ دەل مەنسۇر ئىدى. بۇ گەپ مەنسۇرنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ بەك ھار ئالغان. بۇ ئۇنىڭ ئىبن رۇشدقا ئۆچ بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئىبن رۇشد مېنىڭ دېگىنىم پادىشاھ بولسۇن دېگەنمىش.

ماراكەش تارىخچىسى غەززالى مەنسۇر كوردوۋادىكى فىقىھلارنى چاقىرتىپ بىر قىسىم پەلسەپە ئەسەرلىرىنى بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قەرەللىك يىغىلىپ بۇلارنى ئوقۇپ كۆرگەن. ئەسەر ئاپتورلىرىنى ئەيىبلەش قارارىغا كېلىپ پەلسەپىگە ئوت ئاچقان دەيدۇ.

بىردەك ئەمەس. بەزىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ پادىشاھ بىلەن پاراڭلاشقاندا ئۆزىگە پايلىماي گەپ قىلغىنىدىن دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ كوردوۋانىڭ ئەمىرلىكىگە تەيىنلەنگەن پادىشاھ ئىنىسىگە بولغان ئامراقلىقى سەۋەبىدىن دەيدۇ. يەنە بەزىلەر دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇنى بىدئەت قىلىپ دەلىل كۆرسىتىپ چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇنىڭغا زەخمەت يەتكۈزدى دەيدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇ بەزى مىللەتلەرنىڭ «قۇرئان كەرىم»دە تىلغا ئېلىنغان ئەقىلگە سىغمايدىغان ھېكايىلىرىنى ئىنكار قىلغانمىش.[1] مەيلى ئىبن رۇشد دىشۋارچىلىقىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شەك - شۈبھىسىزكى، دۈشمەنلىرىنىڭ ھەستى ۋە سەپسەتىلىرى بۇ پەيلاسوپنى يوقىتىش يولىدا ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور رول ئوينىغان.

تارىخچىلار ئىبن رۇشد سۈرگۈندىكى چاغلىرىدا پىكىرلىرىنى بايان قىلىشتا ناھايىتى زور قىيىنچىلىققا يولۇققان، تۈرلۈك خورلىنىشلارغا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كەمسىتىشلىرىگە ئۇچرىغان، ھەتتا ئۇ كوردوۋادىكى بىر مەسچىتكە نامازغا كىرگەندە قوغلاپ چىقىرىۋېتىلگەن. پەسكەش ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا سالغان ئازابى تېخىمۇ رەھىمسىز بولغان، دەيدۇ.

ئىبن رۇشد سۈرگۈندە ئۈچ يىل يۈرگەن. كېيىن ئىشبىرىيە شەھىرىدىكى ئاقساقاللار پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىبن رۇشدنى ئازاد قىلىشنى تىلەپ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى ئېيتقاندەك ئۇنداق ئادەم ئەمەسلىكىگە شاھىد بولغان. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ بۇ پەيلاسوپنى سۈرگۈندىن بوشىتىپ ئاستانە ماراكەشكە

[1] ماراكەش تارىخچىسى غەززالى بۇ پەيلاسوپ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئاللانىڭ ئاد قەۋمىنى گۇمران قىلغان قىسسىسىنى ئىنكار قىلغان، دەيدۇ. تارىخچى زاھىبى ئىبن رۇشدنىڭ دۈشمەنلىرى ئۇ يازغان يۇنان پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر كىتابتىن: «نامايان بولدىكى، بۇ گۈل بىر ئىلاھتۇر» دېگەن جۈملىگە ئېسىلىۋالغان. بۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئۇنى چاقىرتىپ سۈرۈشتە قىلغان، ئىبن رۇشد بۇنى ئۆزىنىڭ يازغانلىقىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا بىدئەت دەپ ئەيىبلەنگەن، دەيدۇ.



چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىقىنى بىلدۈرگەن. بەزى تەتقىقاتچىلار پادىشاھ مەنسۇر ھېچقاچان ئىبن رۇشدنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىرەر ئىش قىلغىنى يوق، چۈنكى، بۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئۆمرىنى يالغۇزلۇقتا تاماملىغان، ئاندالۇسىيە بۇ ئۇلۇغ ئىنساننى قايتا كۆرمىگەن دەيدۇ. ئۇ ھىجرىيە 595 - يىلى (مىلادىيە 1198 - يىلى) يەنى پادىشاھنىڭ چاقىرىشى بىلەن سۈرگۈندىن قايتىپ كەلگەن شۇ يىلى ئالەمدىن ئۆتتى، شۇ چاغدا ئۇ 72 ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ جەسىتى كوردوۋاغا ئاپىرىلىپ دەپنە قىلىندى. ئىبن ئەرەبى ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشتى. بۇ ئادەم ياشلىق چاغلىرىدىلا ئىبن رۇشدنى بىلەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ «مەدىنىلىكلەرنىڭ يىراقتا يۈرۈشى» ناملىق ئەسىرىدە ئىبن رۇشد بىلەن بولغان ئۇچرىشىشى ۋە ئۇنىڭ دەپنە قىلىنىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ ئۆتىدۇ[1] شۇنداق قىلىپ مىلادىيە II ئەسىردە ئەرەبلەرنىڭ شەرقىدىكى ئابباسىيلار ۋە ئانتالۇسىيىدىكى ئۇمەۋىيلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا ئېلىپ بارغان ئەقىل ۋە ئىلىم

[1] ئىبن ئەرەبى «مەدىنىلىكلەرنىڭ يىراقتا يۈرۈشى» ناملىق كىتابىنىڭ 199 - بېتىدە مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى قازى ئىبن رۇشدنىڭ تەكلىپى بىلەن كوردوۋاغا كەلدىم، ئەسلى ئۇ مېنىڭ بىنوانىمدا ئىلاھىي ۋەھىيلەرگە مۇيەسسەر بولغىنىمنى ئاڭلاپلا مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىسى كېلىپتىكەن، قارىغاندا ئۇ ئاڭلىغانلىرىدىن بەك ھەيران ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاتام مېنى ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. چۈنكى ئۇ ئاتامنىڭ يېقىن بۇرادىرى ئىدى. مەن ئۆيگە كىردىم. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئىززىتىمنى قىلدى ۋە مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ «توغرا» دېدى. مەن «توغرا» دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ مېنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىۋاتقىنىمدىن بەك خۇش بولدى. مەن ئۇنىڭ خۇشاللىقىنىڭ سەۋەبىنى كۆرۈپ يەتتىم ھەم ئۇنىڭغا توغرا ئەمەس دېدىم. ئۇنىڭ كەيپى سەل تۇتۇلدى، گۇمانسىراپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ: «سىلەر ئاللانىڭ ۋەھىيسى ۋە ئىلھامىنىڭ كەلگەنلىكىنى قانداق بىلدىڭلار؟ بىزگە كۆرسىتىپ بېرەلەمسىلەر؟» دېدى. مەن روھنىڭ ماددىدىن ئايرىلىشى ۋە تەن بىلەن يۇغۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلىنى ئۇنىڭغا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ۋە ئىنكار قىلىپ جاۋاب بەردىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ چىرايى تاتاردى، ھېچنېمە دېمىدى. ئاخىر ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭغا كۆرسەتمەكچى بولغان ھەممىنى چۈشەندى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىم سۆزلەشكۈم كېلىپ، مۇرادىمغا يەتتىم. ھىجرىيە 595 - يىلى ئۇ ماراكەشكە بېرىپ شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتتى. كېيىن ئۇنىڭ جەسىتى كوردوۋاغا ئەكەلدۈرۈلۈپ دەپنە قىلىندى. دەسلەپتە جىنازا قېچىرنىڭ بىر تەرىپىگە ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى يەنە بىر تەرىپىگە ئېسىلدى. مېنىڭ يېنىمدا ئەدىب ۋە فىقىھ ئەبۇ ھەسەن مۇھەممەد ئىبن جۇبەيىر ۋە دوستۇم ئەبۇ ھەكىم ئۆمەر بىنلى شىراج بار ئىدى. ئەبۇ ھەكىم بىزگە قاراپ: «قاراڭلار، قېچىرنىڭ ئۈستىدە پەقەت ئۇنىڭ ئەسەرلىرىلا بۇ مۇدەررىس بىلەن تەڭپۇڭلىشىپتۇ»، دېدى. جۇبەيىر ئۇنىڭغا: «بالام، دۇرۇس گەپ قىلدىڭ، بۇ ئاجايىپ ماس كېلىش بولدى، ئۇ بىزگە تەقۋا ھەم گۈلگەن ۋە ھازىر ياشاۋاتقان باشقا نۇرغۇن كىشىلەرنى ئېسىمىزگە سالدى» دېدى.

ساھەسىدىكى تىرىشچانلىقى بىردەك مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. ئىسلام پەلسەپىسى ئىبن رۇشدنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋەكىلىدىن ئايرىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۇنياسىدىكى ئىدېئولوگىيە ھەرىكىتى ئاز دېگەندە 500 يىلدىن ئارتۇقراق توختاپ قالدى.①

تارىخشۇناس تىلمىسانى ئۆز ئەسىرى «ئىپار» دا ئىبن رۇشدتىن كېيىنكى دەۋرنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى تۆۋەندىكىدەك بايانلار بىلەن مۇنداق ئىپادىلىگەن: «ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدە بارلىق ئىلىملەر ياخشى مۇئامىلىگە، كۆڭۈل بۆلۈشكە سازاۋەر بولدى، پەقەت پەلسەپە ۋە مۇنەججىملىك ئىلمىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. كىم پەلسەپە سۆزلىسە ياكى ئاسترولوگىيە بىلەن شۇغۇللانسا، شۇنىڭغا ئاۋام تەرىپىدىن ئاللادىن قورقمايدىغانلىق قالپىقى كىيگۈزۈلۈپ ئىدېئولوگىيە پائالىيەتلىرى چەكلىنەتتى. گەپ - سۆزلىرىدىن سەللا ئەگرىلىكى كۆرۈلسە كىشىلەرنىڭ چالما-كېسەكلىرىگە ئۇچرايتتى ياكى پادىشاھ بىلىپ بولغۇچە كۆيدۈرۈلۈپ ئۆلتۈرۈلەتتى».

2. ئىبن رۇشدنىڭ ئەسەرلىرى

ئىبن رۇشدنىڭ ئەسەرلىرىنى مەزمۇنىغا قاراپ تۆت قىسىمغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

① ئېرنىس لىينان «ئىبن رۇشد» ناملىق ئەسىرنىڭ 4 - بېتىدە:
ئاندالۇسىيىدىكى مۇسۇلمانلار پەلسەپىسى ئەمدىلا 200 يىلنى ئۆتكۈزۈپ، تۈرلۈك بىر تەرەپلىمىلىك ۋە سىياسىي داۋالغۇش ھەم تاشقى تاجاۋۇزنىڭ بۇچۇلىشىغا يولۇقۇپ گۈللىنىشتىن زاۋاللىققا ماڭدى. دەسلەپتە خەلىپە ھاجىم I ئەينى چاغدا خرىستىئان ياۋروپاسىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ دەپ قارالغان ھەم ئىنسانىيەت مەرىپەت تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتقان بۇ بىر قاتار نادىر تەتقىقاتلاردىن پەخىرلەندى. ئىسلام تارىخچىلىرى ئاندالۇسىيە مۇشۇ خەلىپە مەزگىلىدە ئۇلۇغ مەدەنىيەت مەركىزى بولغانلىقىنى، نۇرغۇن بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى بىلەن مۇشۇ يەرگە توپلانغىنىنى سۆزلەيدۇ. پىرسىيە ۋە سۈرىيىلىكلەر يازغان ئەسەرلەر شەرقتىن بۇرۇن ئاندالۇسىيىدە دۇنياغا كېلەتتى. ئارىلىقتا مەزكۇر پادىشاھ 4000 دىنار ئالتۇن بىلەن ئەبۇ فىراج ئىسفاھانىنىڭ يېنىغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇ يازغان «شېئىرلار توپلىمى» نىڭ ئەسلى نۇسخىسىنى ئالماقچى بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئاندالۇسىيىدە بۇ ئەسەرنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوقۇغان. شۇ مەزگىلدە ھاجىم ئۇنى قاھىرە، باغداد، دەمەشق ۋە ئىسكەندەرىيىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەيدۇ. مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلىسۇن، تۈرلۈك ئىلىملەر توغرىسىدىكى كىتابلارنى سېتىۋېلىپ توپلايدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ئوردىسى بىر مەزگىل ئەسەر توپلەيدىغان ئىشخانىغا ئايلانغان ئىدى.



1) پەلسەپە ۋە پەننىي ئەسەرلەر ياكى شەرھلەر، بۇنىڭ ئىچىدە 47 پارچە ماقالە ۋە بىر قىسىم كۆپ قېتىملاپ نەشر قىلىنغان كىتابلار بار. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئەسەرلىرى ئىچىدىكى «زىددىيەتنىڭ زىددىيىتى» پەلسەپە بىلەن ئىسلام شەرىئىتى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئۈچۈن يېزىلغان ئەسەر.

2) تېبابەت ئەسەرلىرى ياكى تېب شەرھلىرى، ئۇلار 15 پارچە ماقالە ۋە بىر كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3) شەرىئەت ۋە فىقھە ھەققىدىكى ئەسەرلەر، بۇ يەتتە پارچە ماقالە ۋە بىر كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

4) ئەدەبىيات ۋە تىل توغرىسىدىكى ئەسەرلەر، بۇ ئۈچ پارچە ماقالە ۋە بىر كىتابنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.①

## 2. رۇشد پەلسەپىسى ۋە ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى

1. ئىسلام سەيلە - ساۋاق پەيلاسوپلىرى ۋە ئارىستوتېل ئارىسىدىكى ئىبن رۇشد

ئىبن رۇشدنىڭ قانداق قىلىپ ئىسلام سەپلە ساۋاق پەيلاسوپلىرى يېنىدىن ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى شەرھلەشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئۇسۇلىنى ئۆگەنگەنلىكىگە چۈشەنچە بېرىشتىن بۇرۇن، شۇنى كۆرسىتىمىزكى، بۇ پەيلاسوپنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى چۈشەندۈرۈشى ماھىيەتتىنلا ئەمەس، بەلكى شەكىل جەھەتتىنمۇ پەرقلىق.

ئارىستوتېل پەلسەپىسىنىڭ مۇسۇلمان شەرھچىلىرى بولغان فارابى ۋە ئىبن سىنا بىردەك يۇنان ئارىستوتېل پەلسەپىسى شەرھچىلىرىنىڭ ئەندىزىسى بويىچە ئىش قىلغان. ئۇلار ئارىستوتېل پەلسەپىسىنى بىر باب، بىر پاراگرافتىن قىلىپ

① بوستانى يېڭى نەشرى «ئېنسىكلوپېدىيە» II توم، 94 -، 95 - بەتلەر.

ھەرقايسى پەن كىتابلىرىغا پاكى رىسالىلارغا قوشۇۋەتكەن. ئارىستوتېلنىڭ «ئېتىكا» ناملىق ماقالىسى كېيىن ئەرەب پەلسەپىسىدە ئوتتۇرىغا چىققان كىندىدىن تارتىپ فارابى ۋە ئىبنى رۇشىدقىچە بولغان پەيلاسوپلار يازغان ئوخشاش خىلدىكى ماقالىلارنىڭ ئۆرنىكى بولغان.

شۇنداق قىلىپ بەزى ماقالىلار ئومۇمىيلىقتىن ئېيتقاندا روشەن ھالدا ئارىستوتېل ئۇسلۇبىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ «روھ ھەققىدە» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئۈچىنچى تومىنىڭ مەزمۇنىنى ئىزاھلىدى، ئەمما ئۇ قەتئىي مەنىدىكى شەرھى ياكى چۈشەندۈرۈشكە ياتمايدۇ.

دۇرۇس، ئارىستوتېل ئەسەرلىرىگە ھەقىقەتەن شەرھى دەپ ئاتىغۇدەك شەرھى بېرىدىغان شەرھى ئۇسۇلىنى ئىبنى رۇشىد ئىجاد قىلغان. توماس ئاكۋىنا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋاستىسى بىلەن بۇ ئۇسۇلغا تاۋلىنىپ چىققان.

ئىبنى رۇشىد قىلغان نۇرغۇن مۇھىم شەرھى ۋە چۈشەندۈرۈش بىردەك ئارىستوتېلنىڭ ئەسلى ئەسەرلىرىگە ئاساسلانغان. شەكىل جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ تەدرىجىي شەرھلەش ۋە باھالاش بىلەن بولغان. ئەمما بەزى چاغلاردا تۈپ تۇتقىدىن چەتنەپمۇ كېتىپ، ئارىستوتېلنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستلىرىنى قىستۇرۇۋالغان يەرلىرىمۇ بار. ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئىبنى رۇشىدنىڭ ئىسلام سەيلە ـ ساۋاق ئېقىمىدىكى داڭدارلاردىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئۇ ئارىستوتېل پەلسەپىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا چوڭقۇرلاپ كىرىپ، ئارىستوتېلچىلار (ئىسكەندىرىيە) ئېقىمىدىكى شەرھچىلەر ئۇنىڭغا تاڭغان نۇرغۇن يېڭى پلاتونىزمنىڭ تۇزاندىلىرىنى قېقىۋەتتى. ئارىستوتېل پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئىلمىي تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى تېخى چۈشەنمەيدىغان ئەينى دەۋردە، بىر ئادەمدىن مۇشۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلىش ئاسان



ئەمەس. ئەينى چاغدا گرېك تىلىنى بىلمەيدىغان بۇ ئەرەب شەرھچىسىگە ئارىستوتېلنىڭ ئەسلى ئەسىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئىبنى رۇشىدنىڭ يەنىلا ئەرەب سەيلە ـ ساۋاق پەيلاسوپلىرىنىڭ ئۇسۇلىنى، بولۇپمۇ ئىبنى سىنا ئىشلەتكەن ئاشۇ ئارىستوتېل پەلسەپىسىگە يېڭى پلاتونىزمچە شەرھى بېرىدىغان سەيلە ـ ساۋاق ئېقىمىدىكىلەرگە خاس بىر نەچچە خىل ئۇسۇلنى ئىشلىتىپ قېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇ جەھەتتە مىسالەن «ئايىنىپ كېلىش تەلىماتى» سەيلە ـ ساۋاق ئېقىمىدىكىلەر پەلسەپىسىنىڭ ئۇلى بولغان. بۇ تەلىمات بەلگىلىگەنكى، شەيئىلەر بىرىنچى مەۋجۇتلۇق (ۋاجىد) تا بار ساپ تەپەككۇرنىڭ تەسىرى ئارقىلىق بىرنەچچە باسقۇچلار بويىچە «ئەلمىساق» تىن ئايىنىپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە پەقەت بىرسى سەۋەبلىك يەنە بىرسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار بىر خۇلاسە كالادىغا كەلگەن، يەنى ماددىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن «ئەلمىساق» تىن شەيئىنىڭ ئايىنىپ كېلىشىنى ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ چىقىش نۇقتا ئىككى ياقلىما سەۋەبكە ئىگە، يەنى ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ زۆرۈر ياكى مۇقەررەر؛ زاتىدىن ئېيتقاندا، ئېھتىمال ياكى پىنھان.

ئىبنى رۇشىد ئارىستوتېل ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرى بۇ تەلىماتنى ئۇقمايدۇ دەيدۇ. بۇ تەلىماتنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ كېتىشىگە ئىبنى سىنا ۋە ئۇنىڭ مۇرتلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى سەۋەب بولدى، ئۇلار ئىلاھىي ھېكمەت تەلىمىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن، ئۇنى بىر خىل سۇبيېكتىپ خىيالغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن[1]. بۇندىن باشقا، بۇ يەردە يەنە بىر قىسىم سوپىستىكىمۇ ئارىلىشىپ قالغان. بۇنىڭ ئىچىدە بىر قىسىم

① «زىددىيەتنىڭ زىددىيىتى» 182 ـ بەت.

ئادەملەر شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشۇنداقكى، بۇ ئۇلارنىڭ غەيىپتە تۇرۇۋاتقان ياراتقۇچىنى (ئاللانى) كۆرگىلى بولىدىغان ياراتقۇچىغا ئوخشىتىۋالغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. شۇنىڭ سەۋەبى بىلەن بۇ ياراتقۇچى ھېكمەت بىلەن شەيئىلەرنى يارىتىدۇ، بۇ ئاللانىڭ كوزۇرىنى چۈشۈرۈش ۋە ئۇنىڭ مۇتلەق قادىرلىقىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدىغان مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

2. ئىبن رۇشد بىلەن كالامىيەتچىلەر ۋە سوپىلار

ئىبن رۇشد دىن بىلەن ئەقلىيلىقنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە بەك كۈچىدى. بۇ جەھەتتە ناۋادا غەززالىنى ئەڭ مۇھىم تىرىشچانلىقتا بولدى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئادەتتە غەززالىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى دەپ قارىلىدىغان ئىبن رۇشد دىن بىلەن پەلسەپىنى مۇرەسسەلەشتۈرۈشتە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى.

بۇ ئىككى پەيلاسوپنىڭ بىردەك بۇ مۇھىم نۇقتىغا كۆڭۈل بۆلگىنى ئۇلارنىڭ كالامىيەت ۋە كالامىيەتچىلەرگە بولغان مەيدانىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇلار ئىككىسىلا بۇلار ھەق-ناھەق بىلەن ئوينىشىۋاتقان ۋە خاھىشلار ئۈچۈن گەپتانلىق قىلىشىۋاتقانلاردۇر دەيدۇ. رۇشد كالامىيەتچىلەرنىڭ ئىلمىي ئۇسۇلى ۋە ئۇسلۇبىدىكى بولمىغۇرلۇقلار ئۈستىدە تەپسىلىي توختالغان ھەم ئەشئەرىيلەر بىلەن مۇتەزىلىيلەرنىڭ ئىككى تارماق بولۇپ قېلىشىدىكى سەۋەب ئاتالمىش سۆزلۈكتىكى مەسىلىلەردە، ناۋادا بۇ مەسىلىلەر بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن ئەمەس ئىلمىي لوگىكىغا ئۇيغۇن ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان بولسا، ئۇنداقتا بۇ ئادەملەر ئىككى مەزھەپ بولۇپ ئۇلتۇرمايتتى، دەپ كۆرسىتىدۇ.

كالامىيەت ئالىملىرى ئارىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرى ئاللانىڭ پەزىلىتىگە كەلگەندە ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئاللانىڭ سۇبيېكتى بىلەن باغلىنىشىدىمۇ كۆرۈلىدۇ، شۇنداقلا يەنە باقىي ئالەمدە ئاللانى كۆرگىلى بولامدۇ-بولمامدۇ



مەسىلىسى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ مۇقەررەرلىكى ۋە تاسادىپىيلىقى مەسىلىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئوخشاشلا، ئۇلار ئادىللىق، دۇرۇسسىزلىق ۋە «تەقدىر» مەسىلىسىدىمۇ بىردەك پىكىردە ئەمەس.

ئىبن رۇشد بۇ كىشىلەرگە ئىسلام ئەھكاملىرى ئەقلىيلىق بىلەن بىردەك، شۇڭا ئىختىلاپ پەيدا قىلىدىغان سەۋەب يوق دەپ كۈچىنىڭ بارىچە چۈشەندۈرگەن. بۇ پەيلاسوپ بىر تەرەپ قىلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قانداق دەلىللەش كېرەك مەسىلىسى. چۈنكى، مۇسۇلمانلاردىكى بىر ئېقىم ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەقىلگە تاياندۇرۇۋالساق بولمايدۇ، بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ يولى «قۇرئان كەرىم» ياكى «ئىلھام»غا تايىنىش دەيدۇ. مانا بۇ دەل زاھىرىيە ئېقىمىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار ئىبن رۇشد دەۋرىدىكى ئاندالۇسىيە ۋە مەغرىبتە ئۈستۈنلۈكتە ئىدى. ئۇلار ئەقىلنىڭ رولىغا دۈشمەنلەرچە قارايتتى. ئۇلار ئادەم پەقەت ئىلھام ئارقىلىقلا ئېتىقادقا ئېرىشىدۇ، ئەقىلگە موھتاج بولمايدۇ دەيتتى. ئىبىن رۇشد بۇنداق ئادەملەرنى دەپ بىئارام بولمايلى، كالامىيەتچىلەرنىمۇ پۈتۈن يۈرەك قېنىمىز بىلەن ئازغۇنلار دەپ ئەيىبلەپمۇ يۈرمەيلى، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى قاچان ئەقىلنى كېرەك قىلماي ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرايلى دەيدۇ. ئۇ بۇ ئېقىمدىكىلەرگە ھەتتا پەقەتلا مەسخىرىلىك سۆزلەرنى قىلمىغان. ئۇ ئاللانىڭ ئەقىل بىلەن مەۋجۇتلۇقلارنى چۈشىنىشكە چاقىرغان ئايەتلىرىنى دەلىل كەلتۈرگەندىن كېيىن، «بەلكىم ئۇلار ھېچقاچان جەننەت، زېمىن ۋە ئاللا ياراتقان شەيئىلەرنى ئويلاشمىغاندۇر. ئەجەبا ئۇلار تۆگىنىڭ قانداق پەيدا بولغىنىغا دىققەت قىلمىغاندىمۇ؟ تۈن پەردىسىنىڭ قانداق چۈشىدىغانلىقىغا دىققەت قىلمىغاندىمۇ؟ پەلسەپىۋى ھەقىقەت ۋە سەمىمىيلىك بىلەن ئاللادىن تىلەيلى،

ئەڭ ياخشى پەندلەر بىلەن ئۇلار بىلەن دوستانە مۇنازىرىلىشەيلى.» بەزىلەرنىڭ ئەقىلنى باسقانلىقى ۋە تەبىئىي دۆتلۇكى سەۋەبلىك رەسۇلىللا كۆپچىلىككە تۇرغۇزۇپ بەرگەن ئاشۇ ئەھكاملارنىڭ روشەن دەلىللىرىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ» دەيدۇ.

ئەشئەرىي ۋە مۇتەزىلىيلەر مەزھىپىدىكى كالامىيەت ئالىملىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەقىل بىلەن دەلىللەشكە، دەلىل ئارقىلىق بۇ مەقسەتكە يېتىشكە بولىدۇ دەپ جاكارلايدۇ. ئىبن رۇشد بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى دەلىللەرنى رەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇلاردىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان بەزى دەلىللەرنى ئايرىۋالىدۇ. كالامىيەتچىلەر تايانغان ھەممە ئىبن رۇشد رەددىيە بەرگەن دەلىللەرنىڭ بىرى دەل ئاخىرقى ماھىيەت دەلىلىدۇر.

1) ئاخىرقى ماھىيەت دەلىلى

بۇ ئىسپاتنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلغىلى بولىدۇ: پانىي ئالەمدىكى نەقتەللەر بىر قىسىم تەركىبلەردىن قۇرۇلىدۇ. بۇ تەركىبلەرنى يەنە بىرمۇنچە كىچىك تەركىبلەرگە ئاجراتقىلى بولىدۇ، بۇ ئىش مۇشۇنداق كېتىۋېرىدۇ، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇلنى چەكسىز داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس، بەلكى چوقۇم بىر بۆلۈنمەس تەركىبتە توختايدۇ، ئەنە ئاشۇ تەركىب ئاخىرقى ماھىيەت بولىدۇ. بارلىق ئاخىرقى ماھىيەتلەر ئوخشاشمىغان ئىپادىلەردە بولىدۇ. بۇ ئىپادىلەر مەنلىك (ئالاھىدىلىك) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەنلىك تۇرلۇك بولغانلىقتىن، ئىختىرا بىلەن پەيدا بولىدۇ. پەقەت ماھىيەت مەنلىكتىن ئاجراپ كەتمىگەن بولسا، ئۇنداقتا ئۇمۇ چوقۇم ئىختىرا بىلەن پەيدا بولغان. چۈنكى ئۇلار بىر مەشھۇر پرىنسىپقا ئەمەل قىلغان يەنى يارالمىش بىلەن زىچ باغلانغان بۆلۈنمەس ماددىنىڭ يارىتىلغانلىقى ئېنىقتۇر. ماھىيەت



يارىتىلغانكەن، نەقتەل ۋە دۇنيامۇ يارىتىلغاندۇر. بۇنىڭ ئارىسىدا چوقۇم بىر ياراتقۇچى بار، ئۇ بولسىمۇ ئاللادۇر.

ئىبن رۇشد ئۇلار بىلەن بۇ مەسىلە ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ نەزەرىيىسى يۇناننىڭ بىر نەزەرىيىسىگە يەنى دېموكرىت دېگەن «ئاتوم نەزەرىيىسى»گە ئاساسلىنىدۇ دەپ قارايدۇ. بىز ئاتوم نەزەرىيىسىنىڭ قەدىمكىلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ مۇتەزىلىيلەر ۋە ئەشئەرىيلەر مەزھىپىنىڭ ئارزۇسى بىلەن قارىمۇ قارشى بولغانلىقىغا يەنى بىر خىل نوقۇل ماددىچىلىق بويىچە مەۋجۇتلۇقنى شەرھلەشنىڭ بىر ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. بىزنىڭ بىر قىسىم ماھىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كۆزىتىشىمىزگە قارىغاندا، ئەقلىيلىق بىلەن بارلىق ماھىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى دەلىللىمەك تەس.

ئالايلۇق، ناۋادا بىز ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشى، قاغجىراشتىن قۇرۇشقىچە بولغان جەريانىنى كۆرسەك، ئۇنداقتا بىز سېزىم ياكى تەجرىبە ئارقىلىق بۇ ۋاقىتنىڭ بېشى ماۋۇ، ئاخىرى ماۋۇ دېيەلەيمىزمۇ؟ بۇ ھەرگىز ئىبن رۇشدنىڭ دۇنيا ئەزەلدىن بار ئىدى دەپ قارايدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇ، كالامىيەت ئالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ دەلىللەش ئۇسۇلى بىلەن زامان بىلەن دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشىنى دەلىللىيەلمەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىبن رۇشد ئارقىدىنلا يەنە شۇنداق دەيدۇ: «ناۋادا بىز ئۇلار قوللىنىۋاتقان نورغۇن گۇمانلىق يەرلىرى بار ئىسپاتلاش ئۇسۇلى بىلەن دۇنيانىڭ يارىتىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇنداقتا بىز چوقۇم دۇنيا نېمىشقا باشقا ۋاقىتتا ئەمەس، دەل ئاشۇ ۋاقىتتا پەيدا بولىدۇ؟ ئاللانىڭ ئىرادىسى تۇيۇقسىز قارارغا كەلگەنلىكتىن، ئاشۇ پەيتتە دۇنيا يارىتىلغانمۇ؟ كالامىيەتتە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان ياكى ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە قانداق ھۆكۈم قىلىش كېرەك؟ دەپ سورايمىز. ئاخىرىدا چوقۇم ئەجەبا

مۇشۇ ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئاشۇ ئادەتتىن تاشقىرى ئىش بولۇپ، دۇرۇس ئۇسۇلمۇ؟ دەپ سوئال قويىمىز. بۇندىن باشقا يەنە «قۇرئان كەرىم» نىڭ قايسى ئايىتى ئاخىرقى ماھىيەتنى دەلىللەيدۇ؟ دەيمىز.»

ئۇنداقتا، ئۇ قانائەتلىنەرلىك دەلىل زادى قايسى؟ ئۇ شەرىئەتنىڭ دەلىلى دەل ئەقلىي دەلىلدۇر دەپ قارايدۇ، ئۇ مۇشۇ يول بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا قىسمەتنى ئىسپاتلايدۇ، ئاندىن ئىجادىيەتنى (يارىتىشنى) ۋە سەۋەب - نەتىجىلىكنى دەلىللەيدۇ.

2) قىسمەتنىڭ دەلىلى

قىسمەت (ياكى ئىلاھنىڭ غەمخورلۇقى) نىڭ ئىسپاتىغا كەلسەك، بىۋاسىتە كۆزىتىش ۋە ئەقىل بىلەن نۇرغۇن ماددا ۋە شەيئىلەرنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى گويا ئىنساننىڭ شادلىقى ئۈچۈن يارىتىلغاندەكلا. ئالەمنىڭ ئىنسان ھاياتىغا ماسلىشىشچانلىقى ۋە ئالەمدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ تاسادىپىي پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەتەنمۇ بەزىلەر ئادەمگە بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش بىزنىڭ بۇ خىل مەۋجۇتلۇقنى ئالەمنىڭ مەركىزى قىلىۋېلىشىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ دېيىشى مۇمكىن. شۇنداق، ئوخشاشمىغان چۈشەندۈرۈشلەر ھەقىقەتەن بولىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ نۇرغۇن چۈشەندۈرۈشلەرمۇ بولىدۇ.

قارىماققا ئاللانىڭ شاپائەت بىلەن ئۆزىنى ئىنسانلار تۇيىدىكى ئادەم قىلغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنى قايىل قىلىدىغانغا بەلكىم بۇ سەۋەبلەر يېتەرلىك ئەمەستۇر. ئەمما بىلىشنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرۈپ باققان كۆپ ساندىكى ئالىملار ھۆكۈم قىلىدۇكى، بۇ ئالەمدە ئاللانىڭ ئىرادىسى (قىسمەت) بار، بۇ قىسمەت ھەرگىز تاسادىپىي پەيدا بولمايدۇ.

شەرىئەت بىۋاسىتە سېزىم دەلىللىگەن بارلىق نەرسىنى



مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، دۇرۇس ئەقلىي قاراشلار ۋە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىمۇ ئوخشاشلا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

ئىبن رۇشد «قۇرئان كەرىم» دىكى ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ 11 - ئايىتىدىن[①]نەقىل كەلتۈرۈپ: «زېمىننى بىسات قىلمىدۇقمۇ؟ تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟»[②]دەيدۇ.

3) يارىتىش ياكى سەۋەب - نەتىجىلىكنىڭ دەلىلى

يارىتىش ياكى سەۋەب -نەتىجىلىكنىڭ دەلىلى بىر خىل روشەن بىۋاسىتە سېزىم ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دەلىل. يارىتىش ھادىسىسى ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر ۋە دۇنيانىڭ بارلىق تەركىبلىرىدە جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. ئالەم ياكى دۇنيادىكى بارلىق ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى چەكلىك فۇنكسىيىلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ. ئىسكەنجىلەنگەنىكەن ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم يارالمىش بولىدۇ. بۇ ئىسپات يۇقىرىدىكى ئىسپات بىلەن ئوخشىشىدۇ. ئۇ تەتقىقات ئارقىلىق ئاللا مۇشۇ ئالەم ئۈچۈن بېكىتكەن تۈرلۈك قائىدە ۋە نىشانلارنىڭ سىرىنى بىلىشنى قەتئىي تەۋسىيە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئىلاھ ئىرادىسىنىڭ ئىسپاتى ئۇنىڭ دەلىلىگە مۇناسىۋەتلىك «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىدىن چىقىدۇ دەيدۇ. مەسىلەن، «ئۇلار ئۈچۈن ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۇردۇق، ئۇنىڭدىن ئاشلىق چىقىرىپ ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەردۇق.»

ناۋادا بىرەرسى «قۇرئان كەرىم» دە كىشىلەرگە چىكىلەنگەن دەلىللەش ئۇسۇلى قايسى؟ دەپ سورىسا، بىز ناۋادا بۇ كىتابنى ئوقۇغان بولسىڭىز ئۇنىڭدىن بايقايسىزكى، ئاللا ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن غەمخورلۇقىنى چۈشەندۈردى: بىرىنچىسى، ئاللانىڭ

[①] ئەسلى ئەسەردە خاتالىق بار - ت. توغرىسى: 78 - سۈرە، 6 -، 7 - ئايەت.

[②] «قۇرئان كەرىم» 78 - سۈرە، 7—16- ئايەت: «زېمىننىڭ تەۋرىمەي كەتمەسلىكى ئۈچۈن تاغلارنى قوزۇق قىلمىدۇقمۇ؟ سىلەرنى ئەر- ئايال قىلىپ ياراتتۇق. ئۇيقۇنى بەدىنىڭلار ئۈچۈن راھەت قىلدۇق. كېچىنى لىباس قىلدۇق. كۈندۈزنى سىلەر تىرىكچىلىك قىلىدىغان ۋاقىت قىلدۇق. ئۈستۈڭلەردە مۇستەھكەم يەتتە ئاسماننى بىنا قىلدۇق. يېنىپ تۇرغان چىراغنى (يەنى كۈننى) ياراتتۇق. ئاشلىقلارنى، ئوت - چۆپلەرنى، دەرەخلىرى قويۇق باغچىلارنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن بۇلۇتلاردىن مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردۇق.»

ئىنسانغا بولغان غەمخورلۇقىنى تونۇش، بىز ئۇنى ئاللا ئىرادىسىنىڭ گۇۋاھلىقى دەيمىز. ئىككىنچىسى، شەيئىلەر ماھىيىتىنىڭ يارىتىلىشى، ئالايلۇق، ئانئورگانىك ماددا ھاياتلىقىنىڭ يارىتىلىشى ھەمدە ئىنساننىڭ بەش خىل سەزگۇ ئەزاسى ۋە ئەقلىنىڭ يارىتىلىشى بولۇپ، بىز ئۇنى يارالمىشنىڭ گۇۋاھلىقى دەيمىز، دەپ جاۋاب بېرىمىز.

4) تەۋھىد

بۇ يەردە يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇنىڭ مۇھىملىقى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەشتىن قېلىشمايدۇ، يەنى مۇتەكاللىملار كۆپ تەتقىقاتلار بىلەن تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىسپاتلاۋاتقان «تەۋھىد» مەسىلىسىدىن قېلىشمايدۇ. ئەشئەرىيلەر ۋە مۇتەزىلىيلەر «قۇرئان كەرىم» دىن نەقىل ئېلىشقا تايىنىپ ئاللانىڭ بىردىنبىرلىكىنى دەلىللەيدۇ. مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم» دە «ئاللا جانلىق ئەمەس، ئۇنىڭ جۈپتى يوق» ، «ناۋادا ئاللادىن باشقا يەنە بىر ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇلار بىر-بىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇش ئۈچۈن بىردەك تۈگىشىدۇ» ، «ناۋادا ئۇلارنىڭ دېمەكچى بولغىنى ئاللاغا ھەمراھ يەنە بىر ئىلاھ بولسا ئۇ ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولالمايدۇ» دېيىلگەن. كېيىن ئۇلار بۇلاردىن «ئۆزئارا پېتىشالماسلىق تەلىماتى» دەپ ئاتالغان مەشھۇر دەلىلنى دېدۇكسىيىلەپ چىقىدۇ.

بۇ دەلىل مۇنداق بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىنىدۇ، يەنى ناۋادا ھەقىقەتەنمۇ بىردىن كۆپ ئىلاھ بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تۈرلۈك ئىلاھلار بولغان بولىدۇ. ناۋادا ئىككى ئىلاھ بار، ئۇنىڭ بىرى دۇنيانى يارىتالايدۇ، يەنە بىرى يارىتالمايدۇ دېسەك، ئۇنداقتا چوقۇم ئۈچ خىل ئېھتىماللىق بولىدۇ: يا ھەممىلا ئىلاھ ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ، يا ھەممىسى ئەمەلگە ئاشۇرالمايدۇ، يا ئۇلاردىن بىرسىلا ئىرادىسىنى ئەمەلگە



ئاشۇرالايدۇ. بىرىنچى خىل ئېھتىماللىقا ئاساسلانغاندا، دۇنيا بىرلا ۋاقىتتا ھەم مەۋجۇت ئەمەس بولىدۇ. ئىككىنچى ئېھتىماللىقا ئاساسلانغاندا، دۇنيا ھەم مەۋجۇت ھەم مەۋجۇت ئەمەس. ئۈچىنچى ئېھتىماللىقا ئاساسلانغاندا، ئۆز ئىرادىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغىنى ھەقىقىي ئىلاھتۇر، چۈنكى يەنە بىر ئىلاھنىڭ قادىرلىقى يوق، قادىرلىقى يوقلار ئىلاھ بولالمايدۇ.

قارىماققا بۇ خىل دەلىللەش ئادەمنى قايىل قىلىدىغاندەكلا تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇنىڭغا بىز بۇ ئىككى ئىلاھ نېمىشقا ئۆز ئارا ماسلىشالماي بىر- بىرى بىلەن پۈت تېپىشىپلا تۇرىدىكىن؟ دەپ سوئال قويىمىز. بولۇپمۇ بىز ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشچانلىقىنى، نەتىجىدە ئىشلارنى جاي - جايىدا ئېلىپ بارغىنىنى، ھۈنەر - سەنئەتنىڭ ئاجايىپ نازۇك بېجىرىلگەنلىكىنى كۆرگەن. بۇ يەنە بىر قىسىم مۇتەكاللىملارغا يۇقىرىدىكى «قۇرئان كەرىم» ئايىتىگە كەلتۈرۈلگەن دەلىلنىڭ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولمايلا قالماستىن يەنە تېپىك گەپتانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى، چۈنكى بىز كۆرۈۋاتقان بۇ دۇنيانى ھەمكارلىشىپ يارىتىلغان دېيىشكە بولاتتى.

ئىبن رۇشد مۇتەكاللىملار دەلىلىدىكى ئاجىزلىق ئۈستىدە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى ئايەتنى خاتا چۈشەنگىنىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار بۇ مۇستەقىل، شەرتسىز دېدۇكسىيە، گەرچە ئۇ بىر ئۇزلۇكسىزلىكنى، شەرتلىك دېدۇكسىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالسىمۇ، كەينىدىكىسى ھازىرقى زامان ئىلىملىرىنىڭ سىرىنى ئېچىش جەھەتتە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجىلەرنى بېرىدىغان يېڭى ئىلمىي ئۇسۇلدۇر دەپ قارايدۇ.

«ئاللادىن باشقا ئاسمان- زېمىندا يەنە باشقا ئىلاھلار مەۋجۇت بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئاسمان - زېمىن ھالاكەتكە يۈزلىنىدۇ.» «قۇرئان كەرىم» دىكى بۇ ئايەتكە قارىتا بىز

تۆۋەندىكى دەلىللەش ئۇسۇلى بويىچە شەرھى قىلالايمىز: ناۋادا بىردىن كۆپ ئىلاھ بار دېسەك، ئۇنداقتا جاھان قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، دېمەك، بۇ خىل پەرەز خاتا، چۈنكى دۇنيا ناھايىتى ئىنتىزاملىق، شۇڭا پەقەت بىر ئاللالا ئۆز ھېكمىتى ۋە مەرىپىتى بىلەن دۇنيانى ياراتقان دېيەلەيمىز.

«ئاللاغا ھەمراھ يەنە بىر ئىلاھ بولغاندىمۇ ئۇ ئىلاھلىق مەرتىۋىسىگە ئىگە بولالمايدۇ» دەيدىغان قاراشقا كەلسەك، بۇ ئىككىنىڭ بىر بولۇپ قالىدىغانلىقى، ئىختىلاپ چىقمايدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. بۇ ھەممە ئىش ـ ھەرىكەتلىرى بىر ـ ئىككى ئىلاھنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ دېگەنلىك. بىر قەدەم چېكىنىپ دېگىنىمىزدە، ئىش ـ ھەرىكەتتە بىر بولغان تەقدىردە، ئۇلار چوقۇم بىر ئىلاھىي مەرتىۋىگە مەنسۇپ بولىدۇ. مۇتەكاللىملار بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىگە ئېتىبارسىز قارىغان، شۇنىڭ بىلەن كۆپۈرلۈق خاھىشىدىكى دەلىللەرنى كەلتۈرگەن.

5) ئاللانىڭ پەزىلىتى ۋە ئاللانىڭ زاتى

مۇتەزىلىيلەر ئاللانىڭ زاتىدىن باشقا يەنە پەزلى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلار ئاللانىڭ پەزلى، زاتى دەيدىغان گەپ يوق، زاتى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەيدۇ، ئاللا پەزلىنىڭ تۈرلۈك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنىڭ مەۋجۇتلۇق، بىلىم ۋە ھاياتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئايرىۋاشلاش تۈپەيلى خرىستىئانلار پېتىپ قالغان ئاشۇ سەپسەتىلەرگە پېتىپ قېلىشتىن ئەنسىرەيدۇ. چۈنكى خرىستىئانلار يۇقىرىقى خۇسۇسىيەتلەر ئايرىم ـ ئايرىم مەۋجۇت بولىدۇ، مەۋجۇتلۇق دېگەن ئاللا، بىلىم ئاللانىڭ تۇغۇندىسى، جان ئىلاھىي روھ دەيدۇ.

ئەشئەرىيلەر پەزىلەت ئاللانىڭ زاتىغا يۇغۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ قويىنىدا مەۋجۇت، چۈنكى بىلىمدە جان يوق دەيدۇ.



بەزىلەر ئۇلارغا پەزىلەت ھەم بار ھەم زاتىغا يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن دېگەن قانداق گەپ؟ دەپ سوئال قويىدۇ. بۇ ياراتقۇچى بىلەن يارالمىشنى سېلىشتۇرغانلىق. چۈنكى، ئادەمنىڭ زاتى بولىدۇ، پەزىلەتلەر ئۇنىڭغا يۇغۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە مەۋجۇت تۇرىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر بۇنىڭدا زىددىيەت بار، ئۇلار ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تاپالمىغان دەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئىبن رۇشد بۇ ئىككى خىل تەرەپكە پەتىۋا بېرىپ، ئۇلار دىنىي مەسىلىلەردە غەيرىي يول تۇتۇپ كىشىلەرنى قايمۇقتۇردى، بولۇپمۇ «‹قۇرئان كەرىم› مەخلۇق تەلىماتى»، دەل مۇشۇ ئىككى پىرقە ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنىڭ مەھسۇلى دەيدۇ.

ئىبن رۇشد غەززالىنىڭ «ناۋادا بىزنىڭ ئاللانىڭ زاتىنى بىلمەيدىغىنىمىز راست بولسا، ئۇنداقتا نېمىشقا ئاللانىڭ پەزىللىرىنى چۈشىنىدىغاندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيمىز؟» دېگەن قارىشىنى قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ بۇنىڭغا تولۇقلىما قىلىپ، مانا بۇ ھەقىقىي بىلىملىك پەيلاسوپ ۋە ئىجتىماتلىق تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ دەيدۇ.①

ئىبن رۇشد يەنە:

شۇڭا ئاۋامنىڭ پەزىلەت مەسىلىلىرى ھەققىدە بىلگىنى پەقەت «شەرىئەت» جاكار قىلغان، يەنى ئاللانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىش، ئەمما بۇنىڭغا بايان ئارىلاشتۇرماسلىقتىن ئىبارەت. مەن ھەممىدە مۇنازىرىگە نەزەر سالمايدىغان ئاۋام مەيلى قانداقلا فىقھ مۇنازىرە ماھارىتىگە ئىگە بولسۇن، بىردەك بۇ ھەقتە ھەقىقىي ئېتىقادقا ئېرىشەلمەيدۇ، دەيمەن. چۈنكى فىقھ مۇنازىرە ماھارىتى دىئالېكتىك پەلسەپە ھەقىقىتى بولالمايدۇ، دەلىلىي پەلسەپە

① ئىبن رۇشدنىڭ «زىددىيەتنىڭ زىددىيىتى» ناملىق ئەسىرىگە قارالسۇن.

ھەقىقىتىمۇ بولالمايدۇ، ئوخشاشلا، مۇنازىرە ماھارىتىمۇ بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىپ ئالالمايدۇ[1].

6) ئادىللىق، مۇستەبىتلىك ۋە تەقدىر

بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشىنى پەيدا قىلغان، مۇتەزىلىيلەر بىلەن ئەشئەرىيلەر ناھايىتى قاتتىق تالاش - تارتىش قىلغان مۇھىم تېمىلار. مۇتەزىلىيلەر ئۆزلىرىنى ئادالەتپەرۋەر دەيدۇ، ئاللانىڭ بۇ پەزىلىتىنى مۇكەممەل پەزىلەت دەپ ھېسابلايدۇ، ئاللانىڭ شەپقەتسىزلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ، ئاللانىڭ ئەمەلى مەقسەتلىك بولىدىغان بولسا، چوقۇم گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنى پەرقلەندۈرىدىغان ئەقلىي تەلەپكە خىلاپ بولىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇڭا ئاللانىڭ رەزىللىك، يامانلىقلارنى تونۇشىنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، ياخشىلىق ۋە گۈزەللىككە چەك قويۇشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق دەيدۇ. مۇتەزىلىيلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ پىكرىگە قارىتا يەكۈن چىقىرىپ: ئەقىل شەرىئەتنىڭ ئالدىدىراق ئەخلاقىي قىممەتنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك دەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ماقالىلىرىدا بۇ نۇقتا تەكىتلەنگەن.

بۇ مەزھەپ ئاللا ئۆز چوقۇنغۇچىلىرىغا رەھىمدىل بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ، بۇ بەلكىم ئازراق ئاشۇرۇۋەتكەنلىكتۇر. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ئاللا چوقۇنغۇچىلىرىغا زەرەر يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇنىڭ شەپقەتسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ. كېيىن ئۇلار «قۇرئان كەرىم» دىن بىر مۇنچە ئايەتلەرنى دەلىللىككە تارتىپ ئۆز نۇقتىئىنەزەرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەشئەرىيلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئەكسى بىر يولنى تۇتقان.

① ئىبن رۇشدىنىڭ «دەلىللەش ئۇسۇللىرى» 167 - بەتكە قارالسۇن.



ئۇلار ئاللانىڭ ئەركى ئىسلام شەرىئىتىگە بويسۇنمايدۇ. ئاللا ھەتتا پەيغەمبەرلەرنى دوزاخقا سالالايدۇ، كاپىرلارنى جەننەتكە كىرگۈزەلەيدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئىرادىسى مۇتلەق بولىدۇ، ھەرقانداق ئادەم ئاللادا چوقۇنغۇچىلىرىغا چوقۇم ئېھسانلىق بولۇشى كېرەك دېيەلمەيدۇ، دەيدۇ. ئەشئەرىيلەر ھەتتا ئاللانىڭ ئەمەلىنى قايسىدۇر مەقسەت بىلەن شەرھلىگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا دەلىل شۇكى، دۇنيادىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا ياخشى ئىشلار ئەمەس، ئەكسىچە رەزىل ئىشلار تېخى كۆپ، ھەتتا مۇسۇلمانلار ھازەج ۋە زايىد بىننى ئەيۇبتەك ياخشى ئىنسانلارغا زۇلۇم قىلىنىدىمۇ دەيدۇ. بۇندىن باشقا، ئەشئەرىيلەر يەنە رەزىللىك دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇمۇ ئاللانىڭ ئىرادىسى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئازغۇن بەندىلىرىنى بىدئەت قىلىدۇ، ئەقىدىنى ئۇمىدكە مەنسۇپلاپ باشلامچىلارنى پەيدا قىلىدۇ، يەنى ئادەمنىڭ بويسۇنۇش ياكى ئۆكتە قوپۇش ئارىسىدا باشقا بىر تاللاش ئىمكانىيىتى قويمايدۇ، دەيدۇ.

ئاندىن ئەشئەرىيلەر مۇتەزىلىيلەرنى كۇفرى دەيدۇ، ساختا ئەقىدىدىكىلەر دەپ كەمسىتىدۇ، ئۇلارنى ئاللانى ھېچنېمە قولىدىن كەلمەيدىغان ئىقتىدارسىز دەيدىغان زەردۇشت دىنىنىڭ مۇرتلىرى دەيدۇ. كېيىن ئىبن رۇشد بىردەم ئەقىل بىلەن، بىردەم شەرىئەت بىلەن ئۇلارنى رەت قىلدى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «قۇرئان كەرىم» دىن ئوچۇق ئايەتلەرنى دەلىللىككە تارتتى. ئۇنىڭ ئەقلىي پاكىتىغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاللانىڭ مۇتلەق ئىرادىسى ھەققىدىكى ئىدىيىسىگە مۇجەسسەملەشكەن.

ئىبن رۇشد ئەشئەرىيلەرنىڭ پىكرىنى رەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «بۇ خىل ئىدىيە ئەقلىيلىقنىڭ قارشىسىدا تۇرىدۇ، شەرىئەتكىمۇ دۇرۇس ئەمەس. ئۇنىڭ ئەقلىيلىقنىڭ قارشىسىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىۋاسىتە سېزىم بىلەن دەلىللىگىلى بولىدۇ،

چۈنكى بىز ئۆز سەزگۈ - تۇيغۇلىرىمىز بىلەن ئاق - قارىنى پەرق ئېتىمىز، بىرسىنىڭ ياخشىلىق قىلىۋاتقان ياكى يامانلىق قىلىۋاتقىنىنى، رەزىللىك ياكى گۈزەللىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز، شۇڭا ئادەم ئۆز ئەمەلگە يارىشا ساۋابقا ياكى جازاغا ئېرىشىدۇ. شەرىئەتكە دۇرۇس بولماسلىققا كەلسەك، ئۇ ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ رەزىللىك ياكى يامانلىق دەپ شەپقەتسىزلىكنى سۈپەتلىگەن ئاشۇ بىرمۇنچە ئايەتلىرى بىلەن تېپىشىدۇ. مەسىلەن، ‹ياخشىلار قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، يامانلارمۇ قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، پەرۋەردىگارىڭلار بەندىلىرىنى ئۈمىدسىز قالدۇرمايدۇ.› يەنە ئالايلۇق، ‹ئاللا ئىنسانىنى ھەرگىز ئۈمىدسىز قويمايدۇ. بىرەرسى زەررىچە ياخشىلىق قىلسا، ئاللا ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ھەسسىلەپ ئىنئاملار بېرىدۇ.›»

## 3. ئىبنى رۇشىد پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن ئارىيە

### 1. دىن ۋە پەلسەپە

بۇ تەۋسىيىنىڭ نېگىزى، شەرىئەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ پەلسەپە تەتقىقاتىنىڭ شەرىئەتكە ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇنلۇق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بىز پەلسەپە خىزمىتى ياراتقۇچىنى دەلىللەش نۇقتىسىدا تۇرۇپ شەيئىلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، شەيئى ۋە ئىنتىزاملىق ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئارقىلىق ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دەلىللەشتىن ئىبارەت دەيمىز. شەيئىلەر توغرىسىدىكى بۇ خىل بىلىش قانچە ئەتراپلىق بولسا، ياراتقۇچىغا بولغان تونۇشمۇ شۇنچە ئەتراپلىق بولىدۇ. شەرىئەت ئىنسانلارنى شەيئىلەرگە قېتىلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئىسمىدىنلا چىقىپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ بىر بولسا



شەرىئەت مۇقەررەرلىكى، بىر بولسا شەرىئەتنىڭ تەلىپىدۇر. شەرىئەتنىڭ ئەقلىي تەتقىقات بىلەن بىلىشنى قۇۋۋەتلەيدىغان خاھىشىغا كەلسەك، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرىنىڭ نۇرغۇنىدا بۇنىڭغا چۈشەنچە بار. مەسىلەن، « ئى كۆزى ئوچۇق بەندىلەر، ئويلىنىڭلار! » بۇ ئايەت چوقۇم ئەقلىيلىق ياكى ئەقلىيلىق بىلەن شەرىئەت يوغۇرۇلغان پرىنسىپلار بىلەن شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنداقتا جەزم قىلىشقا بولىدۇكى، شەرىئەت شەيئىلەرنى چوقۇم ئەقىل بىلەن تەتقىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل تەتقىقات مەلۇمدىن نامەلۇمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مانا بۇ دېدۇكسىيە. شۇڭا بىز چوقۇم ئەقلىي پرىنسىپلار بويىچە شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. دېمەك، شەرىئەت ئىلھام بەرگەن، قۇۋۋەتلىگەن بۇ تەتقىقات مۇكەممەل دېدۇكسىيە ئۇسۇلىدۇر، يەنى مەنتىقىلىق ھۆكۈم چىقىرىش ئۇسۇلىدۇر.

### 2. ئەقلىي پرىنسىپلارنىڭ قانۇنلۇقلۇقى

ھەرقانداق ئادەم ئەقلىي پرىنسىپلار ھەققىدىكى بۇ خىل تەتقىقاتنى ئازغۇنلۇق دېيەلمەيدۇ، چۈنكى، ئۇ مەنبە ئەمەس. يەنە شەرىئەتنىڭ تۈرلۈك شاخچە پرىنسىپلىرى بىلەن مەنبەنىڭ كەينىدىكى ھۆكۈم بىلەن تىكلەنگەن يېڭى نەرسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئىشمۇ بار، ئۇمۇ ئازغۇنلۇق دېيىلمىدى. ئەقلىي پرىنسىپلار بىلەن تەتقىق قىلىشقا چوقۇم ئىشىنىشىمىز كېرەك ھەم خۇددى شەرىئەتنىڭ شاخچە پرىنسىپلىرى ئىشلىتىلىپ قىلىنغان تەتقىقاتتەك تۈرلۈك ئەقلىي پرىنسىپلار بىلەن شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىز لازىم. بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئالدىمىزدا ھېچكىم ئەقلىي پرىنسىپلارنى تەكشۈرۈپ كۆرمىگەن بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۆزىمىز قول سېلىپ بۇ ئىشنى باشلىشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە كېيىنكىلەر ئالدىدىكىلەرنىڭ تونۇشىنى

ئۈزلۈكسىزلەيدۇ. ئادەم ئاڭلىق ھالدا ئۆزى كېرەك قىلىدىغان بارلىق نەرسىنىڭ مۈشكۈل ياكى مۈمكىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشكە باشلايدۇ. ئوخشاشلا، ئادەم ئۆزى بىلىشكە ئالدىراۋاتقان تۈرلۈك شەرىئەت شاخچە پرىنسىپلىرىنى ۋە تېخىمۇ مۇھىم بولغان ئەقلىي پرىنسىپلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشنىڭمۇ ئاسان ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ.

روشەنكى، بىز مەيلى پېشۋالار بىز بىلەن بىر مەزھەپتە بولسۇن ـ بولمىسۇن، ئۆز ئەھۋالىمىزغا بېقىپ ئۇلاردىن ياردەم سورىشىمىز كېرەك. چۈنكى قوغدىنىشتا ئىشلەتكىلى بولىدىغان قورال ①ھەرگىز بىز بىلەن ئوخشاش ياكى ئوخشاشمىغان مەزھەپتىكى كىشىلەرنىڭ قوغدىنىشىنىڭ خاتاسىز ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلمايدۇ. مەن بۇ يەردە ئىشلىتىۋاتقان ئوخشاشمىغان مەزھەپتىكى دېگەن بۇ سۆز، ئىسلام مەيدانىغا كېلىشتىن بۇرۇن بۇ نەرسىلەرنى تەتقىق قىلغان قەدىمكى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 3. كلاسسىكلار ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقات

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ناۋادا قەدىمكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىكى مەنە ۋە مەقسەت شەرىئەتتە ئىلھاملاندۇرىدىغان ئىشلار بولسا، ئۇنداقتا قەدىمكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىش شەرىئەتتىكى مەجبۇرىيەت بولىدۇ، كىمكى تەتقىق قىلالىغۇچىنى تەتقىقاتتىن چەكلىسە، ئۇنداقتا ئۇ كىشىلەرنى شەرىئەت قۇۋۋەتلەيدىغان ئاللا رىزالىقىدىكى يولدىن سىرتتا قالدۇرغان بولىدۇ، ئۇ ئاللانى ھەقىقىي يوسۇندا تونۇشقا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. ئەگەر ناۋادا بىرسى ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق قىلسا، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم نادانلىقتا ئۇچىغا چىقىدۇ، بۈيۈك ئاللا بىلەن قارشىلىشىدۇ.

① بۇ يەردە دېيىلگەن قورال مەنتىقىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا بىر ئىنىقلىما بېرىلىپ باققان، يەنى شەرىئەتنىڭ قورالى ئۆزىنى قوغدىيالايدۇ، خاتالىق سادىر بولۇشتىن ساقلايدۇ.



كلاسسىكلار ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، تۇغما تالانتىنىڭ يېتىشسىزلىكى، ياكى تەتقىقاتتىكى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق بولماسلىقى، ياكى شەخسىي خاھىش ئەقىلنى چەتكە قاققانلىقى، ياكى ئەسەرلەرنى چۈشىنىشتە يېتەكچىلىك قىلغۇدەك بىر ئۇستازنىڭ چىقماسلىقى، ياكى بىر نەچچە تەرەپنىڭ تەڭ رول ئوينىشى ۋە باشقا سەۋەب تۈپەيلى ئازغۇنلۇقتا مېڭىپ قېلىشلار بىلەن تەتقىق قىلالىغۇچىلارنىڭ تەتقىقاتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. كىمكى چۈپرەندىلەرنىڭ كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەتقىق قىلغاندا خاتا ئۇقۇم ۋە چۈشەنچىلەردە چوقۇم ئەزۋەيلەپ كېتىدىغىنىنى تۇتۇۋېلىپ، كلاسسىك پەلسەپە ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتقا چەك قويسا، بۇ ئۇسسۇزلۇقتا ئاران قالغان ئادەمنى سوغۇق سۇنى دەرھال ئىچسەڭ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىسەن دەپ قورقۇتۇپ، سۇ ئىچكۈزمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويغانغا ئوخشاش بىر ئىش. سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈش رېئال تۇرمۇشتىكى تاسادىپىي ھادىسە، ئۇسسۇزلۇقتا ئۆلۈش ئېنىقكى مۇقەررەر ھادىسە.

## 4. ھەقىقەت ھەقىقەتنى چەتكە قاقمايدۇ

ناۋادا بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئېتىراپ قىلساق، ئۇنداقتا مۇسۇلمانلار شۇنداق ھېسابلايدۇكى، ئاللانىڭ شەرىئىتى ھەقىقەت. ئۇنداقتا ئېنىقكى، ئەقلىي دەلىلنىڭ ئىزتىراپى ھەرگىز شەرىئەتكە زىت نەتىجە ئېلىپ كەلمەيدۇ، چۈنكى پەلسەپە دىنىنىڭ دوستى، مەيلى دىن بولسۇن، پەن بولسۇن ھەممىسى ھەقىقەتنى سۆزلەيدۇ. ھەقىقەت ھەقىقەتنى چەتكە قاقمايدۇ، بەلكى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىگە تۈرتكە بولىدۇ①.

① ئىبنى رۇشد: «دىن بىلەن پەلسەپە ئارىسىدىكى بىرلىك توغرىسىدا».

## قوشۇمچە: ماتېرىيال مەنبەلىرى

غەززالى ئەسەرلىرى:

1. «مارجان ۋە ئۈنچە»
2. «پەيلاسوپلارنىڭ تۇغى»
3. «پەيلاسوپلارنىڭ زىددىيىتى»
4. «مەنتىقىي قاراشلار مۇنازىرىسى»
5. «مەنتىقىي ماھارەتنىڭ ئىلمىي ئۆلچىمى»
6. «تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات»
7. «دىنىي ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى»
8. «قۇددۇستىكى ئىلاھىي شوتا»
9. «ماقالاتى مائارىپ»
10. «ئاۋام فىقھىتىن ئېغىز ئاچمىسۇن»
11. «ئازغۇنلارنىڭ نىجات يۇلتۇزى»

ئەلى پەھلىۋى: «تەپەككۇر ئىنقىلابى ۋە ئىلىمنىڭ دەللىلىنىشى»

ئەھمەد شابەسى: «غەززالى ۋە ئىسلام سوپىزمى»

راجى مۇباقى: «غەززالىنىڭ نەزەرىيىۋى قاراشلىرى»

ئابدۇللا دايىم ئەبۇ ئەتا: «غەززالىنىڭ پەلسەپىۋى تەپەككۇرى»

كاردىف: «غەززالى»

رىفايى: «غەززالى ھەققىدە»

تاھا ئابدۇللا باقى: «غەززالى»

ئىبنى خەلدۇن: «تارىخقا مۇقەددىمە»

ئىبنى خەللىكان: «نامدارلار تەزكىرىسى»، «ئەبۇ فىدا تەزكىرىسى»



ئابدۇللا رادىف دۇباۋى: «ئەرەب ئىسلام سوپىزمى»

ھەددەلى: «ئىسلام دۆلەتلىرى تارىخى»، «ئىبنى ھەمىد تەزكىرىسى»

راجى مۇبارەك: «ئەدەبىيات ۋە ئېتىكىدىكى ئىسلام سوپىزمى»

ئابدۇللا كەرىم ئوسمان: «سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى ماقالىلەر توپلىمى»، «غەززالى تەزكىرىسى»

مۇستافا غالىب: «ئىسمائىلىيە ئىلاھىيەتچىلىرى»

ئۆمەر. د: «سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»

فۇئاد بىئال: «سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى پەلسەپىسى»

مۇھەممەد رىدا ھەبىبى: «بىزدىكى پەلسەپە مىراسلىرى»

مۇستافا ئابدۇللا رازاق: «ئىسلام پەلسەپە تارىخىغا مۇقەددىمە»

جەبىر ئابدۇللانۇر: «سادىق قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى»

ئەبۇ ھەييان تۇسىد: «بەھىر ۋە تەسەللى»

ئېرزىس لىينان: «ئىبنى رۇشد»

ئىبنى باجە: «تەۋھىدچىلەر ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش»، «روھ ھەققىدە»، «ھايات ۋە مامات»

ئۆمەر فەررۇخ: «ئەرەبلەرنىڭ پەن ۋە پەلسەپىدىكى تالانتى»

«ئىبنى باجە ۋە مەغرىب پەلسەپىسى»، «ئىسلام سوپىزمى»، «ئەرەب ئەدىبىيە تارىخى»

بوستانى: «ئېنسىكلوپېدىيە» (يېڭى نەشرى)

ھېنرى كولىن: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»

د. بور: «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»

جەفەر ئالىياسىن: «يۇنان پەيلاسوپلىرى»

كامال شىرىپ: «سوپىلار بىلەن شىئەلەر ئارىسىدىكى باغلىنىش»

ھىسام ئالۇش: «پەيلاسوپلار بىلەن فىقىھلەر ئارىسىدىكى دىئالوگ»

ئىرفان ئابدۇللا ھەمىد: «ئىسلام مەزھەپلىرى ۋە ئەقىدە ھەققىدە تەتقىقات»

مۇھەممەد تىجە ھاجىم: «ئومۇمىي قائىدە»

مۇھەممەد باجىر سەدرى: «بىزنىڭ پەلسەپىمىز»

جايىز: «ماقالىلەر توپلىمى»

ۋىل دولانت: «پەلسەپە ھېكايىلىرى»، «مەرىپەت پاكىتلىرى»

مۇكەللى: «ئىپار»

كامال يەزجى: «پەلسەپىۋى ئەسلى ئەسەرلەردىن ئارىيە»



**图书在版编目（CIP）数据**

阿拉伯哲学：从铿迭到伊本．鲁西德/（伊拉克）穆萨威著；张文建，王培文汉译；达吾提．吾不力卡斯木维译．—乌鲁木齐：新疆大学出版社，2001．6．

ISBN 7—5631—1406—8

Ⅰ．阿… Ⅱ．①穆… ②张… ③王… ④达… Ⅲ．阿拉伯哲学—研究—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ．B371

中国版本图书馆CIP数据核子（2001）第038671号

# 阿拉伯哲学

## —从铿迭到伊本．鲁西德

[伊拉克] 穆萨．穆萨威　著

达吾提．吾不力卡斯木　译

新疆大学出版社出版

（乌鲁木齐市胜利路14号 邮政编码：830046）

新华书店发行

新疆建工印刷厂印刷

850×1168毫米　1/32　9印张

2001年6月第1版　2001年6月第1次印刷

印数：0001 — 5000册

ISBN 7—5631—1406—8/G • 803

定价：13.50元

责任编辑： 阿不里米提．卡德尔
责任校对： 艾莱提．艾莎